توختى سابىر

# قەرئاشالمىغان يىللاردا



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

نەۋبەت

ISBN 978-7-105-08154-7

9 787105 081547 >

定价：10.00 元

توختى سابىر

# قىرئاشالمىغان يىللاردا

## پوۋېستلار

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

责任编辑：亚森·买买提
责任校对：木开日木

**图书在版编目(CIP)数据**

停滞不前的年代/维吾尔文/托乎提·沙比尔著.—北京：民族出版社，2007.3
ISBN 978-7-105-08154-7

Ⅰ.停... Ⅱ.托... Ⅲ.中篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第 025925 号

出版发行：民族出版社 http://www.e56.com.cn
社　　址：北京市和平里北街 14 号　邮编：100013
电　　话：010-64290862 (维文室)
印　　刷：新疆金光明经印务有限公司
版　　次：2007 年 3 月第 1 版　2007 年 3 月乌鲁木齐第 1 次印刷
开　　本：850×1168 毫米
印　　张：6.25
印　　数：0001-1500 册
定　　价：10.00
978-7-105-08154-7/I.1795(维 256)

مەسئۇل مۇھەررىر : ياسىن مۇھەممەت
مەسئۇل كوررېكتور : مۇكەررەم مۇھەممەت

توختى سابىر

# قىر ئاشالمىغان يىللاردا

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى : 100013، تېلېفون نومۇرى : 64290862 ـ 010
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : شىنجاڭ «ئالتۇن يارۇق» باسما ئىشلىرى چەكلىك شىركىتى
نەشرى : 2007 ـ يىل 3 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2007 ـ يىل 3 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە 1 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850×1168م م. 32كەسلەم
باسما تاۋىقى : 6.25
سانى : 0001 ـ 1500
باھاسى : 10.00 يۈەن
978-7-105-08154-7/I. 1795 (维 256)

# مۇندەرىجە

قىر ئاشالمىغان يىللاردا........................ 1
زۆھرەخاننىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسى............. 75

# قىر ئاشالمىغان يىللاردا

## 1

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، يەن جۇيجاڭ، ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟

يەن زېمىن يېنىدىلا ئاڭلانغان ئاۋازدىن چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. ئۇ نېمىلەرنىدۇر خىيال سۈرگىنىچە داستىكى ھۆل كىيىملەرنى ئارغامچىغا يېيىۋاتاتتى. يېنىغا بىر كىمنىڭ كەلگىنىنىمۇ سەزمىگەنىدى. ئۇ تېزلا ئارقىسىغا قارىدى ۋە قوشۇمىسىنى تۈرگەن ھالدا سورىدى:

— ھوي، ئوسماقمۇ سەن؟ يەنە نېمىدەپ كەلدىڭ؟

— سىزدىن بىر ئىشنى ئىمتىماس (ئىلتىماس — دېمەكچى) قىلىپ كېلىۋىدىم، ئۇنارسىزمىكىن؟

— ئېيتە قېنى؟

— مېنى سولاپ قويىسىڭىز!

— نېمە؟ يەنە نېمە گۇناھ قىلدىڭ؟

— گۇناھقۇ قىلمىدىم، گۆشكىغا كۆنەلمىدىم، ئۇ يەردىن بۇ يەر ياخشىكەن.

— تولا جۆيلىمە، سولاپ قوي دېسىلا سولاپ قويغىلى بولىدىغان داداڭنىڭ قازنىقى ئەمەس بۇ!

— مەن سىزدىن مىڭ مەرتەم ئۆتۈنۈپ قالاي، ماڭا يەنە بىر ياخشىلىق قىلىپ سولاپ قويىسىڭىز!

— ھوي ئوسماق، گۇناھسىز ئادەمنى سولاپ قويسام مەن گۇناھكار بولۇپ قالامدىمەن!

— ئۇنداقمۇ بولماس.
— نېمىشقا ئۇنداق بولمايدىكەن، كىمكى گۇناھسىز ئادەمنى سولاپ قويىدىكەن، شۇ كىشى گۇناھكار بولىدۇ. قانۇندا شۇنداق دېيىلگەن.
— مەن ھەپسىدە تولا يېتىپ كۆنۈپ قاپتىكەنمەن، گۇڭشېغا زادىلا كۆنەلمىدىم.
— مەن ساڭا ھەپسە دېمە دەپ نەچچە قېتىم ئېيتتىم!
يەن زېمىن ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىنى شۇ يەرنىڭ شېۋىسى بويىچە راۋان سۆزلىيەلەيتتى. چىراي-شەكلىمۇ ئۇيغۇرلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئۇچىنچى ئەۋلاد يەرلىك خەنزۇلاردىن بولۇپ، يېشى ئەللىككە يېقىنلاشقان، ئوتتۇرا بويلۇق كىشى ئىدى. ئۇ قولىدىكى ئاق كۆڭلەكنى ئارغامچىغا ئېسىپ قويغاندىن كېيىن ئوسماققا ئۇدۇل قاراپ تۇرۇپ سۆزلىدى:
— ھوي، سەن ئەمدى يۈرىكىڭنى قاپتەك قىلىپ گۇڭشېدىن تۇرمە ياخشىكەن دېگىلى تۇرۇپسىنا؟
— مەن ئۇنداق دېمىگەندىمەن؟
— باياتىن بىرى دېگەن گەپلىرىڭدىن شۇ مەنە چىقمامدۇ؟
— مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەستىم.
يەن زېمىن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:
— قىيىنچىلىقىڭ بولسا يەرلىك تەشكىلگە ئېيتقىن، ئۆيلىنىۋالساڭمۇ گۇڭشېغا ئوبدانلا كۆنۈپ قالاتتىڭ، — دېدى.
— ئۆزۈمنىڭ جېنىنى باقالمايۋاتسام، خوتۇن ئېلىشنى كىم قويۇپتۇ ماڭا، — دېدى ئوسماق ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشكە باھانە ئىزدەۋاتقاندەك يەن زېمىننىڭ كۆزىگە قارىۋېلىپ.
— ماڭ، كېتىپ قال، ئۇنداق قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ، — دېدى يەن زېمىن ئۇنىڭغا سەممىي نەسىھەت قىلىپ.

ئۇ ئاخىرقى كوزىرىنى چىقاردى : ــــ مەن بىر موزايلىق ئىنەك ئوغرىلىغانىدىم، ــــ دېدى گەجگىسىنى قاشلاپ.
ــــ يەنە ئوغرىلىق قىلدىڭما؟
ــــ هەئە.
ــــ قاچان؟
ــــ مۇشۇ قېتىم هەپسىدىن چىققاندىن كېيىن.
ــــ بۇ گەپنى بونداق ئاتىما دەپ تېخى هېلىلا دېمىدىمىمۇ.
ــــ ئاغزىم كۆنۈپ قاپتىكەن.
يەن زېمىنىنىڭ ئۇسماقنىڭ گېپىگە ئىشەنگۈسى كەلمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئوغرىلىق ۋەقەسى توغرىسىدا گەپ ـ سۆز ئاڭلىمىغانىدى. شۇڭا پەرۋاسىز هالدا هۆل كىيىملەرنىڭ سۈيىنى سىقىۋېتىپ ئارغامچىغا يېيىشقا باشلىدى.
ــــ سەن تۈرمىدىن چىققىلى قانچە ئۇزۇن بولدى؟
ــــ ئالتە ئاي ئون ئىككى كۈن بوپتۇ.
يەن زېمىن ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى ـ دە ــــ راستتىنلا يەنە ئوغرىلىق قىلدىڭما؟ ئەجىبا بىزگە مەلۇم قىلىنماپتىغۇ؟ ــــ دېدى.
ــــ دادۈيجاڭ مېنى تۇتۇۋالغانىدى. ئۆزۈمنىڭ موزايلىق ئىنىكىمنى تۆلەپ بەردىم.
ــــ ئۇنداق بولسا بوپتۇ. كەت ئەمدى.
ــــ يەنە گۇناھ قىلغان تۇرسام سولىمامسىز؟
ــــ سولىمايمەن.
ــــ نېمىشقا؟
ــــ دادۈي، گۇڭشې سېنىڭ ئۈستۈڭدىن ئەرز قىلمىدى. شۇڭا سولىمايمىز! مەن دېدىمغۇ، بۇ يەر سولاپ قويۇپ دېگەننى، خالىغانچە سولاپ قويغىلى بولىدىغان ئەترەتنىڭ ئامبىرى ئەمەس. مەنمۇ چىشىغا تەگكەن ئادەمنى سولاپ قويىدىغان سېنىڭ ئەترەت باشلىقىڭ ئەمەس. بۇ دېگەن ناهىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى. بىز

ئادەملەرنى سولاشتا دەلىل ـ ئىسپاتقا ئاساسەن سولايمىز! ماڭ ئەمدى كەت.

ــــ دادۇيجاڭ بىلەن ئەترەت باشلىقىنىڭ چىشىغا تەگكەن ئادەملەرنى سولاپ قويىدىغان خۇيىنى سىزمۇ بىلىدىكەنسىز ـ ھە؟ ــــ دېدى ئوسماق، يەنە گەپنى ئۇزارتىشقا ئۇرۇنۇپ.

ــــ ئوسماق، سەن مېنى كولدۇرلىتىمەن دېمە، ماڭ كەت ئەمدى، ــــ يەن زېمىن شۇنداق دەپلا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئوسماق سۇس كەيپىيات بىلەن، بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە ئاستا مېڭىپ ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ قورۇسىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ:

ــــ خەپ، بىر كۈن بولمىسا بىر كۈنى مېنى سولاشقا سىزنى مەجبۇر قىلمايدىغان بولسام، ــــ دېدى ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ.

ئۇ ناھىيە بازىرىنىڭ سىرتىغا چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ قەدىمى بارغانسېرى ئاستىلاپ، يول مېڭىش خۇشياقمىغاندەك بىردىنلا ئىزىدا توختاپ قالدى. بىر دەم يەرگە قاراپ خىيال سۈرگەندىن كېيىن شارتتىدە كەينىگە بۇرۇلۇپ، گۈس ـ گۈس قەدەم تاشلاپ ئۇدۇل ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئۇسۇپلا ماڭغىلى تۇرغاندا دەرۋازىدا قاراۋۇللۇقتا تۇرغان ساقچى:

ــــ ئوسماق، سەن ھېلىلا چىقىپ كەتكەن ئەمەسمىدىڭ؟ يەنە نېمىدەپ كەلدىڭ؟ ــــ دېدى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ.

ــــ ئۇكام، يەن جۈيجاڭغا دەيدىغان مۇھىم بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. شۇنى دەپ قويۇپلا يېنىپ چىقىمەن، ــــ دېدى ئۇ ساقچىغا قاراپ ھىجىيىپ. ساقچى ئۇنىڭغا يول بەردى.

ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى ئوسماقنى تونۇيتتى.

ئۇ ‹‹ئوچۇق ـ ئاشكارا›› ئوغرى بولۇپلا قالماي، ئوغرىلىق قىلىش جەريانىدىكى ھېكايىلىرىمۇ خېلى كۆپ بولغاچقا، ياش ساقچىلار پات ـ

پات ئۈنى گەپكە سالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ، ئۆزىنىڭ داڭلىق ئۇغرىلاردىن ئىكەنلىكىگە تەمەننا قىلغاندەك كىرىلىپ كېتىپ، يوق گەپلەرنىمۇ قوشۇپ، يىپىدىن ـ يىڭنىسىگىچە سۆزلەپ، ئۇلارنى كۈلدۈرۈشكە، هاڭ ـ تاڭ قالدۇرۇشقا ئۈرۈناتتى.

ئۇسماق ئۇدۇل مېڭىپ يەن زىمىن كىيىم يېيىپ قويغان يەرگە كەلدى. قورۇ ئىچى جىمجىت ئىدى، ئۇ ئەتراپىغا قاراپ قويغاندىن كېيىن ناهايىتى چاققانلىق بىلەن ئارغامچىغا يېيىلغان ساقچى كىيىمى، چاسىنچە كۆڭلەك، چاپان، ئىشتان، كالتە ئىشتانلارنى ئەر ـ ئاياللىنىڭ دىمەي بىر باشتىن سىيرىپ يىغىپ، قولىدىكى تۇتقۇچلىرى ئۈزۈلۈپ كەتكەن كونا سومكىغا پۇرلاپ تىقىپ ئارقىسىغا ياندى. دەرۋازىدىكى قاراۋۇلنىڭ ئالدىغا كەلگەندە:

—— يەن جۈيجاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ چىقتىم ئۇكام. خۇدايىم بۇيرۇسا پات يېقىندا يەنە مۇشۇ يەردە كۆرۈشۈپ قالارمىز. كۆرۈشكۈچە ئامان بولۇڭ، —— دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ئارقىسىدىن بىرەركىمنىڭ قوغلاپ كەلمىگەنلىكىگە ئۆزىچە هەيران بولۇپ، پات ـ پات كەينىگە قاراپ قويۇپ ئالدىرىماي ماڭدى. بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ناهىيە بازىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ قالدى. بۇ يەتتىنچى ئاي بولۇپ، تازا ئەۋجىگە چىققان ئىسسىق هاۋانىڭ تەپتىدىن دەرەخ يوپۇرماقلىرى سولىشىپ كەتكەنىدى.

ئۇ كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان بىرەر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمىگەندىن كېيىن، كىيىملەرنى سالغان هېلىقى كونا سومكىنى بېشىغا قويۇپ، بىر تۈپ قېرى سۆگەتنىڭ تۈۋىدىكى داق يەردە ئوڭدا يېتىپ ئۇزاققا قالمايلا ئۇخلاپ قالدى. بۇ ئۇنىڭ كۆنۈپ كەتكەن ئادىتى ئىدى. بىر چاغدا كىمدۇر بىرى ئۇنى تۈرتۈپ ئويغاتتى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپلا يەن زىمىننى كۆردى. يەن زىمىن ۋېلىسىپىتىنىڭ رولىنى تۇتقىنىچە ئۇنىڭغا هومىيىپ قاراپ تۇراتتى.

—— تۇرە ئورنۇڭدىن!

ئوسماق ھىجىيىپ ئورنىدىن تۇردى ــ دە:

ــ يەن جۇيجاڭ ئەمدىغۇ سولاپ قويۇشقا شەرتىم توشقاندۇ؟ ــ دېدى ۋە يەن زېمىننىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتمەيلا ناھىيە بازىرى تەرەپكە قاراپ قەدەم تاشلىدى.

ــ توختا، نەگە بارىسەن؟

ــ سولىمامسىز؟

ــ ئەكە كىيىملەرنى! ــ دېدى غەزەپلەنگەن يەن زېمىن ئوسماقنىڭ قولىدىكى سومكىنى قوپاللىق بىلەن سىلكىپ ئېلىۋېلىپ، ــ يوقال كۆزۈمدىن!

ــ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە ئوغرىلىقتا كىرگەن تۇرسام يەنە سولىمامسىز؟

ــ سولىمايمەن.

ــ سىزدەك جۇيجاڭنىڭ نەرسىلىرىنى ئوغرىلىغان تۇرسام.

ئوسماق ھازىر خۇددى ئۆز قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن باشلىقتا يېلىنىۋاتقان ھاجەتمەنگە ئوخشاپ قالغانىدى.

ــ سىزنىڭ ئاچچىقىڭىزنى كەلتۈرسەم سولاپ قويارمىكىن دەپ شۇنداق قىلغانىدىم. لېكىن سىز يەنە سولاپ قويغىلى ئۇنىمايۋاتىسىز، ــ دېدى ئۇ.

ــ ئايالىمنىڭ كىيىملىرىنى نېمىشقا ئالدىڭ؟ ئەگەر يالغۇز مېنىڭ كىيىملىرىمنى ئالغان بولساڭ قوغلاپمۇ كەلمەيتتىم. مۇشۇنداق پىژغىرىم ئىسسىقتا مېنى شۇنچە ئۇزۇن يول مېڭىشقا مەجبۇر قىلدىڭ. شۇنداق ئاچچىقىم كەلگەنىدى. لېكىن سەن ھازىر جىنايەتچى ئەمەس. ئۇزۇن يىللىق تونۇش، ياخشى ئۆزگەرگەنلىكىڭنىڭ يۈزىنى قىلدىم. بولمايدىغان بولسا... ماڭ، ئەمدى گۇڭشېغا كەت، مېنىڭمۇ ئىشلىرىم بار، ــ دېدى يەن زېمىن چىرايىدا ئۇنىڭغا ھەيۋىسىنى كۆرسەتكەندەك قىلىپ.

ــ يەن جۇيجاڭ، مېنىڭ گۇڭشېغا كەتكۈم يوق. سولاپ قويۇشقا

ئۆتمىسىڭىز قارا خىزمەتچى قىلىشىڭىز ئەمسە، قورسىقىمنى تويغۇزسىڭىزلا بولدى، — دېدى ئۇ بۇرۇلۇپ بولغان ۋېلسىپىتىنىڭ رولىغا ئېسىلىۋېلىپ.
— تۇۋا، ساراڭمۇ نېمە سەن؟ — يەن زېمىن ۋېلسىپىتىنى سۆگەتكە يۆلەپ قويۇپ كېسىۋېتىلگەن بىر تۈپ دەرەخنىڭ كۆتىكىدە ئولتۇرۇپ قول ياغلىقى بىلەن يۈزلىرىدىكى تەرلىرىنى سۈرتكەچ، — سەن ئازادلىقتىن كېيىن ئون يىل تۈرمىدە ياتتىڭ، گومىنداڭ دەۋرىدىمۇ سەككىز يىل تۈرمىدە يېتىپتىكەنسەن، ئۆمرۈڭنىڭ تەڭدىن تولىسى تۈرمىدە ئۆتكەن تۇرۇقلۇق يەنە تۈرمىگە قانمىدىڭمۇ؟
— خاتا بولىسىمۇ دەي، گۇڭشېدىن تۈرمە ياخشىمىكىن دەپ قالدىم.
— مەن سېنى ھېلىلا بۇنداق دېمە دېگەنىدىمغۇ! قانداقمۇ گۇڭشېدىن تۈرمە ياخشى بولىدۇ؟
— سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ شۇنداق دېگۈم كېلىپ قالدى.
— نېمىنى سېلىشتۇرۇپ كۆردۈڭ؟
— يېمەك - ئىچمەكنى، ياتىدىغان يەرنى، قىلغان ئەمگەكنى!
— يەنىچۇ؟
— بۇنى دېسەم بولامدۇ؟
— دەپ باقە قېنى، ئاڭلاپ باقاي.
— ئەترەت باشلىقى بىلەن گۇندىپاينى!
— نېمە، نېمە؟ — يەن زېمىننىڭ قوشۇمىسى چىڭ تۈرۈلۈپ جىنايەتچىلەرگە ھەيۋە كۆرسىتىۋاتقاندەك تۈسكە كەلدى، — ھەي ئۇسماق، سەن تولىمۇ ھەددىڭدىن ئاشقىلى تۇردۇڭغۇ!، گۇڭشې بىلەن تۈرمىنى، ئەترەت باشلىقى بىلەن گۇندىپاينى قانداقمۇ ئوخشاتقىلى بولسۇن! تۈرمە دېگەن جىنايەتچىلەرگە دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈپ، مەجبۇرىي ئۆزگەرتىدىغان ئورۇن، گۇڭشې بولسا خەلقنىڭ تىنچ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئائىلىسى، بۇلار تۈپتىن ئوخشىمايدىغان

ئىككى دۇنيا، ئىككى خىل ئادەملەر. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق گەپلەرنى قىلما. مەن تېخى سېنى ياخشى ئۆزگەردى دەپ ئويلاپتىكەنمەن. ئەمما سەن تېخى ياخشى ئۆزگەرمىگەندەك قىلىسەن؟...

بۈگۈن بۇ گەپلەرنى ئەيمەنمەستىن مېنىڭ ئالدىمدا دەۋاتىسەن، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق سېلىشتۇرساڭ خاتالىشىسەن! ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇقتۇم، سىزغۇ بۇنداق گەپلەرنى ياقتۇرمايسىز، بۇنى بىلىمەن، لېكىن بۇ گەپلەرنى سىزگە دېمەي، كىمگە دەيمەن؟ — دېدى ئوسماق مەيۈس ئاھاڭدا، — مەن تۈرمىدە ئۇزاق ياتتىم. ھەممە ئىسسىق-سوغۇقنى باشتىن كەچۈردۈم. مەن ئۇ يەرنىڭ تۈزۈمىگە قايىل، ئۇ يەردە قانۇنغا بويسۇنغانلارغا كەڭچىلىك قىلىش، ياخشى ئۆزگەرگەنلەرنى تەقدىرلەش، قانۇنغا بويسۇنمىغانلارغا دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈش، ئىنتىزامسىزلىق قىلغانلارنى تەنقىدلەش قاتارلىق قائىدىلەر بار ئىدى. شۇڭا مەن بېشىم چوڭايغانسېرى ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرۈمگە ئېچىنىپ، ياخشى ئۆزگىرىشكە بەل باغلىغان، سىلەرمۇ بۇنى ھېس قىلغان ئوخشايسىلەر، شۇڭا، ماڭا ئىشىنىپ بازاردىن ئوتۇن، كۆمۈر، كۆكتات دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتىڭلار، دەسلەپتە بىر ئەسكەر قوشتۇڭلار، كېيىنچە ئەسكەرمۇ قوشماي يالغۇز ئەۋەتىدىغان بولدۇڭلار. شۇ ۋاقىتتا مەن ئەركىنلىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆڭلۈمدە چوڭقۇر ھېس قىلدىم. جېنىم چىقىپ كەتسىمۇ كېچە-كۈندۈز تىرىشىپ ئىشلەپ، تەشكىلنىڭ كەڭچىلىك قىلىشىغا ئېرىشەي دەپ نىيەت باغلىدىم، ئاخىر ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئېشىپ مۇشۇ كۈنگە ئېرىشتىم.

ئوسماق كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلىۋېتەي دەپلا قالغانىدى.

— سەن ئاسانلىقچە يىغلىمايتتىڭ، ئەجەب ئەمدى يىغلاڭغۇ بولۇپ قاپسەنغۇ؟ — دېدى يەن زېمىن.

— گۇڭشېدا مەن ئارزۇ قىلغان ئەركىنلىككە ئېرىشەلمىدىم،

شۇنىڭغا بەك ئېچىنىۋاتىمەن. بۇلارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، تۇرمىنى ياخشىراقمىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم، — دېدى ئۇسماق يەن زېمىنگە قاراپ، — نېمىشقا دېسىڭىز ئۇ يەردە قانداقلا بولمىسۇن ئۈچ ۋاق تاماق تەييار، ياتقىلى ئۆي بار ئىدى، ئەمگەكنىمۇ قەرەللىك قىلاتتۇق، ئۇرمايتتىڭلار، تىللىمايتتىڭلار، لېكىن گۇڭشېدىكىلەر ماڭا زادىلا كۆڭۈل بەرمىدى، مەن پەقەت چىدىيالمىدىم.

— سەن تۇرمىدىكى ۋاقتىڭدا ئەتىدىن كەچكىچە يېتىپ ئۇخلاپ ھۇرۇن بولۇپ قالغان، — دېدى يەن زېمىن چاقچاق قىلىپ، — ئەمدى گۇڭشېنىڭ ئەمگىكىگە چىدىمايۋېتىپسەن _ دە.

— يوقسۇ، يەن جۈيجاڭ، ئەمگەك قىلىش بىلەن ئىش تۈگەيدىغان بولسا جېنىم چىقىپ كەتسىمۇ غىڭ قىلماي ئىشلەيتتىم.

— ئەمىسە نېمە بولدى ساڭا؟ — سىياسەتنىڭ توغرا ئىجرا قىلىنغان - قىلىنمىغانلىقىنى ئۇسماقتەك ئېگى تۆۋەن ئادەملەرنىڭمۇ ئاخىر بىر كۈنى چۈشىنىدىغانلىقىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى يەن زېمىن.

— بۇنداق گەپلەرنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى مەنمۇ بىلىمەن، دېمەي دېسەم ئىچىمگە پاتمايۋاتىدۇ، مەن تۇرمىدىن چىققاندىن كېيىن ماڭا بىر كۈنمۇ خاتىرجەملىك بولمىدى، — دېدى ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — قىسقىسى، ئۇ يەردىكى كادىرلار بەك ئەسكى ئىكەن، يا سىياسەتنى توغرا ئىجرا قىلمىسا، يا ھەق - ناھەقنى ئايرىمىسا، ئاددىيسى، ئادەمنىڭ گېپىگىمۇ ئىشەنمىسە... مەن يېزامغا قايتىپ بارغان كۈندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۇلار ھېچكىمنى مەن بىلەن يېقىنلىششقا يول قويمىدى، ھەتتا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمۇ يېقىن كەلتۈرمىدى، ئوغرىلىقچە كۆرۈشۈپ يۈردۇق. تۇرمىدە ياتقانلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى تۇرمىگە بارسا كۆرۈشتۈرەتتى، لېكىن بۇ يەردە ئۇرۇق - تۇغقانلار بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشۈش مۇمكىن ئەمەس. ئەمگەك قىلغاندىمۇ مېنى ئەزالارغا ئارىلاشتۇرمىدى. قەيەردە ئېغىر ئىش بولسا شۇ يەرگە مېنى ئەۋەتتى. ئەزالار: «بۇ ئەمدى جىنايەتچى ئەمەس،

ئۇنداق مۇئامىلە قىلساڭلار توغرا بولماس!» دېيىشىسىمۇ بۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى. بەزى كادىرلار تېخى: «ئۇ جىنايەتچى بولماي نېمىكەن؟ ئۇ تېخى تولۇق ئۆزگىرىپ بولغىنى يوق» دەپ، ئەل قاتارى ئىشلىگەندىن تاشقىرى، قەيەردە ئېغىر ئىش بولسا، كېچىنى كېچە دېمەي مېنى ئەۋەتتى. ئۇنىڭغا نومۇرمۇ بەرمىدى. بەزى كادىرلارنىڭ سەللا ئاچچىقى كېلىپ قالسا تېخى تۆت خىل ئۇنسۇرلارغىمۇ قوشۇپ قويىدى. ئاشۇ سەۋەبلەردىن، مەن گۇڭشېغا قايتقاندىن بېرى بىرەر كىشى بىلەن تۆت ئېغىز پاراڭلىشىپ باققىنىم يوق، ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ كۈلۈپ باققىنىممۇ يوق، دائىم دادۇيجاڭ، شياۋدۇيجاڭلارنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ، بېشىمنى ئېگىپ خوش، خوش دەپ تۇرىمەن. ئۇلار ھەدېسىلا ماڭا تەنبىھ بېرىدۇ، خالىغانچە ۋارقىرايدۇ، بەزىدە ئۇرىدۇ. دادۇي، شياۋدۇيدە نېمە يېتىپ كەتسە ئوسماق ئالغان، دېگەن گۇمان بىلەن ئۆيۈمنى ئاختۇرۇپ قولىغا نېمە چىقسا شۇنى ئېلىپ كېتىشىدۇ. مېنىڭ ئۆيۈمدىغۇ قولغا چىققۇدەك تۈزۈكرەك بىر نەرسىمۇ يوق، شۇنداقتىمۇ ئۆي بولغاندىن كېيىن كونا بولسىمۇ ئاز ـ تولا بىر نەرسىلەر بولىدىغۇ؟ — ئۇ جىمىپ كەتتى. ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، ھاياجىنىنى باسالمىغان ھالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مېنىڭ ھەپىسىدىن، ياق تۈرمىدىن چىققىنىمغا ئىككى ھەپتىچە بولغاندا بىرسىنىڭ پۇلى يېتىپ كېتىپتۇ. دادۇيجاڭ، بوغالتىر دېگەنلەر ئاخشىمى ئۆيۈمگە تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كىرىپ ئاختۇرۇپ ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىۋەتتى. تۈرمىدىن چىقىش ۋاقتىدا سىز تۇرمۇشۇڭنى ئورۇنلاشتۇرۇۋال دەپ خەلق ئىشلار ئىدارىسىدىن ئېلىپ بەرگەن سەكسەن يۈەن پۇلنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

— يۈز يۈەن ئىدىغۇ؟ ساڭا سەكسەن يۈەن بەردىما؟

— ھەئە. سەكسەن يۈەن بەردى. يەن جۈيجاڭ يۈز يۈەن بېرىدۇ دېگەندى دېسەم، بىز مۇزاكىرە قىلىپ سەكسەن يۈەن بېرىشنى توغرا تاپتۇق دېدى. مەنمۇ گەپ قىلماي ئېلىپ چىقىپ كېتىۋەرگەندىم.

— بوپتۇ، يۈز يۈەن بىرىش بىزنىڭ تەكلىپ پىكرىمىز، قانچىلىك بىرىش ئۆلارنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش، قىنى، سۆزلەۋەر، — دېدى يەن زىمىن.

— مەن بۇ پۇلنى تۆرمىدىن چىقىدىغان ۋاقتىمدا يەن جۈيجاڭ تۇرمۇشۇمنى ئورۇنلاشتۇرۇۋېلىشىم ئۈچۈن ناھىيىلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسىدىن ئېلىپ بەرگەن دېسەممۇ گېپىمگە قۇلاق سالماي سەن كېلىشتىن بۇرۇن بۇ يەرە پۇل يىتمەيتتى. نېمە ئۈچۈن سەن كېلىشكگە پۇل يىتىپ كېتىدۇ؟ بۇ يىتكەن پۇل جەمئىي يۈز يۈەن ئىدى. قالغان يىگىرمە يۈەننى نېمە قىلدىڭ؟ دەپ مېنى قىستاپ سوراققا تارتتى. گەپ ياندۇرسام بىر قانچىنى تەپتى. تۇغقانلار بەرگەن كىگىز، قازان، ئۇن قاتارلىق نەرسىلىرىمنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. يەنە تېخى بىر ئاينىڭ ئالدىدا دادۇيدە يوقىلىپ كەتكەن بىر موزايلىق ئىنەكنىمۇ مەندىن كۆردى.

— توختا، ئوسماق! بايا سەن، مەن بىر موزايلىق ئىنەك ئوغرىلىغان دېمىگەنمىدىڭ؟

— شۇنداق دېمەي نېمە دەيمەن. شۇنداق دېسەم سولاپ قويارمىكىن، دېگەن مەقسەت بىلەن دېگەنىدىم. ئادەم ناھەقچىلىككە ئۇچراپ جىنىدىن تويغاندا ھەر نېمە دەيدىكەن.

— موزايلىق ئىنەكنى سەن ئوغرىلىمىغانما؟

— يەن جۈيجاڭ، سىز مېنىڭ پۈتۈن ھاياتىمدىكى ھەممە ئىشلارنى بىلىسىز! مەن ئوسماق ئۇنداق پارچە-پۇرات نەرسىلەرنى ئوغرىلايدىغان ئوغرى ئەمەس، ئانچىكىم بىر نەرسىلەر ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ نامىنى بۇلغىمايمەن. چوڭ گەپ ئەمەس، مەن گومىنداڭ ۋاقتىدىمۇ ئۇنداق ئۇششاق — چۈششەك نەرسىلەرگە كۆز قىرىمنى سالغان ئەمەس.

— بولدى، تولا ماختانما! — دېدى يەن زىمىن، — مەيلى چوڭنى ئوغرىلا ياكى كىچىكنى ھەممىسى ئوخشاشلا ئوغرىلىق.

— ئۇ دېگىنىڭىزغۇ راست! لېكىن ھازىر گۇڭشېدا ئوغرىلىغۇدەك نېمە بار دەيسىز، ناھايىتى شۇ بىر قانچە تال كۆكباش، بىر قانچە جىلىك بۇغداي-قوناق دېگەندەك نەرسىلەر بار. مېۋە-چېۋە دېگەنلەرغۇ، ھەممە ئادەمنىڭ بېغىدا بار نەرسە، ھازىر خەقنىڭ تېمىنى تېشىشكىمۇ ئەرزىمەيدۇ، ھېچكىمنىڭ ئۆيىدە قولغا چىققۇدەك بىر نەرسە يوق، بايمۇ، كەمبەغەلمۇ ئوخشاش بولۇپ قالغان تۇرسا!

— بولدى، خېمىڭغا يانما، ئوڭ-تەتۈر سۆزلەپ، سەن باياتىن موزايلىق ئىنىكىمنى تۆلەپ بەردىم، دېدىڭ. سېنىڭ ئۇ موزايلىق ئىنىكىڭنىڭ نەدىن كېلىپ قالغانلىقىنى ماڭا دەپ بەرگىنە.

— قاراڭ يەن جۈيجاڭ، مەن تۈرمىدىن چىققاندا سىز ئېلىپ بەرگەن سەكسەن يۈەن پۇلدىن باشقا ھېچنېمەم يوق ئىدى. مېنىڭ ئاز-تولا قول ئىلكىدە بار بىر نەۋرە ئىنىم بىر موزايلىق ئىنەكنى يېتىلەپ كېلىپ: «ئاكا، ئەمدى سەن بۇ يولدا ماڭما، ياخشى ئادەم بول، خەقنىڭ نەرسىلىرىگە كۆز قىرىڭنى سالما. ماۋۇ موزايلىق ئىنەكنى بېقىۋال» دەپ ھويلامغا باغلاپ بېرىپ كەتكەنىدى. دادۈينىڭ موزايلىق ئىنىكى يىتكەن چاغدا دادۈيجاڭ ئادەم باشلاپ كېلىپ مېنى ئۇرۇپ قىيىن-قىستاققا ئالدى. مەن ئۇلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ ئىنىكىمنى تۆلەپ بەردىم. چوڭ گەپ ئەمەس، ئەسلىدە بىر موزايلىق ئىنەك مەن ئۈچۈن تايىنلىق بىر نەرسە ئىدى، ئالساڭ ئال، ساڭا سەدىقە بولسۇن دەپ بېرىۋېتەتتىم، ھەرگىز ئېغىز ئېچىپ ئولتۇرمايتتىم، لېكىن ناھەقچىلىك بولغانلىقى ئۈچۈنلا سىزگە دادلاۋاتىمەن، — دېدى ئۇ يېنىكلەپ قالغاندەك چوڭقۇر تىنىپ.

يەن زىمىن بىر دەم خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى، ئاندىن ئوسماقنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ:

— سەن تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن راستتىنلا بىر نەرسە ئوغرىلىمىدىڭمۇ؟ راست گەپ قىل ئوسماق، — دېدى.

— سىزگە، مىڭ قېتىم قەسەم قىلىپ بېرىمەنكى، ھەپسىدىن

چىققانىدىن كېيىن ئىللا ـ بىللا بىرەر يىگىنچىلىك نەرسىنىمۇ ئوغرىلىمىدىم. ھەتتا ئۆرۈك، شاپتۇل، توغاچ، ئالما دېگەنلەرگىمۇ قاراپ قويسام قويغاندىمەن، لېكىن ئىگىسى يوقكەن، بىر قانچىنى يېۋالاي، دەپ ئويلاپ باقمىدىم. ئەزالار، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بەرسە يېدىم، بولمىسا يېمىدىم.

— راست ئالمىغان بولساڭ ئۇلارغا چۈشەندۈرسەڭ بولمامتى؟

— بۇگۈنكى كۈندە كىم مېنىڭ گېپىمگە ئىشىنىدۇ دەيسىز، مەن بىر ياغلىق قاپاق تۇرسام، بولمىسا خېلى زۇكۇنلاشقۇم بار ئىدى، تۈرمىدە خېلى بىر نەرسىلەرنى بىلىپ قالغانىدۇق، بۇ يەردىكى كادىرلار قانىۇن دېگەننىمۇ ئانچە بىلمەيدىكەن. ئۇلارغا بىر نەرسىنى چۈشەندۈرمەكمۇ بەك قىيىن ئىكەن، — دېدى ئۇسماق ئۇھ تارتىپ.

— سېنىڭچە يۈز يۈەن پۇل بىلەن موزايلىق ئىنەكنى كىم ئالغاندۇ؟ — سورىدى يەن زېمىن ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ.

— پۇلنى كىمنىڭ ئالغانلىقىنى بىلمەيمەن، لېكىن موزايلىق ئىنەكنى دادۇيجاڭ ئۆزى يەپ كېتىپ، مەن ياغلىق قاپاققا ئارتىپ قويدىمىكىن دەيمەن!

— مەن ساڭا ئىشەنسەم بولامدۇ؟

— ماڭا ئىشىنىڭ، پو گەپ ئەمەس، پۈتۈن ئوغرىلىق تارىخىمدا، راست ئوغرىلىغان بولسام، تۇتۇلۇپ قالغان ھامان ئىقرار قىلدىم. ئوغرىلىغان نەرسىلەرنى ئالدىڭغا تاشلاپ قويۇۋاتسا غىدىڭ ـ پىدىڭ قىلغاننىڭ نېمە پايدىسى، — ئۇ ئۆزىنىڭ مەرد ئوغرى ئىكەنلىكىنى كۆز ـ كۆز قىلىۋاتاتتى. يەن زېمىن ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ مىيىقىدا سۈس كۈلۈپ قويدى.

— يەن جۇيجاڭ سىز سىياسەتنى بەك ئۇچلايسىز، شۇڭا مەن سىزگە تاغدەك ئىشىنىمەن ھەم چوقۇنىمەن، سىزنىڭ يۈزىڭىزنى يەرگە قارىتىدىغان ئىشلارنى قىلمايمەن جۇمۇ!

— بولدى، مىنى ماختاپ ئۇچۇرما. ئۇنىڭدىن ساڭا پايدا يوق.

— مەن سىزنى ئۇچۇرۇپ پايدا ئالىمەن دەۋاتقىنىم يوق. گېپىم خاتا بولسىمۇ دەي. ئون يىل سىزنىڭ باشقۇرۇشىڭىزدا بولۇپ سىز بىلەن ئاكا ـ ئۇكىدەك بولۇپ قاپتىكەنمەن. بۇنداق دېسەم سەن جىنايەتچى تۇرساڭ، كىم سېنىڭ ئۇكاڭ بولىدىكەن، دەپ قالماڭ. بۈگۈن مىنى سولاپ قويۇڭ دەپ كېلىپ بىر مۇنچە ئاۋارە قىلىشىمىمۇ راستىنلا سولاقتا يېتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى دەردىمنى تۆكۈش ئۈچۈن ئىدى. بولۇپمۇ كالا يىتىش ۋەقەسىدىن كېيىن ھەتتا ئۇرۇق ـ تۇغقانلارمۇ ماڭا تەتۈر قارايدىغان بولۇپ قالدى. راست گەپنى ئېيتسام مىنى ھېچكىم تونۇمايدىغان جايغا يۆتكەپ قويسىڭىزغۇ بەك ياخشى بولاتتى. ئاخىرقى ئۆمرۈمنى خاتىرجەم ئۆتكۈزسەم.

— ئوسماقنىڭ كىيىملىرى يىرتىق، مەينەت ئىدى. يەن زىممىنىڭ ئۈچىسىدا يېپىپېڭى ھەربىيچە كىيىم بار ئىدى. ئىككىيلەن يول بويىدا بىر ـ بىرىگە ئۇدۇل قارىشىپ ئولتۇراتتى. ئوسماق خۇددى يېقىن تۇغقانلار بىر ـ بىرىگە كۆڭلىدىكى سۆزلىرىنى ئىزھار قىلغاندەك كۆلۈمسىرەپ ئۆز ھالىنى ئېيتىۋاتاتتى، يەن زىمىن ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغان ۋە كۆيۈنگەن ھالەتتە ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلاۋاتاتتى. يولدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر ئۇلارغا تەئەججۈپلەنگەن نەزەر بىلەن قارىشاتتى.

چۈشەنگەن ئادەمگە ئېنىقكى، ئوسماق ھازىر جىنايەتچى ئەمەس، بەلكى گۇگشي ئەزاسى، ئۇ يېڭىدىن جىنايەت ئۆتكۈزمىگەن ئىكەن، ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا باشقىچە مۇئامىلىدە بولماسلىقى كېرەك ئىدى. لېكىن رېئال تۇرمۇش ئۇنىڭ ئەكسىچە بولدى، ئۇنى ئاغزىغا كەلگەننى دېگۈزدى، بىز شۇ دەۋرلەردە كېلىپ چىققان ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشلارنى ئەسلەيدىغان بولساق، ئۇنىڭ بىر قاتار ”خاتا“ سۆزلىرىگە ئەجەبلىنىپ كەتمەيمىز.

— بولدى، ئوسماق، مەن ساڭا ئىشەندىم، — دېدى يەن زىمىن

ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالدى. ئەمدى سەن قايتىپ كەت، مەن سىېنىڭ ئىشىڭنى چوقۇم ئېنىقلاپ بىر ياقلىق قىلىمەن.

ئۇ ۋېلىسىپىتىنى يېتىلەپ يولغا چىقتى. ئوسماق دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— يەن جۇيجاڭ، مىنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىمنى ۋە سىزگە دېگەنلىرىمنى دادۇي بىلەن ئەترەتتىكىلەر ئۇقمىسۇن، بولمىسا ‹‹بىگىم كەلگۇچە بىلىك سۇنۇپتۇ›› دېگەندەك ئىش بولۇپ قالىدۇ، مەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، — دېدى.

— خاتىرجەم بول، بۇ يەرگە كەلگەنلىكىڭنى ھېچكىمگە ئېيتمايمەن. بۇنچىلىك ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلگۈچىلىكىم بار، — دېدى.

— يەن زېمىن ۋېلىسىپىتىگە مىنىپ كېتىپ قالدى. ئوسماق بىر ھازاغىچە ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئۆز يېزىسى تەرەپكە ماڭغانلارغا قوشۇلۇپ كېتىپ قالدى.

## 2

ئوسماق ئاتمىش ياشلارغا بېرىپ قالغان بولسىمۇ ئەللىك ياشلىق ئادەمدەك كۆرۈنەتتى. بويى ئېگىز، بېشى يوغان، يۈزى كەڭ ئىدى. چېقىرراق كەلگەن كۆزى ناھايىتى سۈرلۈك ۋە قورقۇنچلۇق ئىدى. تىكىلىپ قارىسا كىشىنىڭ تېنى جۇغۇلداپ كېتەتتى. ئۇ مەيلى نېمىگىلا قارىسۇن، ئۇنىڭ كۆز نۇرى شۇ نەرسىنى تېشىپ ئۆتۈپ كېتىدىغاندەك بىلىنەتتى. ئۇ ئېگىز ھەم يوغان ئادەم بولغانلىقتىن مۈرىسى كەڭ، قول بارماقلىرى ئۇزۇن ھەم توم بولۇپ، بىر مۇشتى باشقا ئادەملەرنىڭ قوش مۇشتىدەك كۆرۈنەتتى. مۇسكۇللىرى چىڭ، تېنى ساغلام، رەڭگى قارا ئىدى. تەرلىگەن چاغدا يۈزى خورۇمدەك پارقىراپ

كېتەتتى، ئاسانلىقچە كۆلمەيتتى.

ئۇنىڭ شۇنچە يىللار تۇرمىدە يېتىپ، مەجبۇرىي ئەمگەككە قاتنىشىپ، ناچار يەپ ـ ئىچىپ تۇرۇپمۇ بونداق تۇرالىشى ھەقىقەتەن كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. ئۇنىڭ كىشىلەرگە دەپ بېرىشىچە، ئۇنىڭ خېلى ئۇزۇن مۇددەت ئوغرىلىق قىلىپ يۈرۈپ، ئۇيقۇسىز، ئاچ ـ توق قالغان چاغلىرى بولغانىكەن، ھېرىپ ـ چارچاپ ھالىدىن كەتكىلى تۇرۇپتىكەن. تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىن، ئوبدان ئارام ئېلىپ، نەچچە ۋاقىتتىن بۇيانقى ھاردۇقنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن بىغەملىشىۋالغانىكەن.

ئوسماق ھاۋا شۇنداق ئىسسىق كۆنلەردىمۇ كۆڭلەكنىڭ ئۈستىگە جىلىتكە كىيىپ سۆگەتنىڭ تېلى بىلەن بېلىنى باغلىۋالاتتى. ئۇنىڭ جىلىتكىسى ياماق ئۈستىگە ياماق سېلىنىۋېرىپ ئەسلىي رەڭگىنى بىلگىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. ئەمگەك ئارىلىقلىرىدىكى دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا كىشىلەر ئۇنىڭ بېشىدىكى شاپاق دوپپا ياكى مۇغەمبەر تۇمىقىنى ئالدۇرغاندىن كېيىن گەپكە سېلىپ:

— ئوسماق بېشىڭدىكى بۇ ئاختامىلىقتەك بولۇپ كەتكەن، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل تاتۇقلار قانداق پەيدا بولغان؟ — دەيتتى.

— ھەي، ئاغىنىلەر، بۇ تاتۇقلارنىڭ ھەر بىرى بىر ۋەقەنىڭ گۇۋاھچىسى دەڭلار! ماۋۇ توقماق تېگىپ يېرىلغان جاي، بۇ پىچاق تىلغان يەر، ماۋۇ ئورغاقتا چانالغان يەر، بۇ يەرنى گومىنداڭ ئەسكىرى مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن ئۇرۇپ يېرىۋەتكەن، چوقامدىكىسى مۇزنى ئۇسۇپ چاققاندا قېپقالغان تاتۇق، ئۇ يەر ھەممىدىن چوڭ، زادىلا تۈك چىقمىدى، — دەيتتى ئۇ، ئۆز تارىخىغا تەمەننا قىلغاندەك ئولتۇرغانلارغا مەغرۇر قاراپ قويۇپ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا بولۇپ بېرەتتى ـ دە، — شۇنچە تاياق يەپ يۈرۈپ ئوغرىلىق قىلغۇچە، باشقا ئىش قىلساڭ بولمامدۇ؟ — دېيىشەتتى.

— بىلىشىپ قوي! مەن توغما ئوغرى، — دېدى ئوسماق، — لېكىن مەيلى گومىنداڭ ۋاقتىدا بولسۇن ياكى يېڭى ھۆكۈمەت كەلگەندىن كېيىن بولسۇن كەمبەغەلنىڭ نەرسىسىنى ئوغرىلىغان بەندە ئەمەس. كەمبەغەلدە ئوغرىلىغۇدەك نېمە بار دەيسىلەر، ئوغرىلىماقچى بولساڭ بايىنىڭكىنى ئوغرىلا، بىر ھېسابتا ئۇلارمۇ ئوغرى. ئۇلار كەمبەغەللەرنى قاقتى-سوقتى قىلىپ بېيىغان، — دەيتتى.

— پۇرسەت تاپساڭ ھازىرمۇ ئوغرىلىق قىلىسەنغۇ دەيمەن، — دەيتتى ياشلار ئۇنىڭ ئاغزىنى تاتىلاپ.

— ئەمدى ئوغرىلىغۇدەك نەرسە ھېچ يەردە قالمىدى. كوللېكتىپتىمۇ، شەخسىيدىمۇ ئوغرىلىغۇدەك بىر نېمە يوق. ھازىر كەمبەغەلمۇ كەمبەغەل، بايمۇ كەمبەغەل بولۇپ كەتتى دېگىنە — دەيتتى ئۇ بېشىنى چايقاپ.

— ئەگەر ئوغرىلىغۇدەك نەرسىلەر بولسىچۇ، يەنە ئوغرىلامتىڭ؟ — سورايتتى ئۇلار ئۇنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ.

— ياق ئەمدى قېرىپ قالدىم، قاچالمايمەن. نومۇس قىلمىسامۇ بولمايدۇ. مەن سىلەرگە شۇنى دەپ قويايكى، ئوغرىلىق قىلىش ئۈچۈن بىرلەمچىدىن كۆزۈڭ ئۆتكۈر بولۇشى كېرەك، ئىككىلەمچىدىن پۇتۇڭ چاققان بولۇشى كېرەك، ئۈچلەمچىدىن قورقماس يۈرەك بولۇشۇڭ كېرەك. بولمايدىغان بولسا ئاسانلا تۇتۇلۇپ قالىسەن. ھازىر مەندە بۇ شەرتلەرنىڭ بىرسىمۇ قالمىدى، — دەيتتى ئۇ تولا ئېيتىپ يادا بولۇپ كەتكەن ئوغرىلىق ھېكايىلىرىنى تېخىمۇ سۈرلۈكلەشتۈرۈپ.

ئوسماق تۈرمىدىن چىقىپ بىر قانچە ئايدىن كېيىن ئورما باشلاندى. ئەترەت كادىرلىرىنىڭ قەستەن ئۇنىڭغا كۆپ بۆلۈپ بەرگەن ۋەزىپىسىنى ۋايجان دېمەي جان تىكىپ ئورۇندىدى. ئەترەت كادىرلىرى ئۇنى بىكار قويماسلىق ئۈچۈن، ئۆز ئارا خېلى دەتالاشتىن كېيىن، ئاخشىمى خامان ساقلىماسلىق شەرتى بىلەن، كەمبەغەل دېھقان چاۋار سەمەت بىلەن خامان تېپىشكە بەلگىلىدى. ئۇلار

ئۈنچىلەرنى قۇرۇتۇپ، بىر قاتار تەييارلىق ئىشىدىن كېيىن كۆن خىلى ئۆرلىگەندە كالا، ئېشەكلەرنى خامانغا قوشۇپ نۆۋەتلىشىپ ھەيدەيتتى. بىرى خامان ھەيدىسە يەنە بىرى شاخ ـ شۇمبىلاردىن ياسالغان ساتمىغا كىرىپ ئارام ئالاتتى.

ئوسماق ئۇلاغلارنىڭ ئاستىغا ئۈنچە تاشلاپ بولۇپ ساتمىغا كىردى. ھېجىرغا سوغۇق سۇ قۇيۇپ زاغرىنى چىلاپ يېگىلى تۇردى.

ــــ ھەي ئوسماق، ئىككىمىز يالغۇز قاپتىمىز، ھېلىقى 1948 ـ يىلى تۈرمىدىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن قوناقلىقتا يوشۇرۇنۇۋالغان ھېكايەڭنى بىر ئېيتىپ بەرمەمسەن؟ ــــ دېدى چاۋار سەمەت بىر قولىدا قۇلىقىنى ئېتىۋېلىپ، كەينى ـ كەينىدىن ئېيتقان لاي ـ لىيى تۆگەپ جىمجىتلىق باشلانغاندىن كېيىن. بۇ چاغدا باشقا ئەزالار چۈشلۈك تاماق يېيىش ئۈچۈن ئۆيلىرىگە كېتىشكەنىدى.

ــــ قويە ئۇ گېپىڭنى! ئۇ ھېكايىنى تولا ئېيتىپ ئاغزىم ئۇپراپ كېتەي دەپ قالدى، ــــ دېدى ئوسماق نان چايناۋېتىپ.

ــــ مەن باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغانىدىم . ئېيتە ئۆز ئاغزىڭدىن بىر ئاڭلاپ قالاي.

ــــ قويە! ئەمدى ئۇنداق ئىشلارنى دەپ يۈرۈشكە نومۇس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم.

ــــ يالغان! ھازىر ئوغرىلىغۇدەك بىر نەرسە قالمىدى، بولسا يەنە ئوغرىلىق قىلاتتىم دەپسەنغۇ؟

ئوسماقنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك چەكچىيىپ كەتتى.

ــــ سېنىڭ نەرىڭ كەمبەغەل دېھقان ھەي، يالغان گەپلەرگە ئىشىنىدىغان؟ بۇ گەپنىڭ ئالدىنقى قىسمىنى دېگىنىم راست، لېكىن ئوغرىلىغۇدەك نەرسە بولسا يەنە ئوغرىلايتتىم، دېگىنىم يوق. مۇشۇلارنىڭ تېپىۋالغان گېپى بولمامدۇ؟

ــــ بوپتۇ، دېمىگەن بولساڭ، نېمانچە قاينايسەن!

— قايىنماي! كۆندە بوزەك قىلىنۋاتساڭلار ئالمىغان نەرسىنىمۇ ئالدى دەپ، ئەمدى قوپۇپ مەن دېمىگەن گەپلەرنىمۇ سەن دېگەن دەپ ماڭا ئارتىۋاتساڭلار!

— نېمە مېنى قوشۇۋالىسەن؟

— قوشۇۋالماي، سەن گەپنى ئەگىتمە. سەنمىچۇ، ئەمەلىيەتتە مېنى نازارەت قىلىشقا قويۇلغان نەرسە، مېنى بىلمەيدۇ دېمە!

چاۋار سەمەت ئۆزىنىڭ ئاغزى تۇۋاقلىنىپ قالغان بولسىمۇ گەپنى بۇراپ، يالۋۇرغاندەك دېدى:

— ئوسماق، ئۇ ھېكايەڭنى قانچە قېتىم ئاڭلىسىمۇ ئادەم زېرىكمەيدىكەن، يەنە بىر ئېيتىپ بەرگىنە.

ئوسماق ئۆز ھېكايىلىرىنىڭ ھېلىمۇ بازىرى بارلىقىنى ھېس قىلىپ بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى.

— بولىدۇ، ئېيتىپ بېرەي! لېكىن خامانىنى توختىتىپ قويما ھە! بولمىسا گۇناھ ساڭا ئەمەس، يەنىلا ماڭا ئارتىلىپ قالىدۇ، — دېدى ھېجىردىكى سۇنى سۇمۇرۇپ ئىچىپ تۇرۇپ، — ئۇ دېگەن 1948 ـ يىلى ئەمەس، 1947 ـ يىلىدىكى ئىش. ئۇ قىش ۋاقتى ئىدى. مەن بىزنىڭ يۇرتتىن چوڭ ـ كىچىك ئون بىر ئېشەكنى ئوغرىلاپ باشقا بىر ناھىيىگە ئاپىرىپ ساتتىم. شۇ كۈنى كېچىدە ئۇ يەردىكى بىر ئوغرى بىلەن بىرلىشىپ بىر توپ كالىنى ئوغرىلاپ پاقىلىق دېگەن يەرگە ئېلىپ كېتىۋاتقىنىمىزدا تۇتۇلۇپ قالدۇق. ئېشەكلەرمۇ، كالىلارمۇ ئىككى جايدىكى چوڭ بايلارنىڭ ئىدى. بىغەم ھالدا كېتىۋاتساق، ئالدىمىزدىكى بىر قۇرۇق ئېرىقتىن ئۈچ چېرىك خۇددى يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك لوڭڭىدە سەكرەپ چىقىپلا مىلتىقلىرىنى بىزگە تەڭلەپ ئۈچىمىزنى تۇتۇۋالدى. مەن ئۇ چاغدا ئوتتۇز ياشلارغا كىرىپ قالغانىدىم. ئون سەككىز ـ ئون توققۇز ياشلاردىكى ئىككى شاگىرت بالام بار ئىدى. شۇ ئەسنادا باي بىر توپ ئاتلىق ئادەملىرىنى باشلاپ كېلىپلا بىزنى قامچىلاپ ئۇرۇپ كەتتى.

— ھەي ئوغرى، مۇشۇنىڭ بىلەن مېنىڭ كالامنى نەچچە قېتىم ئوغرىلىدىڭ ئېيتە؟ ئەمدىغۇ قولغا چۈشكەنسەن؟ — ئۇ مېنى كۆپرەك ئۇردى. ئاندىن كېيىن ھېلىقى چېرىكلەرگە پۇل بەردى. مەن ئىچىمدە بۇ چېرىكلەر نېمانچە جان كۆيدۈرىدىكىن دېسەم، ئىش مۇنداق ئىكەن ـ دە، دەپ ئويلاپ كۈلۈپ تاشلىدىم. باي چېرىكلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ دادلاپ، ماۋۇ ئوغرىنىڭ كۈلۈۋاتقىنىنى كۆرۈشسىلە بەگلىرىم، — دېدى. شۇ چاغدا بىر خەنزۇ چېرىك يۈگۈرۈپ كېلىپ مىلتىقىنىڭ پايىنكى بىلەن دۈمبەمگە بىرنى سالدى.

— قويە بۇ يەرلىرىنى، قىزىق يېرىنى دېگىنە! — دېدى چاۋار سەمەت.

— جىم تۇرۇپ ئاڭلىمامسەن، بولمىسا ئېزىپ كېتىمەن! شۇنداق قىلىپ مەن جىم تۇرۇپ بەردىم. چېرىك مېنى قايتا ئۇرمىدى. لېكىن ئۇچىمىزنىڭ قولىغا كويزا سېلىۋالدى. قاراپ تۇرسام ئۇلار قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. باي خەنزۇچىنى چالا ـ بۇلا بىلىدىكەن، ھېلىقى خەنزۇ چېرىككە يامىداپ بىر نېمىلەرنى دەۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ گېپىنى ئۇقمىغاندىن كېيىن ئۆز خىيالىم بىلەن بولۇپ كېتىپتىمەن: ‹قانداقچە ھۆكۈمەت بۇنداق تېز خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭ ئىشىغا شۇنچە تېز تۇتۇش قىلدىكىن› دېسەم، بۇ باي ھۆكۈمەتكە يېقىن ئىكەن ئەمەسمۇ؟ بەزى ناھەقچىلىككە ئۇچرىغانلار ئەرز سۇنسا زادى سورىمايدىكەن. بەزىلىرىنى بىر يىل، ئىككى يىل كەينىگە سوزۇپ، ئاخىرىدا بۇ كونىراپ كەتكەن ئىشكەن دەپ يەنە سورىمايدىكەن! بىزگە كەلگەندە كەينىمىزدىن تاپ باستۇرۇپ كەلگىنىنى دېمەمسەن!...

— ھەي، ئوسماق، گومىنداڭ دېگەن بايلارنىڭ ھۆكۈمىتى ئىكەنلىكىنى بىلمەمتىڭ؟ قويە بۇ يەرلىرىنى، ھېلىقى قوغۇزنى ياغاق ئىچىگە سېلىپ ئىشان بولۇۋالغىنىڭنى دېگىنە. شۇ يېرى قىزىق.

— بىر باشتىن دېمىسەم ئېزىپ كېتىمەن ۋاي.

— مەيلى ئەمىسە.

— شۇنداق قىلىپ بىزنى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىگە قاماپ قويدى. ئۇزاققا قالماي ئىككى شاگىرت بالىنى ئاتا-ئانىلىرى پۇل تۆلەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى، مەن قالدىم. قارىسام مېنى خېلى ئۇزۇن سولايدىغاندەك قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ئوغرىلىق قىلىپ تۆت يىلمۇ، بەش يىلمۇ ياتقانىدىم.

— ھەي ئوسماق، سەن تېخى قانچە يىل ياتقىنىڭنىمۇ بىلمەمسەن ئوغرى، — دېدى چاۋار سەمەت ھەيران بولۇپ.

— ھەي ئاداش، — دېدى ئوسماق پەرۋاسىزلىق بىلەن، — ئۇ قاراڭغۇ ئۆيدە كۈن بىلەن تۈننى بىلگىلى بولمىسا، بىزدەك ساۋاتسىز ئادەم يىل بىلەن ئاينى قانداق ھېسابلىيالايمىز؟ ھېسابلاپ چىققان بىلەنمۇ يەنە ئۇنتۇپ قالىدىغان تۇرساق!

— بولدى، بولدى. بۇ گېپىڭنى قويۇپ ھېكايەڭنىڭ ھېلىقى يېرىنى ئېيتە!

— گەپنى ئۆزەڭ ئۇزارتىپ، يەنە نېمىگە ئالدىرايسەن؟ نەگە كەلگەنتىم؟

— خېلى ئۇزۇن سولايدىغاندەك قىلىدۇ، دېگەن يەرگە كەلدىڭ.

— ئۇنى قانداقچە بىلىۋالدىڭ دېسەڭ، ئىلگىرى تۇتۇلغان چاغلىرىمدا بىر قانچە ئاي سولاپ قويۇپ بېرەتتى. تالا-تۈزگە ئەپچىقىپ ھويلا-ئاراملارنى سۈپۈرگۈزەتتى. ئەمما بۇ قېتىم سوراقتىن كېيىنلا پۇت-قولۇمغا كويزا-كىشەن سېلىپ قاراڭغۇ ئۆيگە سولىۋەتتى. كۈن نۇرىنى كۆرمەي بىر يىلدىن ئارتۇقراق ياتتىم.

— ئىقرار قىلغانمىدىڭ؟

— مال بىلەن تۇتۇلغان تۇرساق، يەنە غىدىڭ-پىدىڭ قىلغاننىڭ نېمە پايدىسى.

— راست ”مەرد “ ئوغرىكەنسەن جۇمۇ!

— چاۋار ئاخۇن! ئىقرار قىلمىساڭ. ئۇرۇپ بىر يەرلىرىڭنى ناكار

قىلىپ قويسا، كېيىن يەنە ئوغرىلىق قىلغىلى بولمايدۇ، بۇنى بىلەمسەن؟

چاۋار سەمەت ئۇنىڭ «پەمگە» ھەيران قالغانلىقىدىن ئاغزىنى ئاچقىنىچە ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالدى.

— نەگە كەلدىم؟ تولا سوراۋېرىپ ئەجەب ئىلەشتۇردىڭغۇ ئادەمنى!

— نەگە كەلدىڭكىن مەنمۇ ئۇنتۇپ قالدىم.

— توغرا! ئەمدى بۇ يەردە يېتىۋېرسەم چىرىپ تۈگەيدىغان ئوخشايمەن، دېگەن يېرىگە كەپتىمەن، شۇنداق قىلىپ ئويلا-ئويلا، ئۇنىڭدىن كۆرە قاچمايمەنمۇ. ئالدى-كەينىمدە تارتىشىدىغان خوتۇن-باللىرىم بولمىغاندىن كېيىن يا ئوقتا ئۆلەرمەن. يا تەلىيىم بولسا قۇتۇلۇپ ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كېتىپ جېنىمنى باقارمەن دەپ ئويلىدىم. شۇنىڭ بىلەن قېچىشنىڭ ھەر خىل يوللىرىنى ئىزدىدىم. تامنى تېشەي دەپ تەشكۈدەك جاينى تاپالمىدىم. چۈنكى مەن ياتقان ئۆي تۆرمە ئۆيلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ھەممە تەرەپلىرىدە كامېرلار بار ئىكەن. تۆگلۈكتىن قاچاي دېسەم بۇ ئۆيلەر بەك ئېگىز، تۆگلۈكمۇ يوق ئىدى. پەقەت ئىشىكنىڭ ئۈستۈنرەك تەرىپىدە بىر قاچا پاتقۇدەك تۆشۈك بار ئىدى. گۇندىپايلار ئاشۇ تۆشۈكتىن تاماق سۇنۇپ بېرەتتى. ھېچ ئىلاج قىلالماي يەنە يېرىم يىلدەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى.

— بۇ يەرلەرنى دېمىسەڭ بولمامدۇ. ئىچىم پۇشۇپ كەتتى، — دېدى چاۋار سەمەت ھېكايىنىڭ قىزىق يېرىگە كەلگۈچە ئالدىراپ كېتىپ.

— ئاداش بۇ يەرلىرىنى دېمىسەم سەن مېنىڭ قانداق نوچىلىقىمنى بىلەلمەي قالىسەن، — دېدى ئوسماق بېشىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ.

— بىلىمىز ۋاي سېنى، — دېدى چاۋار سەمەت چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — ناھايىتى شۇ ئوغرىلىقتۇ نوچى!

— ئاداش! ئۇ چاغلاردا بونداق ئىشلارنى نوچىلىقىم دەپ تىكەنمەن، قىرغانچە ئويلاپ كۆرسەم ئوغرىلىق دىگەن بولمايدىغان «كەسىپ» ئىكەن. خەقنى قاقشىتىڭ بىر، كىچە ـ كۈندۈز دەككە ـ دۈككىدە يۈرۈڭ ئىككى، ئۈي ـ ئوچاقلىق بولالماڭ ئۈچ، يامان ئاتاق چىقىرىپ خەقنىڭ نەپرىتىگە ئۇچراڭ تۆت...

— ئەمدى بىلىپسەن ـ دە؟

— شۇنداق.

— پارتىيىمۇ يامانكەن جۇمۇ! سەندەك ئوغرىنى ئەيۋەشكە كەلتۈرگەندىكىن! ھېكايەڭنى ئېيتە. قاچقانلىرىڭنى دىسەڭمۇ دىگىنە!

— بىر كۈنى بىر ئۇيغۇر چېرىك ھېلىقى تۆشۈكتىن ئۆي ئىچىگە قاراپ بوش ئاۋاز بىلەن: ئوسماق دىگەن سەنمۇ؟ دەپ سورىدى، — ئوسماق ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى، — سەن بىر ئىلاج قىلىپ قېچىپ كەت، بولمىسا يا ئېتىپ تاشلايدۇ يا تۈرمىدە چىرىپ ئۆلىسەن دەپ قويۇپلا كېتىپ قالدى. پۈتۈن بەدىنىمنى سوغۇق تەر بېسىپ كەتتى، ناھايىتى قورقتۇم. ئىككى كۈنگىچە كۆزۈمگە ئۇيقۇ كىرمىدى. گېلىمدىن تاماقمۇ ئۆتمىدى. مەن نۇرغۇن قېتىم تۈرمىگە كىرگەن، بەزىدە نەچچە يىللاپ ياتقان بىلەن بەزىدە ئون ـ يىگىرمە كۈن، ئىككى، ئۈچ ئاي ياتقان چاغلىرىممۇ بولغان. قاراڭغۇ ئۆيدە يېتىپ «ھاردۇقۇمنى» چىقىرىپ بولۇشۇمغا قويۇپ بېرەتتى. بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولامدىكىن دەپتىمەن.

— ھەممىسىدە ئوغرىلىق قىلىپ كىرگەنمىدىڭ؟

— ياق بەزىدە خەق بىلەن مۇشتلىشىپمۇ كىرىپ قالاتتىم.

— شۇنداق قىلىپ قانداق قاچتىڭ؟ — يەنە ئالدىراتتى چاۋار سەمەت.

— ھېلىقى ئۇيغۇر چېرىك قاچۇرۇۋەتتى.

— نىمە، نىمە؟ — چاۋار سەمەت ھەيران بولغىنىدىن ۋارقىراپ كەتتى، — ياخشى ئادەمكەن دىگىنە ئۇ.

— ھەئە، ئۇ ماڭا ياخشىلىق قىلدى، لېكىن ساقچى بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇمۇ ئوغرىلىق قىلغانىكەن ئەمەسمۇ؟

— توۋا خۇدايىم! چاۋار سەمەت تېخىمۇ بەك ھەيران قالدى، — ئوغرى ئوغرىنى ھەر قانداق جايدا تونۇيدىكەن ـ ھە!

ئوسماق مەغرۇرلارچە كۈلۈپ قويدى ـ دە، — ئۇ نۆۋەتچى بولغان كۈنى ئۆزىمۇ مەن بىلەن بىللە قاچتى، — دېدى.

— ئۇنىڭ ئېتى نېمىكەن؟

— شۇنىمۇ بىلەلمىدىڭمۇ چاۋار ئاداش! — ئوسماق ھەييارلارچە كۈلدى. چوڭقۇر كۆزلىرىنى ئوينىتىپ.

— مەن نەدىن بىلەي!

— ئۇ دېگەنچۇ، ئاۋۇ تۆۋەنكى مەھەللىدىكى ئەترەت باشلىقلىقىدىن چۈشۈپ كەتكەن قېيۇم چېرىك دېگەن شۇ.

چاۋار سەمەت ھەيرانلىقتىن كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ، كەكە ساقىلىنى سىلىغىنىچە ئوسماققا قاراپ قېتىپ قالدى:

— مۇنداق دېگىنە ئاداش، ھېكايەڭنى باشتىن باشلاپ ئېيتمىغان بولساڭ، بۇ يەرلىرىنى بىلەلمەي قالىدىكەنمەن جۇمۇ. ئۇنىڭ بۇنداق ئىشنى ئەجەب بىزنىڭ بۇ يەردىكى خەقلەر بىلمەيدىكىنا؟

— خەق بىلمىگەن بىلەن ھۆكۈمەت بىلىدۇ ـ دە!

— بىزنىڭ بۇ كەنتىمىزدە بۇنداق ئىشنى يوشۇرۇپ قالغىلى بولامتى؟ گەپ ئۇ ئادەم ئەسلى بۇ يەرلىك ئەمەس دېگىنە! سەنمۇ ئەجەب گەپ قىلماپسىنا؟

— مەن نېمىشقا گەپ قىلاتتىم، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ماڭا ياخشىلىق قىلغان تۇرسا! ئۇنداق قىلسام، ئاش بەرگەن ئادەمنى چىشلەيدىغان ئىتقا ئوخشاپ قالمامدىمەن؟

— بۇ دېگىنىڭمۇ ئورۇنلۇق، سەن قانداق تونۇۋالدىڭ ئۇنى؟

— ئۇ مېنى ئۆزى ئىزدەپ كەلدى. مەن ھەپسىدىن چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا بىر ناتونۇش ئادەم كەچتە بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ

كېلىپ: ”ئۇسماق ئاخۇن سىلى بولاملا؟ مېنى تونۇدىلىمۇ؟“ دەپ ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇردى. مەن ئېسىمگە ئالالماي: ”سىلىنى تونۇيالمايۋاتىمەن“ دەپ ئەپۇ سورىدىم. ” قېيۇم چېرىك دەپ ئاڭلىغانمۇ“ دېدى ئۇ، ” ياق، ئاڭلىماپتىكەنمەن“ دېدىم مەن.

— ئۆزۈڭنىڭ جېنىنى قۇتقۇزغان ئادەمنى ئۇنتۇپ قالدىڭما؟ ئەسكى نىمە ئىكەنسەن جۇمۇ سەن ئوغرى، — دېدى چاۋار سەمەت.

— چاۋار ئاخۇن بۇ دېگەن يىگىرمە نەچچە يىل ئىلگىرىكى ئىش، ئۇنىڭدىن كېيىن بىز ئەسرار بولمىغان تۇرساق. ئۇ بىر دەم كۈلۈپ تۇرغاندىن كېيىن:” سىلىنى تۈرمىدىن كىم قاچۇرۇۋەتكەن؟“ دېمەسمۇ. مەن دەرھال ئېسىمگە ئېلىپ ئۇنىڭدىن قايتىدىن ئامانلىق سورىدىم.داستىخان سېلىپ ئۆيدىكى بار-يوقى ئىككى زاغرىنى ئالدىدا قويۇپ، قاپاقتىكى سوغۇق سۇدىن ھېجىرغا قۇيۇپ قولىغىلا تۇتقۇزدۇم.

— ھەي ئۇسماق ئۇنچىلەر يۇمشاپ كەتتى. بىر ئاغدۇرۇۋېتەمسەن، ياكى يەنە ئۇنچە تاشلاپ بىراقلا ئاغدۇرامدۇق؟ — دېدى چاۋار سەمەت ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئۈزۈپ قويۇپ.

— ھېرىپسەن — ھە؟ مەن ھەيدەيمۇ، — دېدى ئۇسماق ھېكايىسىنى ئۈزۈپ قويغانغا خاپا بولغاندەك.

— ھارمىدىم، ھەيدەۋېرەي، ئۇنچە تاشلىۋەت ئەمسە، — دېدى چاۋار سەمەت ھېكايىسىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن قورققاندەك.

— ئۇ جىق ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسىمۇ مەن سىنچىلاپ قاراپ ئۇنىڭ ئوڭ قۇلىقىنىڭ كەينىدىكى ئىككى مەڭدىن ئاستا-ئاستا ئۇنى ئېنىق تونۇۋالدىم. ئىككىمىز بېشىمىزدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەشتۇق. مەن ئۇنىڭغا يومدان ئاش ئېتىپ بەردىم.

— ئۇ نەلەردە يۈرۈپتۇ؟ — دەپ يەنە گەپكە قوشۇق سالغىلى تۇردى چاۋار سەمەت.

— بىز بىر بازار كۆنى بازارنىڭ تازا قىزىغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ قاچقانىدۇق، ھېچكىم تۇيماي قالدى. ئۇ مېنى بازار ئېچىدىن ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ ماڭدى. پۇت-قولۇمدا كويزا-كىشەن بار ئىدى. شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپلا ئۇ پۇت-قولۇمدىكى كويزا-كىشەننى ئېلىۋېتىپ ئازگالغا تاشلىۋەتتى-دە: ”يوشۇرۇنغۇدەك ياخشىراق جايغا قاراپ ماڭ“ دېدى. بىز يولدىن ئاز-تولا يەيدىغان بىر نەرسىلەرنى ئېلىۋېلىپ شۇ ماڭغانچە قاراڭغۇ چۈشكەندە توقايلىق دېگەن يەرگە يېتىپ كېلىپ ئۈچ كۈن يوشۇرۇنۇپ ياتتۇق. كېيىن ئۇ ماڭا: سەن بىللە تۇتۇلۇپ قالسام مېنىڭ جىنايىتىم ئېغىر بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر تۇتۇلۇپ قالغۇدەك بولساڭ مېنى كۆرمىدىم دېگىن! تۇتۇلماي قالساڭ ئۆزۈڭنىڭ تەلىيى، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى كۆرۈشۈپ قالارمىز. سەن مېنى نېمە ئادەمكىن، دەپ قالما! مەنمۇ ياش ۋاقتىمدا ئوغرىلىق قىلغان. لېكىن سەندەك داڭلىق ئوغرى ئەمەس ئىدىم. كېيىن بۇ ئىشتىن قول ئۈزۈپ ساقچى بولدۇم. قارىسام ساقچى دېگەن ئوغرىدىنمۇ ئەسكى بىر نېمىلەركەن، ھەتتا بەزى ساقچىلار ئوغرىلار بىلەن بىرلىشىۋېلىپ پۇقرالارنى بوزەك قىلىدىكەن. شۇڭا بۇ ئىشتىنمۇ رايىم يېنىپ تورغانىدىم. قېچىپ كېتەي دەپ تۇرسام سەن كىرىپ قالدىڭ، ئاڭلىسام سېنى: ”بەك يامان ئوغرى، تام تېشەلەيدۇ، يوشۇرۇنىدىغان يەرلەرنىمۇ بىلىدۇ“ دېيىشتى. بىر ئامال قىلىپ ئۇنى قاچۇرۇپ، ئۆزۈممۇ قاچاي دەپ ئويلاپ يۈرگەن كۈنلەردە سەن توغرىلىق بولغان گەپلەرنى ئاڭلاپ قالدىم. سېنى: ”بۇ ئۆزگەرمەيدىغان تۇغما ئوغرى“ يا ئېتىپ تاشلاش كېرەك ياكى ئۆمۈرۋايەت قاماپ قويۇش كېرەك، — دېيىشتى. شۇڭا ساڭا خەۋەر قىلىپ قويدۇم. ئەمدى سەنمۇ ئۆز يولۇڭغا ماڭ، مەنمۇ ئۆز يولۇمغا ماڭاي، دېدى. شۇ چاغدا بىز ئايرىلىپ كەتتۇق. پەقەت بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەن كۈنىلا مەن ئۇنىڭ قەيەردە يۈرگەنلىكىنى ئۇقتۇم.

— ئۇمۇ بەستلىك نېمىكەن ئەمەسمۇ، — دېدى چاۋار سەمەت ئۇنىڭ ئۆتمۈشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، — قەيەرلەردە يۈرۈپتۇ؟

— ئادەمنىڭ گېپىنى بۆلمىسەڭچۇ! نېمە ئالدىرايسەن ئايىغىنى دەپ بولغۇچە سوئال قويۇپ. سەنزە كەمبەغەل دېھقانلار ئاكتىپى بولدۇم دەپ... كۆرەش يىغىنلىرىدا خەققە تولا سوئال قويۇپ ئۆگىنىپ كەتكەن نېمىكەنسەن جۇمۇ؟

— ھەي ئوغرى، نېمىدەپ كەمبەغەل دېھقان، ئاكتىپ دېگەنلەرنى چىشلەپ تارتىسەن؟ سەن ئۆزۈڭ قانچىلىك نېمىدىڭ؟ ئۆمرۈڭدە ئاستىڭغا سالغۇدەك بىر پارچە كىگىزگە ئېرىشەلمىگەن، بىرەر خوتۇنمۇ ئالالمىغان نېمە تۇرساڭ، نېمەڭگە چوڭ سۆزلەپ كېتىسەن!

ئوساق بۇ گەپنىڭ ئاقىۋىتىدىن سەل قورقتى بولغاي، دەرھال ئۇنىڭغا يالۋۇردى.

— خاپا بولما، چاۋار ئاداش مەن ئويلىمايلا دەپ قويۇپتىمەن.

— مۇنداق دېمەمسەن ئوغرى، سۆزلەۋەر، — دېدى ئۇ خۇددى بۇيرۇق قىلغاندەك.

— ئۇ ئاۋۋال بىر ھارۋىكەشكە يالىنىپ ئۇدۇل ئاقسۇغا بېرىپتۇ. ئادەم ئاز بارىدىغان يىراق بىر يېزىغا بېرىپ ئىگىسىز قالغان بىر پارچە يەرنى ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلىپتۇ. ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇ يەردە ئازراق شەپە چىققانىكەن، بىر كېچىدىلا يەنە ھارۋىكەشلەرگە قوشۇلۇپ قارا شەھەرگە كەپتۇ. ئۇ يەردىمۇ شەھەردە تۇرماي ئەڭ چەت يېزىغا بېرىپ، ئوغلى يوق بىر ئادەمگە ئىچ كۈيئوغۇل بولۇپ ئولتۇراقلىشىپتۇ. ئىككى باللىق بولۇپتۇ. يەر ئىسلاھاتىدا كەمبەغەل دېھقان ئايرىلىپتۇ، ئۇنىڭ خەت ـ ساۋاتى بولغانلىقتىن كوللېكتىپلەشكەندىن كېيىن بوغالتىر بولۇپتۇ.

— دادۇيگىمۇ ياكى ئەترەتكىمۇ؟ — سورىدى چاۋار سەمەت.

— ئۇنى سورىماپتىمەن. قايسىنىڭغا بولسا ئوخشاشقۇ.

ئىلەشتۈرمىگىنە! ــــ قېيناتىسى بىلەن قېينانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بارا ـ بارا ئۆز يۇرتىنى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى سېغىنىشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ ھېساباتىدىنمۇ ئازراق مەسىلە چىققانلىقتىن، بوغالتىرلىقتىن قالدۇرۇلۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بالا ـ چاقىسىنى ئېلىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەنىكەن. ئۇ چاغ قەھەتچىلىك يىللىرى بولغانلىقتىن ئۆز يۇرتىدىكى كىشىلەر ئۇنى قارشى ئېلىشنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرىنى كولىغىلى تۇرۇپتۇ. ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى ھېس قىلىپ، 1962 ـ يىلى ئەتىيازدا بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ ئورۇنلىشىپتۇ. چۈنكى بىزنىڭ بۇ جايمۇ خىلۋەت جاي ئەمەسمۇ! ئۇ مېنىڭ ھەپسىدىن چىققانلىقىمنى ئاڭلاپ ۋە بىر قېتىم بازاردا يىقىنلا يەردىن كۆرۈپ، بۇرۇنقى ئىشلارنى دەپ قويمىسۇن دېگەن ئەندىشە بىلەن مېنى ئىزدەپ كەلگەنىكەن.

ــــ ئۇ نېمىشقا قورقىدۇ ئەمدى؟ گومىنداڭنىڭ ساقچىلىقىدىن قېچىش ھازىرقى زاماندا ئىلغارلىققا ياتىدىغان ئىش تۇرسا، ــــ دېدى چاۋار سەمەت.

ــــ ئۇنىڭمۇ ئوغرىلىق تارىخى بار ئەمەسمۇ؟ كىشىلەر ئۇنىڭغا ماڭا قىلغاندەك قوپاللىق قىلسا ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن ئۇ ئاز ـ تولا بىلىمى بار ئادەم ـ دە.

ــــ ئوغرىلاردىن يۈزى قېلىنى پەقەت سەنلا ئىكەنسەن جۇمۇ ئوسماق، ــــ دېدى چاۋار سەمەت ئۇنى قەستەن چۆشۈرۈپ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئوسماقنىڭ قېيۇم چېرىكنىڭ ئەندىشە قىلغان تەرىپىگە، بەرگەن تەبىرىگە ئۇ كۆڭلىدە خۇش بولۇپ كەتكەنىدى.

ــــ مەن ئۇنىڭغا:" سىز ئۆز ۋاقتىدا ماڭا ياخشىلىق قىلغان تۇرسىڭىز، ئۇ ئىشلارنى نېمىشقا دەپ يۈرەتتىم. ھەرگىز ئاغزىمدىن چىقارمايمەن" دەپ ۋەدە بەردىم. ئۇ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن مېنىڭ نەلەردە يۈرگەنلىكىمنى سورىدى.

ــــ ھە، شۇ ھېكايەڭنى ئېيتقىنا ئوسماق، شۇ قىزىق، ــــ دېدى

چاۋار سەمەت ئۇنى ئالدىرىتىپ.

— مەن دەسلەپتە يۇرتىمىزنىڭ چېتىدىكى قوناقلىقتا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەنىدىم...

— ھەي ئوسماق، نېمە، ئىلەشتۈرۈپ يۈرسەن؟ سەن 10 - ئايدا قاچتۇق دېگەنغۇ! 10 - ئايدا قوناق تۇرامدۇ؟ — دېدى چاۋار سەمەت ئۇنىڭ سۆزىدىن چاتاق تېپىۋالغىنىغا ئۆزىچە خۇشال بولۇپ.

— قاراڭغۇ ئۆيدە يېتىۋەرگەچكە 10 - ئاي بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ دەپتىكەنمەن. بىز ئەسلى 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا قاچقان ئىكەنمىز، قوناقنىڭ دېنى قېتىشقا باشلاپتىكەن. كۈندۈزى ھېلىقى ئادەم بارمايدىغان يارنىڭ ئۆڭكۈرىدە يوشۇرۇنۇپ ياتتىم، كېچىسى قوناقلىققا چىقىپ كۆكباشلارنى قوينۇمغا سېلىپ ئېلىپ كەتتىم. بىر قانچە كۈن كۆكباشلارنى پۇچىلاپ يەپ ئۇنىڭدىنمۇ زېرىكتىم. نان يېگۈم كېلىپ كەتتى. شۇڭا بىر كۈنى نېمە بولسام بولاي دەپ ئاياغ مەھەللىدە ئولتۇرىدىغان ھاشىم ئاخۇننىڭ ئۆيىدىن بىر تەڭلە ناننى ئوغرىلاپ كەتتىم. بەزى كەچلىرى كىشىلەرنىڭ بېغىغا كىرىپ ئالما، نەشپۈتلەرنىمۇ ئوغرىلىدىم. بىر ئايغا يېقىن ئاشۇنداق جان بېقىپ يۈردۈم. بۇ ئارىلىقتا گومىنداڭ چېرىكلىرىنىڭ بىر قانچە قېتىم بىزنىڭ مەھەللىگە كېلىپ ئىزدەپ تاپالماي كېتىپ قالغانلىقىنى يىراقتىن كۆرۈپ قالدىم.

— پو ئاتما ۋاي ئوسماق! ئۇ يار بىلەن سېنىڭ مەھەللەڭنىڭ ئارىلىقى شۇنچە يىراق تۇرسا قانداقچە كۆرەلەيتتىڭ، — دېدى چاۋار سەمەت ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەي.

— مەن ياردا تۇرۇپ كۆردۈم دېدىممۇ! — ئوسماق دەرھال گېپىنى ئۆزگەرتىۋالدى، — نېنىم تۈگىگەندى، نان ئوغرىلاپ كېلەي دەپ ھاشىم ئاخۇننىڭ ئۆيىنىڭ بۇياقىدىكى بىرسىنىڭ ئۆيىگە يېقىن قوناقلىقتا مارىلاپ تۇرغانىدىم.

— ئىشەنمەيمەن، — دېدى چاۋار سەمەت، — ئۇنداق چاغدا

قوناقلىقتا يۇرسەڭ كۆزلۈك يىغىمغا چىققان خەقلەر كۆرۈپ قالامدۇ سىنى؟

— ئىشەنمىسەڭ ئىشەنمە! سەن بىلەن تالىشىپ ئولتۇرمايمەن.

— راست بولسا تالىشاتتىڭ، يالغان بولغىنى ئۈچۈن تالىشالمايسەن ـ دە.

— هوي، مېنى گەپ قىلغىلى قويامسەن يوق! بولدى ئېيتمايمەن هېكايىنى، — دېدى ئوسماق ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئەكىلە خامانىنى ئۆزۈم هەيدەيمەن.

ئوسماق چاۋار سەمەتنىڭ قولىدىكى تاياقنى يۇلۇپ ئېلىپ خامانىنى هەيدىگىلى تۇردى.

— ئېيتمىساڭ مەيلى. يالغان ياۋىداق هېكايەڭنى سەن ئېيتىپ هارمىغان بىلەن، مەن ئاڭلاپ هېرىپ قالدىم. قىزىق يېرىنى دېسەڭغۇ بۇ ۋاققىچە تۈگەيتتى. ئەمدى ئەزالار كېلىدۇ.

— مېنىڭ ساڭا هېكايە قەرزىم بارمىدى؟ ئاڭلىمىساڭ مەيلى، — دېدى ئوسماق بىر قولىنى قۇلىقىغا تۇتۇپ لاي ـ لايىنى باشلاپ.

چاۋار سەمەت ساتمىغا كىرىپ كونا چاپىنىنى بېشىغا قويغىنىچە سوزۇلۇپ يېتىۋالدى.

ئەتىسى ئۇلار يەنە ئۇلاغلارنى خامانغا قوشتى. بۈگۈن كالا ئاز، ئېشەك كۆپ ئىدى. ئېشەكلەرنىڭ بىر قانچىسى قېرىپ كەتكەنلىكتىن سۆڭگىچىنى تولغاپ ياكى يېتىۋېلىپ، ئۈچ ئېشەكنى سەپتىن چىقىرىۋېتەتتى. ئوسماق قولىغا تاياقنى ئېلىپ ئۇلاغلارنى هەيدەشكە باشلىۋىدى، چاۋار سەمەت تاياقنى ئۇنىڭدىن تارتىۋېلىپ:

— سەن هېكايەڭنى ئېيت، مەن هەيدەي، — دېدى.

تۈنۈگۈن ئوسماق ئۇنىڭ قولىدىن تاياقنى قانداق تارتىپ ئالغان بولسا ئۇمۇ بۈگۈن شۇنداق تارتىپ ئالدى. ئوسماق ئۆز هېكايىسىنىڭ يەنىلا بازىرى بارلىقىغا خۇش بولۇپ، هېكايىسىنىڭ داۋامىنى ئېيتىشقا باشلىدى:

— بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن دېھقانلار قوناقنى ئورۇشقا باشلىدى. بۇلار ئەمدى مېنىڭ ئۇۋامنى بۇزىدىغان بولدى، دەپ ئويلاپ بۇ يەردىن چىقىپ كېتىش قارارىغا كەلدىم. ئۆزىمىزنىڭ يېزىسىغا بارسام بولمايتتى، مەن بۇرۇن ئوغرىلىق قىلغان جايلارغا بارسامۇ بولمايتتى. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىر توغراقلىق دېگەن يېزىغا بارماقچى بولدۇم. ئۇ يەردە مېنى ھېچكىم تونۇمايتتى. يولدا كېتىۋېتىپلا، ھەپسىدە بىرسىدىن ئاڭلىۋالغان بىر ئىشنى قىلماقچى بولدۇم: بىر ياغاچ بىلەن ئازراق يارىيېلىم تاپتىم. ياغاچنى ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچە قىلغاندىن كېيىن مېغىزىنى يېۋېلىپ، يىڭنە بىلەن كىچىك تۆشۈك ئاچتىم. ئازراق توپا بىلەن بىر قارا قوڭغۇزنى ياغاچ ئىچىگە سېلىپ يارىيېلىم بىلەن ياغاچنى چاپلىدىم. ئاندىن سوپى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ مەھەللىگە كەلدىم. قولۇمدا بىر تەسۋىمۇ بار ئىدى.

— سەن ئوغرى تۇرۇۋېرەك بىرەر ئايەتنىمۇ ئوقۇيالمايدىغان تۇرساڭ، ساڭا كىم ئىشىنىدۇ؟ — دېدى چاۋار سەمەت يۇزىدىكى تەرنى ئېيتقاچ كۆزىنى چىملىدىتىپ.

— بىزمۇ مۇسۇلمان بالىسى بولغاندىن كېيىن خېلى بىر نېمىلەرنى بىلىمىز دېگىنە، — دېدى ئوسماق بىر تال توم بۇغداي غولى بىلەن دۈمبىسىنى قاشلاپ تۇرۇپ.

— ھاۋا ئىسسىق بولغاندىن كېيىن ئۇچاڭدىكى جەندەڭنى سېلىۋەتسەڭ بولمامدۇ؟ بۇ نەرسەڭ يا تېرە ئەمەس، يا رەخت ئەمەس، يوغان نېمەڭ بارىدەك قىشتىمۇ، يازدىمۇ كىيىۋالىدىكەنسەن! زادى نېمىدىن تىكىلگەن جىلتكە بۇ؟

— ھەممىسى بار. سەن ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن بەك سالقىن دېگىنە! ئەگەر خالىساڭ ئۇنىڭمۇ ھېكايىسى بار. ئېيتىپ بېرەيمۇ؟

— بولدى، ياغاچنىڭ ئىچىگە قوڭغۇزنى سالدىم، دېگەن يەردىن ھېكايەڭنى داۋاملاشتۇرغىنا.

— دەسلەپتە دىۋانە قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ نان تىلەپ جان باقتىم. ئۇ يەردە قاسىم شاتىراق دېگەن بىر ئادەم بار ئىكەن. ئۇ ئەسلى باي ئائىلىنىڭ بەگزادىسى بولۇپ، ئاتىسىدىن قالغان تەئەللۇقاتلارنى قىمار ئويناپ ئۇتتۇرۇپ، خوتۇنبازلىق قىلىپ ۋەيران بولغانىكەن. يەر ئىسلاھاتىدا تەركىبى كەمبەغەل دېھقان دەپ بېكىتىلىپتىكەن. ئۇ سالتاڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، تېمىنىڭ تۆشۈكلىرىدىن كۈندۈزى كۈننىڭ نۇرى، ئاخشىمى ئاينىڭ شولىسى چۈشۈپ تۇرىدىغان ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىدىن بىر ئېغىزىنى ماڭا بەردى. مېنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلماقچى بولدى. مەن ئۇنىڭغا ”زىياۋىدىن مازىرىدىن كەلدىم“ دېدىم.

— قايسى زىياۋىدىن مازىرى ئۇ؟ — دەپ سورىدى چاۋار سەمەت.

— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، ئاغزىمغا كەلگەننى دەۋەردىم، — دەپ جاۋاب بەردى ئوسماق، — بىر ئاخشىمى مەن ئۇنىڭغا كارامىتىمنى كۆرسەتتىم. ئوچاقنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ يانچۇقۇمدىكى ياڭاقنى ئوتقا يېقىن قويدۇم، كۆزۈمنى يۇمۇۋېلىپ بىر نېمىلەرنى پىچىرلاپ ئوقۇۋەردىم. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ بىر كۆزۈمنى ئېچىپ، ياڭاققا قاراپ قويىمەن. بىر چاغدا ياڭاق بوشراق مىدىرلاشقا باشلىدى. كۆزۈمنىڭ قىرى بىلەن قاسىم شاتىراققا قارىسام، كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قاپتۇ. بىر قولىدا ياقىسىنى چىڭ سىقىمداپ سۇبھاناللانى ئوقۇغىلى تۇردى. مەن كۆزۈمنى يۇمۇۋېلىپ ئاۋازىمنى بوشراق چىقىرىپ بۇ كارامەت مەندىن ئەمەس ئاللادىن، ئاللانىڭ بەندىلەرگە قىلغان بېشارىتى، دەپ ئوقۇغىلى تۇردۇم. قارىسام ئوت تازا ئۇلغايغىلى تۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەي بەندىلەر! ئەمدى كۆر ئۇنىڭ كارامىتىنى، ئۇ سەكرەيدۇ، سەكرەيدۇ، كېسەل بولساڭ سوق دەيدۇ. ئىشەنمىسەڭ ھېكمەتكە، كاپىركەن دەپ يەكلەيدۇ، بۇ چاغدا ياڭاقتىكى قوڭغۇز ئوتنىڭ ئىسسىقىغا چىدىماي سەكرىگىلى

تۇردى. كۆزۈمنىڭ قىرى بىلەن قاسىم شاتراققا سەپسالسام كۆزىنىڭ ئېقى چانىقىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قاپتۇ. ئۇنىڭ پەسىيىشىنى پەملەپ تۇرۇپ، توختا! دەپ بۇيرۇق بەردىم. ياغاق بىر ـ ئىككى قېتىم بوشراق ئېغاڭلاپ ئاستا ـ ئاستا توختاپ قالدى. مەن قولۇمنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن: ”قاسىم ئاخۇن قورقتىلىمۇ؟“ دېدىم كۈلكەمنى بېسىپ تۇرۇپ. چۈنكى بۇ قىلغانلىرىمغا ئۆزۈممۇ كۈلۈپ تاشلاشقا تاسلا قالغانىدىم. ”ياھەزرەت، نېمىدېگەن كارامەت بۇ. ئاللاتائالانىڭ ئۆز بەندىلىرىگە كۆرسىتىدىغان خىلمۇ خىل كارامەتلىرى بار ئىكەن جۇمۇ قۇۋان سوپۇم؟“ دېدى ئۇ. مەن ئىسمىمنى شۇنداق ئۆزگەرتىۋالغانىدىم، ـــ ئاللانىڭ قۇدرىتى ئۇلۇغ، قاسىم ئاخۇن، ـــ دېدىم مەن مەيدەمنى سەل كېرىپ تۇرۇپ، ـــ بىز سوپىلار ئۇچىيۇز ئاتمىش كۈن ئاللا يولىدا دۇئا قىلىپ، يۇرت كېزىپ يۈرىمىز ئەمەسمۇ! بۇ نېمە ئۈچۈن دېسىلە ھەر ۋاقىت ھەر سائەت كىشىلەرگە ئاللانى ياد ئەتكۈزۈش ئۈچۈندۇر، دېگىنىمدە، ـــ شۇنداق، شۇنداق قۇۋان سوپۇم، ـــ دەپ كەتتى قاسىم شاتراق زور ھۆرمەت ۋە ئىتائەتمەنلىك بىلەن قول باغلاپ، باش ئېگىپ تۇرۇپ.

ـــ ھەي ئۇسماق؟ سەن مۇشۇنداق مېغىزلىق، راستىقا ئوخشاپ كېتىدىغان گەپلەرنى قانداق ئويلاپ تاپتىڭ؟ ـــ دېدى چاۋار سەمەت سەل ئىشەنمىگەندەك قىلىپ.

ـــ چاۋار ئۇكام، يەنە ئىشەنمىگەندەك قىلىۋاتىسەن ـــ ھە، بولمىسا قىش كەلگەندە مەن ساڭا بىر كۆرسىتىپ بېرەي. لېكىن شۇ ۋاقىتتا ئاشۇنداق گەپلەرنى قىلىپ ئۇنى ئىشەندۈرگىنىمگە ئۆزۈممۇ ھەيران قالغانىدىم. بۇرۇن ئوغرىلىق قىلىپ ئىككى قېتىم تۇتۇلۇپ قالاي دېگەندە شۇنداق تېز قاچىمىكى قۇتۇلۇپ قالغاندىن كېيىن ئىككى پۇتۇمغا بارىكاللا ئېيتقانىدىم. بۇ قېتىم ئەقلىمگە بارىكاللا ئوقۇدۇم. ھازىر ئويلاپ كۆرسەم ئادەمنىڭ بېشىغا كۈن كەلگەندە

باتۇر، ئەقىللىق بولۇپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ!

— ئوسماق، سەن مېنى بىر دەم ئاداش دەيسەن، بىر دەم ئۇكام دەيسەن، قايسى گېپىڭ راست؟

— شۇنىڭغىمۇ كوتۇلدامسەن؟ ھەممىسى راست. ئۇكام دېسەم، سەن مەندىن ئىككى-ئۈچ ياش كىچىك، ماڭا ئۇكا بولۇش بۇمۇ سېنىڭ ئابرويۇڭ، ئاداش دېگىنىممۇ توغرا. بىر-ئىككى ياش دېگەننى ھېسابلاشمىسىمۇ بولىدۇ. مەن بىلەن ئاداش بولۇش بۇمۇ سېنىڭ ئابرويۇڭ، ئۇنىڭغا نېمانچە قىلىپ كېتىسەن؟

— چاۋار سەمەت ئۆز ئورنىنىڭ ئوسماقتىنمۇ تۆۋەنلىتىلگىنىگە غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى:

— ھەي ئوغرى، سەن بىلەن ھېچكىم يېقىنلىششقا ئۇنىمايۋاتسا، مەن ساڭا ئۇكا ياكى ئاداش بولغانغا ئابروي قونامدۇ تېخى؟ دەپ كەتكەن گېپىنى قاراڭ بۇنىڭ!

— چاۋار ئۇكام، قايىنما، مەن ساڭا چۈشەندۈرەي. ئۇ دېگەن خەقنىڭ مەيلىدىن بولۇۋاتقان ئىش ئەمەس، بۇ يەردىكى كادىرلار ئەزالارنى قورقۇتۇپ ماڭا يېقىنلاشتۇرمايۋاتقان ئىش. ئالدىرىماي تۇر. سەن كېيىنچە مېنى چۈشىنىپ قالىسەن. شۇ چاغدا ئوسماققا ئۇكا ياكى ئاداش بولغىنىڭغا ھەرگىز پۇشايمەن قىلمايسەن.

— چاۋار سەمەت بوشىدى:

— سەن ئوغرى تۈرمىدە تولا يېتىپ ھەر خىل ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىپ جىق نەرسىلەرنى بىلىپ كېتىپسەن جۇمۇ؟ گەپچى بولۇپ كەتكىنىنى قارا بۇنىڭ!

— سېنىڭمۇ تۈرمىدە ياتقۇڭ كېلىۋاتىدۇ — ھە؟ — چاقچاق قىلدى ئوسماق.

— ماڭە ۋاي! تۈرمىدە يېتىش بىز ئۈچۈن نومۇس دېگىنە.

— چاۋار ئاداش! بەزى چاغلاردا تۈرمىدە يېتىشنىڭمۇ ياخشى تەرەپلىرى بار جۇمۇ؟

— قانداقچە؟
— قاچانلا بولسۇن يەيدىغىنىڭ، ئىچىدىغىنىڭ تەييار دېگىنە، يامانلىق قىلمىساڭلا گەپ كەلمەيدۇ. مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي: تۈرمىگىچۇ ھەرگىز قورقۇنچاق، گوموش، لامزەللە، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان مەخسۇم مىجەز ئادەملەر كىرىپ قالمايدۇ.
— سېنىڭ بۇ گېپىڭ خاتا، سېنىڭچە تۈرمىگە ياخشى، باتۇر، نوچى ئادەملەر كىرىدىكەن ـ دە؟ — چاۋار سەمەت يەنە مۆڭدى .
— ھەي، سەن ناھايىتى پاچاقچى بىرنېمىكەنسەن. مەن ئۇنداق دېمىدىم. لېكىننە ئۇ يەرگە كىرگەن نېمىلەر يۈرىكى پۇتلۇن، قارام، مەيدىسىدە ئەركەك تۈكى بار ئادەملەر ۋە بەزى بىلىملىك ئادەملەر كىرىپ قالىدىكەن. قارىغاندا ئۇلار ئۆز بىلىمىنى توغرا ئىشلىتەلمىگەنلەر ئوخشايدۇ.
— قوي بۇ گېپىڭنى! مەن ئىشەنمەيمەن. بۇ پەقەت ئۆزەڭنى ئاقلاش، ئەزىمەت كۆرسىتىش، يامان ئادەملەرگە چاپان يېپىشتىن باشقا گەپ ئەمەس.
— مەن ئۆزۈمنى ئاقلاپ نېمە قىلىمەن؟ ئوچۇق ـ ئاشكارا ئوغرى تۇرسام، بولدى گەپ قىلمىدىم.
— قورقتۇڭمۇ؟ بولدى ھېكايىنىڭ ئايىغىنى ئېيتە!
— قاسىم شاتىراق ئەتىسىلا بۇ ئىشنى مەھەللىگە يېيىپتۇ. بىر نەچچە ئادەم كېلىپ مېنىڭ كارامەت كۆرسىتىپ بېرىشىمنى ئېيتقاندى. مەن كارامەتنى خالىغانچە كۆرسىتىۋەرسە ھېكمىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ، دەپ تۇرۇۋالدىم. ئۇلار ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىسە قاسىمنىڭ گېپىگە ئىشەنمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلار جامائەت ئارىسىدا قاسىمنىڭ گېپىنى يالغانغا چىقىرىۋەتسە مېنىڭ ئۇ يەردە جان بېقىشىم تەس بولۇپ قالاتتى. شۇڭا مەن ئۇلارنى ئولتۇرغۇزۇپ ھېلىقى ئۇسۇل بىلەن كارامەت كۆرسىتىپ بەردىم. ئۇلار قاسىم شاتىراقتىنمۇ بەك ھەيران قىلىشتى. بەزىلىرى ھەقىقىي كارامەتكەن، دېيىشىپ

ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بىرى: سوپۇم تومۇرمۇ تۇتالاملا، دېدى. تومۇرمۇ تۇتىمەن، لېكىن كېسەلنىڭ ئىسەسى مۇشۇ ياڭاقتىن بىلىنىدۇ. ئېغىر ـ يېنىكلىكىنى، نېمە كېسەل ئىكەنلىكىنى مۇشۇ ياڭاقنىڭ چايقىلىشىدىن بىلىۋالىمەن، دېدىم چاندۇرماي تەسۋىيىمنى سىيرىپ ئولتۇرۇپ.

— ھېلىقى قاتتىق يەر تەۋرىگەن يىلىمۇ بىر سوپۇم ئۈچ شاگىرتىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ، كىشىلەرنىڭ سوۋغا قىلغان نەرسىلىرىنى " كۆرمەي، ھەم سورىمايلا بىلىۋېلىپ كارامەت كۆرسەتكەنىدى"، لېكىن ئۇلار تومۇر تۇتالمايدىكەن. بىزنىڭ بۇ يەردە تېۋىپ يوق ئىدى. ئەمدى ياخشى بولدى. سىلىدەك ھەم كارامەت كۆرسىتىدىغان، ھەم تومۇر تۇتالايدىغان ئادەمگە ئېرىشتۇق، دېيىشىپ بىر ـ بىرلەپ چىقىپ كېتىشتى.

ئەتىسىدىن باشلاپ " كارامەت" كۆرۈشكە كەلگەنلەر كۆپەيگىلى تۇردى. بۇ خەۋەر شۇ كەنتتىن باشقا قوشنا كەنتلەرگىمۇ تاراپ كەتكەنىدى. كارامەتنىمۇ ھېلىقىدەك قىلىپ توغرىلىدىم، لېكىن كېسەل كۆرسىتىشكە كەلگەنلەرنى كۆرۈپ بېشىم قاتتى. شۇنداقتىمۇ ئامال تاپتىم. تۈرمىدە بىرسىدىن ئاڭلىۋالغان يالغان تېۋىپنىڭ يولى بويىچە تومۇرقاپ قالغانلارنى نېمە يېگەن، نېمە ئىچكەنلىكىگە قاراپ ئۇنىڭ تەتۈرسىنى بۇيرۇسام بىر قانچىسى ساقىيىپ قاپتۇ. بۇنىڭ بىلەن خەقنىڭ ئىشەنچىسىگە تېخىمۇ ئىگە بولدۇم.

— تەتۈرسى دېگىنىڭ نېمە؟ — دېدى چاۋار سەمەت چۈشەنمەي.

— شۇنىمۇ بىلمەمسەن؟ مەسىلەنسىكى، قوغۇن يېگەنىدىم دېسە، قىش كۈنى سوغۇق كەپتۇ، ئىرىك قوينىڭ گۆشىنى يەڭ دېدىم. پىياز ئارىلاشتۇرۇلغان نەرسە يېگەنىدىم دېسە، يەل كەپتۇ، شورپا گۈرۈچ ئىچىڭ دېدىم. توخۇ گۆشى يېگەنىدىم دېسە، تاۋۇز سۈيى ئىچىڭ دېدىم.

— ياپىرىم، سەن ئوغرى تۈرمىدە ھەقىقەتەن جىق نەرسىلەرنى بىلىۋاپتىكەنسەن جۇمۇ، ئۇلار ساقايدىما؟

— ھەي چاۋار ئاخۇن، مەن كېسەل ساقايتالامدىمەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تاسادىپىي ساقىيىپ قالغانلىرىمۇ بار. مۇھىمى نادانلىق، دەڭلا، بۇ، نادان خەقنىڭ كۆڭلىنىڭ مايىللىقى بولمامدۇ!

— راست دەيسەن. سەن كېسەل ساقايتىدىغان بولساڭ كوچىدىكى ئى پاتەم ساراڭمۇ ئۆزىنى مەن دوختۇر دېۋالمامدۇ ـ ھە! شۇنداق قىلىپ ئاخىر قانداق بولدى؟

— ئاخىر قانداق بولاتتى؟ قوي سەمرىسە ئۆلىدۇ، ئادەم داڭق چىقارسا يىقىلىدۇ. بۇ ئىش قۇلاقتىن قۇلاققا ئاڭلىنىپ مېنىڭ داڭقىم بىزنىڭ تەرەپلەرگىمۇ يېتىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يېزىدىكى قاۋۇل تۇقام يېتىپ قالغىنىغا ئۇزۇن يىل بولغان كېسەلمەن خوتۇنىنى ماڭا كۆرسەتكىلى ئاپىرىپتۇ. ئۇ دەسلەپتە مېنى تازا تونۇپ كېتەلمەي: ”ۋاي سوپۇم، مۇشۇ خوتۇنۇمغا بىر شىپالىق ئاتا قىلسىلا“ دەپ يالۋۇرۇپ كەتتى. مەن چاندۇرماسلىق ئۈچۈن تۇمىقىمنى چۆكۈرۈپ كىيىپ، بېشىمنى تۆۋەن قىلىپ تۇرۇپ: ” سىز بۇ مەزلۇمنى پالانچى مازاردىكى پالانچى ھەزرەتكە كۆرسىتىڭ، شۇ ئادەم ساقايتالايدۇ، مەن ئۇنىڭ شاگىرتى مېنىڭ قۇۋۋىتىم يەتمەيدىغاندەك قىلىدۇ“ دېگەنىدىم، ئۇ ئاۋازىمدىن تونۇۋاپتۇ. ئۇ ماڭا سىنچىلاپ قاراپ كېتىپ، خوتۇنىنى چالا ـ بۇلا كۆرستىپلا چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ يېزىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن كۆرگەنلا ئادەمگە: ” ئۇ يەردىكى كارامەت كۆرسىتىدىغان سوپۇم كىمكەن دېسەڭلار، ھېلىقى تۈرمىدىن قاچقان ئوسماق ئوغرى ئىكەن ئەمەسمۇ دەپ يېيىۋېتىپتۇ. ئەتىسى ئۆزۈممۇ دەككە ـ دۈككىدە قېلىپ بۈگۈن كېچە بۇ يەردىن قاچاي دەپ تۇرسام، ئەل ياتقۇ بولۇشىغىلا تۆت ساقچى ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ تۇتۇۋالدى. شۇ ياتقانچە تاكى ئۆلكە ئازاد بولغۇچە يېتىپ كەتتىم.

— ساقچىغا ئاشۇ قاۋۇل توقام دەپ قويۇپتىما؟

— ياق، مەھەللىمىزدىكى نۇراخۇن باينىڭ ئوغلى ھېلىم سولتەك چىقىپ قويۇپتۇ.

— سەن ئۇنىڭغا نېمە يامانلىق قىلغانىدىڭ؟

— مەن ئۇنىڭغا يامانلىق قىلمىغان، ئۇ خەقنىڭ خوتۇنىغا چېقىلىپ، بوزەك قىلغاندا خوتۇننىڭ ئېرىگە بولۇشۇپ ئۇنى ئۇرغان.

— ئۇنىڭغا ئارىلىشىپ نېمە قىلاتتىڭ؟ ئۆزۈڭمىغۇ جىم يۈرمەيدىغان نېمىكەنسەن.

— چاۋار ئاخۇن، مەن ئەسكى بولغان بىلەن كىشىلەرنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنى بوزەك قىلغان ئادەمنى يامان كۆرىمەن، چۈنكى ھەممە ئادەمنىڭ ئاپىسى، خوتۇنى، قىزى بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

— سەن ئوغرىنىڭمۇ ياخشى تەرەپلىرىڭ بار ئىكەن - ھە؟

— بولماي! ماڭا ئۆمرۈمدە خوتۇن ئېلىش نېسىپ بولمىدى. لېكىن ئۆزى ماقۇل دېمىسە بىرمۇ خوتۇننى بوزەك قىلغان بەندە ئەمەسمەن.

— يالغان گەپ قىلما!

— راست جۇمۇ.

— ماقۇل دېدى، دەپ خەقنىڭ خوتۇنى بىلەن ئوينىغىنىڭ بوزەك قىلغانلىقىڭ بولماي نېمە؟

— مەن بىرگە بولغان خوتۇنلار ساپلا ئېرى يوق خوتۇنلار ئىدى.

— يائاللا! ما ئوغرىنىڭ تاپقان گېپىنى! تېقىمىڭغا ئۇرۇپلا يالغان - ياۋىداق گەپلەرنى توقۇپ چىقتىڭ - ھە؟

— ئىللا - بىللا راست ئاداش.

— ئۇنداق بولسا دەپ باقە قېنى، كىملەر ئۇ؟

— بولدى، ئاغزىمنى كولىما، ئەكە خامانىنى ئەمدى مەن ھەيدەي. ئەزالار كېلىدىغان ۋاق بولۇپ قالدى. دۆيجاڭ كۆرۈپ قالسا مېنى ھۇرۇنلۇق قىلدى دەيدۇ... ھە راست! ھېلىقى قېيۇم چېرىك توغرىسىدىكى گەپلەرنى دەپ يۈرمە - ھە!

— خاتىرجەم بول، ھېچكىمگە دېمەيمەن. توختا، ھېلىقى ياڭاق نېمىشقا سەكرەيدۇ. شۇنى دېۋەتكىنە.

— چاۋار ئاخۇن، سەن ئاكتىپ بولدۇم، مەجلىسكە قاتناشتىم، ۋەز ئاڭلاپ تۇردۇم دېگىنىڭ بىلەن تازا بىر دۆت نېمىكەنسەن! ئۇنى ئوتقا يېقىن قويغاندىن كېيىن ئىچىدىكى قوڭغۇز قىزىپ كېتىپ سەكرىمەمدۇ؟

— ئوسماق! مەن ھېكايەڭنىڭ بىر يېرىنى چۈشىنەلمىدىم، ئۆلكە ئازاد بولغاندا ئومۇمىيۈزلۈك كەچۈرۈم قىلىنىپ تۈرمىدىن چىقتىم دەپ يۈرەتتىڭ، لېكىن سەن تېخى بۇ يىل ئەتىيازدا چىقتىڭغۇ؟

— يەنە كىردىم ئەمەسمۇ!

— قاچان؟

— 1952 ـ يىلى يەر ئىسلاھاتى بولۇۋاتقاندا.

— يەنە ئوغرىلىق قىلىپمۇ؟

— شۇنداق.

— يەنە قىزىق يېرى بارمۇ؟

— چاۋار ئاداش، سەن مېنىڭ ئوغرىلىق قىلغان چاغدىكى ھېكايەمنى ئاڭلاشقا ئەجەب خۇشتار بولۇپ قالدىڭا؟ ئوغرى بولغۇڭ كېلىۋاتامدۇ يا؟

— قويە بۇ گېپىڭنى! ئادەممۇ سەندەك ئەسكى بولامدۇ؟ بىكارچىلىقتا قىزىق گەپلەرنى ئاڭلاپ ئىچ پۇشقۇمنى چىقىراي دەيمەن.

چاۋار سەمەتكە ئەتىسى ئوسماقنىڭ ھېكايىسىنى داۋاملىق ئاڭلاشقا نېسىپ بولمىدى. چۈنكى، دادۇي ئۇنى ئۇن تارتىش گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە قوشۇپ دەسلەپتە ئاقلانغان بۇغدايلارنى ئۇن تارتىش ئۈچۈن تۈگمەنگە ئەۋەتكەنىدى.

## 3

ئوسماق تۇغۇلۇپ، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىنى ئۆتكۈزگەن ۋە تۈرمىدىن

چىققاندىن كېيىن ماكانلاشقان بۇ يېزا، ناھىيىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى ئەڭ يىراق يېزىلارنىڭ بىرى ئىدى. بۇ يەرنىڭ كۆلىمى چوڭ بولسىمۇ تەبىئىي شارائىتى ناھايىتى ناچار ئىدى. يەرلەرنىڭ زەيلىشىپ كېتىشى بىلەن، تاتلىق سۇ يېتىشمەسلىك، ئاساسىي خەۋپ ئىدى. تېرىلغۇ يەرلەر ئەتراپىدىكى ئۆستەڭ چوڭلۇقىدا چېپىلغان زەيكەشلىك خۇددى شاھمات تاختىسىغا ئوخشاش كاتەكچىلەرنى ھاسىل قىلغان بولۇپ، بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى بىر ئاز ياخشىلاپ تۇراتتى. مەھەللە يەرلىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن كۆز يەتكۈسىز شورلۇق باشلىناتتى. شورلۇقنى ئانچە ئېگىز ئۆسەلمىگەن بوز، قىزىل يۇلغۇنلار، كۆك تىكەن، ئاق يانتاق ۋە شاپىقا ئوخشاش ياۋا ئۆسۈملۈكلەر قاپلاپ كەتكەنلىكتىن، يەر يۈزىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئادەم ئېھتىياتسىزلىقتىن دەسسەپ سالىدىغان بولسا، زەي تەپچىپ تۇرغان بېغىر رەڭ شورلۇق لايغا پۇتىنىڭ ئوشۇقىغىچە پېتىپ كېتەتتى.

— بۇ يېزىدىن ئۈچ ئۆستەڭ سۇ ئېقىپ ئۆتەتتى. ئۇنىڭ ئىككىسى ئەزەلدىن بۇ يېزىغا تەۋە بولغان ئەمەس ئىدى. يەنە بىر ئۆستەڭنىڭ سۈيىمۇ ئۆز نۆۋىتى كەلگەندە ئون نەچچە كۈن ئىنتايىن جىددىيچىلىكتە ئىشلىتىلىپ، نۆۋەت ۋاقتى توشقان ھامان، بەزى دېھقانلارنىڭ: „ ئېتىزىمنىڭ ئازراق قىسمى چالا قالدى“ دېگىنىگىمۇ ئۇنىماي، قاپىقى يامان سۇ باشقۇرغۇچىلار تەرىپىدىن باشقا يېزىلارغا باشلاپ كېتىلەتتى. شۇنداق قىلىپ، زىرائەتلەر يىلدا ئاران ئىككى قېتىم، ياخشىراق يىللاردا ئۈچ قېتىم سۇغىرىلاتتى. ئادەملەرنىڭ يېگى، پاكىز سۇ ئىچەلمەسلىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋال ئىدى. قارار-قارارلاردىكى كۆللەر ھەر قېتىم سۇ نۆۋىتى كەلگەندە تولدۇرۇۋېلىنغان بولسىمۇ، يەنە بىر قېتىم سۇ نۆۋىتى كەلگۈچە ئادەم ۋە ھايۋانلار تەڭ ئىچكەنلىكتىن، سۇنىڭ ئاستىدىكى لەش، پاتقاقلار كۆرۈنۈپ قالاتتى، ئاز قالغان سۇدا قۇرتلار لۈمۈلدەپ كېتەتتى. دېھقانلارنىڭ باشقا ئامالى بولمىغانلىقتىن سۇنى ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ،

قۇرتنى تازىلىۋېتىپ ئېچىشەتتى.
قولى قىسقا، نامرات دېھقانلار يەرلىرىنى ئاختاما قىلىپ «تېرىغان» چالمىلاردىن ئۆي سالاتتى. بۇ ئۆيلەرنىڭ تام تۆشۈكلىرىدىن كۆندۈزى كۆن نۇرى، ئاخشىمى ئاي شولىسى چۈشۈپ تۇراتتى. تۇرمۇشنىڭ ناچارلىقىدىن ئاز بولمىغان دېھقانلار قىشتا كىيگەن ئۈزۈن پاختىلىق چاپىنىنى، ئەتىياز، كۈزدە پاختىسىنى ئېلىۋېتىپ، ھەم چاپان، ھەم كېچىدە يېپىنچا قىلىۋالاتتى.
بۇ ئەتراپتىكى يېزىلارنىڭ ھەممىسىدە، ھەر يىلى 2 ـ ئايدىن 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان سېرىقتال چاغلاردا ئادەم ۋە چارۋىلار جان ئۈتكۈزۈش كويىدا تېپىرلاشقا باشلايتتى. كۆپ ئۆيلەردە كىشىلەر بىر ئامالlar بىلەن ناشتا قىلىۋالغاندىن كېيىن چۈشلۈكنىڭ غېمىگە چۈشەتتى. كەچتە بولسا ئاچ قورساقلا يېتىپ قالاتتى. بۇغداي سېرىقتال بولغاندا، ئۈنىڭكىنى بۇ، بۇنىڭكىنى ئۇ، بىر تۇتام، ئىككى تۇتامدىن «ئوغرىلىشىپ» ئوتتا پۇچىلاپ يەپ كۆن ئۆتكۈزۈشەتتى. ئۈزمە پىشقاندىلا ئۇلار بىر ئاز خاتىرجەملىك ھېس قىلىشاتتى.
ئوسماق مۇشۇ يېزىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى توقايلىق مەھەللىسىدە، بىر كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغانىكەن. ئۇ تۇغۇلۇپ ئۈچ ياشقا كىرگەندە ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئاتىسى ئۈچ ياشلىق بالا بىلەن تۇرمۇشتا قىينىلىپ، ئايالىنىڭ يىلى توشماي تۇرۇپلا، قوشنا يېزىلىق بىر تۇغماس ئايالغا ئۆيلىنىپتۇ. «ئاياللارنىڭ ھەقىقىي خۇيى ھۇجرىدا ئاشكارا بولىدۇ» دېگەندەك، ئۇ ئايال دەسلەپتە شېرىن ـ شېكەر سۆزلەرنى قىلغان بولسىمۇ ئۈزۈن ئۆتمەي ئۆزىنى كۆرسەتكىلى تۇرۇپتۇ. ئوسماقنىڭ ئاتىسى ئاق كۆڭۈل، ياۋاش، مېھرىبان ئادەم ئىكەن. لېكىن يۇمشاقباشلاردىنمۇ ئەمەسكەن، شۇڭا دەسلەپتە ھەر خىل ئامالlar بىلەن بالىسىنى ۋە ئۆزىنى قوغداپتۇ. ئەمما ۋاقىت ئۆزارغانسېرى «گۈلنى كۆرسە سايرىمايدىغان بۇلبۇل يوق» دېگەندەك ئۆزىنى قوغدىسىمۇ بالىسىنى قوغدىيالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. چۈنكى

ئايالنىڭ چىراي-شەكلى خېلى يامان ئەمەسكەن، كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدىلا خۇلقىنى چىقىرالايدىكەن، بالىنى يامان كۆرگەن بىلەن ئەرنى ياخشى كۆتۈشنىمۇ بىلىدىكەن. ئۇ ھەر خىل" ھۈنەر" لىرىنى ئىشقا سېلىپ بۇ ئۆيدە ئاخىر ھۆكۈمرانلىق ئورۇنغا ئۆتۈپتۇ. ئۇسماق كىچىككىدىنلا تاماقنى ناھايىتى كۆپ يەيدىكەن، كەپسىزلىك قىلىپ كىيىم-كېچەكلىرىنى دائىم يىرتىۋېتىدىكەن. ئايال ئۇنىڭ بۇ تەرىپىنى بەكمۇ يامان كۆرىدىغان بولۇپتۇ. ئاتىسى بار چاغدا گەپ قىلالمىسىمۇ ئاتىسى ئۆينىڭ تىرىكچىلىكى بىلەن ئۇياق، بۇ ياقلارغا چىقىپ كەتكەندە ئۇسماقنى ئۇرۇپ، تىللاپ، ئارام بەرمەيدىكەن، قوشنىلارنىڭ ئۇششاق-چۈششەك نەرسىلىرىنى ئوغرىلاشقىمۇ سالىدىكەن. قىش كۈنلىرى قوشنىلارنىڭ توخۇ، تۇخۇم ۋە ئۆگزىدىكى بېدە، پىچانلىرىنى، ئۆرۈك پىشقاندا ئۆرۈك، ئالمىلىرىنى، قوغۇن پىشقاندا قوغۇن-تاۋۇزلىرىنى ئوغرىلاتقۇزىدىكەن. ئۇ ئۇنىمىسا گوللاپ: " كىچىك بالا قوغۇن ئوغرىلىغانغا ھېچ ئىش بولمايدۇ"، " ئۆرۈك ئوغرىلاش ئوغرىلىققا كىرمەيدۇ"، "خەقلەر كۆرسە ئۆزىدە بولمىغانلىقتىن يېگۈسى كېلىپ ئاپتۇ، دەيدۇ"، " قوغۇن، ئۆرۈك، توخۇ، تۇخۇم ئوغرىلىمىغان كىم بار"، قورقما، دەپ ھەممىشە ئوغرىلىققا ساپتۇ. ئۇسماق كىيىنچە، بارغانسېرى قورقمايدىغان، ئۆگەي ئانىسىنىڭ ياخشى مۇئامىلىسىگە ئېرىشكىنى ئۈچۈن بۇيرىمىسىمۇ، ئۆزلۈكىدىن، پالانى نېمىنى ئېلىپ كىرەيمۇ، دەيدىغان بولۇپتۇ. ئۇسماق ئالتە ياشقا كىرگەن يىلى ئۆگەي ئانىسىنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن قوشنىسىنىڭ قوغۇنلۇقىغا كىرىپ ئىككى قوغۇننى ئوغرىلاپ چىقىپتۇ. تېخى پىشمىغان كۆپكۆك قوغۇننى كۆرگەن ئۆگەي ئانا ئاچچىقىدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ:

— نېمانچە كىچىك، توڭنى ئالدىڭ؟ بىزنىڭ ئېتىزلىقتا ئۆتكۈچە مەن كۆرسىتىپ قويغاننى ئالساڭ بولمامدۇ؟ شۇم، بۇنداق كۆپكۆك قوغۇننى كىم يەيدۇ؟ تويماس ئاتاڭغا بەر، گۆردىكى ئاناڭغا بەر. ئاتاڭ دېگەن مۆرىمەسمۇ قولىدىن پوق كەلمەيدىغان بىر نېمە

ئىكەن. سەنمۇ ئاتاڭدىن بەتتەر لەقۋا ئىكەنسەن، بىر ئولتۇرۇشۇڭدا بىر پاتمان يەيسەن، ئۆزۈڭ يە... — دەپ تىللاپتۇ. ئوسماق:
— قورقۇپ ئىچكىرىسىگە كىرەلمىدىم، دەپتۇ.
— كىمدىن قورقاتتىڭ مانا مەن بار، — دەپتۇ ئايال ئوسماقنىڭ قۇلىقىنى چوجاپ تۇرۇپ.
شۇ يىلى كۈزدە، مال پادىسىدىن ئايرىلىپ، ئۇلارنىڭ هويلىسىغا كىرىپ قالغان بىر ئوغلاقنى قازناق ئۆيگە سولىۋېلىپ ئوسماققا:
— ئاتاڭ كەلگەندە ئۆلتۈرۈپ يەيمىز. ئاتاڭ قەيەردىن ئالدىڭلار دېسە، مەن ئاتام بەرگەن دەيمەن. سەن: ”مەنمۇ ئاپام بىلەن بىرگە بارغان. چوڭ دادام بەردى“ دېگىن. ئاشكارىلاپ قويىدىغان بولساڭ ئۆيىدىن هەيدەپ چىقىرىمەن، دەپ ئۇنى قورقىتىپ خەقنىڭ بىر ئوغلىقىنى يەپ كېتىپتۇ. بۇ خوتۇن ئۇز ئۆز ئۆيىدە، ئۆز بېغىدا ئۆز ئېتىزلىقلىرىدا بار تورۇقلۇقمۇ باشقىلارنىڭكىنى ئوغرىلاپ يېگەننى ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇ هەتتا ئىككى يانىدىكى قولۇم ـ قوشنىلىرىنىڭ قاق سېلىشقا ئۆگزىگە يېيىپ قويغان پوكانلىرىنىمۇ ئوسماققا ئوغرىلىتىپ ئۆزلىرىنىڭ پوكانلىرىغا قوشۇۋالىدىكەن.
مۇشۇنداق ” ئانا“ نىڭ يامان تەسىرى بىلەن، ئوسماق ئون ياشلارغا كىرگەندە بىر نەرسە ئوغرىلىمىسا قولى قىچىشىدىغان، ئۆز ئۆيى، ئۆز بېغىدا تۇرسىمۇ ئوغرىلاپ يېمىسە ئاغزىغا تېتىمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئانا ئوسماق نېمىلا ئوغرىلاپ كىرسە:
— يارايسەن بالام، سەن ئەسلى ئەقىللىق بالىكەنسەن، ئاتاڭ دۆتلەشتۈرۈۋېتىپتۇ، ئەمدى ئاتاڭغا ئوخشىمىغىلى تۇردۇڭ. ماڭا ئوخشاۋاتىسەن، دەپ ئۇنى ماختاپ تېخىمۇ يەل بېرىپتۇ. لېكىن مەهەللىدىكى جامائەت بىر قانچە قېتىم ئوسماقنىڭ ئاتىسىغا:
— خوتۇنلىرى بىلەن، باللىرىنى تېمىشقا باشقۇرمايلا؟ بۇ خوتۇن كىچىك بالىنى ئوغرىلىققا سېلىپ، يولدىن چىقىرىپ بۇزۇۋەتتى. بىزگە زادىلا ئارام بەرمىدى، دەپ يۈزىگە سايتۇ. ئوسماقنىڭ ئاتىسى نومۇسقا

چىدىماي خوتۇنغا:

— ئۇنداق قىلما! بالىنى ئوغرىلىققا سالما! بۇ نەرسىلەر ئۆزىمىزنىڭ بېغىدا، ئېتىزلىقىدا تۇرمامدۇ! — دەپ يۇمشاقمۇ، قاتتىقمۇ تېگىپ بېقىپتۇ، لېكىن ئايال ئاغزىنى بۇزۇپ:

— مېنى ئوغرى دېگەن ئادەم پوق يەپتۇ، ئۆزى ئوغرى، بالاڭ ئوغرىلىق قىلسا مەندىن كۆرەمتىڭ! — دەپ ئۆينى بېشىغا كىيىپتۇ. ئامالسىز قالغان ئاتا خوتۇنغا تېگەلمەي ئوسماقنى ئۇرۇپ: ” كۆزۈمدىن يوقال“ دەپتۇ. ئوغرىلىمىسا ئۆگەي ئاپىسى، ئوغرىلىسا ئۆز دادىسى ئۇرۇۋەرگەنلىكتىن، ئوسماق پېشىنى قېقىپ، ئۆيدىن بىر چىقىپ كەتكىنىچە سەرگەردانلىق ھاياتىنى باشلاپتۇ.

## 4

يەن زېمىن قول ئاستىدىكى باقى ئىسمىلىك ساقچىنى ئەگەشتۈرۈپ گۇڭشېغا كەلدى. ئوسماق ئىنكاس قىلغان ئەھۋاللارنى گۇڭشې مەسئۇللىرىنىڭ سەمىگە سېلىپ قويغاندىن كېيىن گۇڭشې ئامانلىق ساقلاش خادىمىنى ئۆزلىرىگە ھەمراھ قىلىپ، ئوسماق بار دادۇيگە كەلدى. بۇ، يېزىلاردا سوتسىيالىستىك تەلىم-تەربىيە ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مەزگىل ئىدى.

يەن زېمىن دادۇي قورۇسىغا كىرىپ سوتسىيالىستىك تەلىم-تەربىيە خىزمەت ئەترىتىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن ئوسمان سادىق بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ سالماق، پرىنسىپچانلىقى كۈچلۈك ئادەم ئىدى. ئۇ يەن زېمىننىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— بىزمۇ ئاشۇنداق ئىنكاسنى ئاڭلىغانىدۇق. لېكىن بىز كەلگىلى ئۇزۇن بولمىغانلىقى ئۈچۈن تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە تېخى ئۈلگۈرەلمىدۇق. بۇ ئوغرىلىق دېلوسى بولغانلىقى ئۈچۈن ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى مەسئۇل بولۇپ ئىشلىسە، بىز ماسلاشساق

قانداق؟ — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.
يەن زېمىنمۇ تۇرۇپ قىلىپ ئولتۇرمايلا:
— ئەگەر خىزمەت ئەترىتى ماسلاشسا بىز چوقۇم توغرا يەكۈن چىقىرالايمىز، — دېدى.
يەن زېمىننىڭ ئۇيغۇر تىلىنى راۋان، ئىخچام سۆزلەپلا قالماستىن، سۆز- ئاتالغۇلارنى جايىدا ئىشلىتەلىگەنلىكى ئوسمان سادىقنى يېقىپ قالدى. كۆڭلىدە بۇ خېلى مول تەجرىبىگە ئىگە، خىزمەتتە پىشقان، مەسئۇلىيەتچان كادىر ئىكەن، بىر توغما ئوغرىنىڭ موزايلىق ئىنەك ئوغرىلاش مەسىلىسىنى دەپ شۇنچە يىراق يوللارنى ۋېلىسىپىت بىلەن بېسىپ كەپتۇ، دەپ ئويلىدى.
يەن زېمىنمۇ ئوسمان سادىقنىڭ ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن نازىر دەرىجىلىك كادىر بولۇشىغا قارىماي، ئۆزىنىڭ سۆزىگە ناھايىتى ھۆرمەت قىلغانلىقىغا، ئۆزلىرى ئىگىلىگەن ئەھۋاللارنى ئۆزلۈكىدىن ئۇنىڭغا تونۇشتۇرغانلىقىغا قاراپ، بۇ چىقىشقاق، كىچىك پېئىل ئادەم ئىكەن، چوڭ كادىر دېگەن مۇشۇنداق بولسا، قول ئاستىدىكىلەر ھارغان، ئاچقانلىقىنى بىلمەي ئىشلەيدۇ دەپ ئويلىدى - دە، كۆڭلىدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا بولدى.
ئوسمان سادىق خىزمەت ئەترىتىدىكى داۋۇت رەھىم ئىسىملىك كىشىنى يەن زېمىنگە ياردەملىشىشكە ئاجرىتىپ بەردى. يەن زېمىن قول ئاستىدىكى ئۈچ كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ، شۇ كۈنىلا بىر قانچە ئۆيگە كىردى. داۋۇتجاڭ، ئەترەت باشلىقلىرى ۋە بوغالتىرلار بىلەن سۆزلەشتى. ئېتىز بېشىغا بېرىپ يېزا ئاكتىپلىرى بىلەنمۇ كۆرۈشتى.
داۋۇتجاڭ ئالماس نىياز ئەللىك ياشلارغا كىرىپ قالغان ئېگىز بويلۇق ئورۇقراق ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ تۇم ھەم قاپقارا بۇرۇتى ئۆزىگە بەكمۇ ياراشقان بولۇپ، ئۇنى سۈرلۈك كۆرسىتەتتى. ئۇ يەن زېمىن بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئۇلار ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن يەن زېمىن:

— ئوسماقنىڭ ئوغرىلىق مەسىلىسىنى ئېنىقلىغىلى كەلگەنىدۇق. ئۇنىڭ مەسىلىسى بىزنىڭ باشقۇرۇش دائىرىمىزگە كىرمىسىمۇ خىزمەت ئەترىتىگە ياردەملىشىپ دېلونى ئېنىقلاپ قويايلى دېدۇق. سىلى بىلىدىغانلىرىنى بىزگە سۆزلەپ بەرگەن بولسىلا، — دېدى.

دادۇيجاڭ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ سۆيۈنۈپ كەتكەنلىكتىن ھەم يايراپ، ھەم سايراپ كەتتى:

— ھەر قايسىلىرىغا مەلۇم، ئوسماق تۇغما ئوغرى. ئۇ تۇرمىگە كىرمەستىن بۇرۇنمۇ بۇ يەر تىنچ بولمىغانىدى، ئۇ تۇرمىدە ياتقان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان يۇرتىمىز تىنچلىنىپ قالغانىدى، ئۇ تۇرمىدىن قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن بۇ تىنچلىق يەنە بۇزۇلدى. ئۇ كېلىپ ئۇزاققا قالماي، پۇل، كالا، بىر قانچە قوي ۋە ئامباردىكى ئاشلىق قاتارلىقلار يىتتى. ھەتتا بىر كالىنىڭ تېرىسى بىلەن يىگىرمىدەك قوي تېرىسىمۇ يىتتى. بۇلارنى ئوسماقتىن باشقا كىم ئوغرىلايتتى دەيسىلەر؟

بۇ دادۇيجاڭنىڭ ئالغان، يېگەنلىرى بىز بىلىدىغاندىن خېلىلا جىقكەن جۇمۇ دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن يەن زېمىن:

— ئالماس دادۇيجاڭ، سىلى بىزگە ھېلىقى موزايلىق ئىنەكنىڭ ئوغرىلىنىش جەريانىنى سۆزلەپ بەرگەن بولسىلا بوپتىكەن، — دېدى.

— ئوسماق تۇرۇشلۇق ئەترەتنىڭ كالىلىرى مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى توقايدا بېقىلاتتى، يىغىم-تېرىم مەزگىلىدە قايتۇرۇپ كېلىنەتتى، باشقا ۋاقىتلاردا ئاشۇ يەردە تۇراتتى. بۇ يىل 3-ئاينىڭ باشلىرىدا، ئەتە بازار بولىدۇ، دېگەن كۈنى كەچتە مەن مال باققۇچىغا كالىلارنى قايتۇرۇپ كېلىشنى تاپىلىدىم، بىر چاغدا ئۇ ھاسىراپ-ھۆمىدەپ ئۆيۈمگە كىرىپ: „ئالماس دادۇيجاڭ، ھېلىقى ھەر يىلى تۇغىدىغان موزايلىق ئالا ئىنەك يوقاپ كېتىپتۇ، توقاينىڭ ھەممە يېرىنى ئىزدەپ تاپالمىدىم. شۇڭا سىلىگە خەۋەر قىلىپ قوياي دەپ كەلدىم‟ دېدى. ناھايىتى ئاچچىقىم كېلىپ ئۇنى تىللىۋەتتىم، — ئالماس دادۇيجاڭ ئۇ سۆزى بىلەن چىراي ئىپادىلىرىنى بىر ئۇبدان

ماسلاشتۇرۇۋاتاتتى، ـــ ئەتىسى تەرەپ ـ تەرەپتىن ئىزدىدۇق. لېكىن موزايلىق ئىنەك تېپىلمىدى. بىزنىڭ بۇ دادۇيدە تۆت ئەترەت بار، ئاخشىمى ئەترەت باشلىقلىرىنى يىغىپ تونۇگۇن كىملەرنىڭ سىرتقا چىققانلىقىنى سۈرۈشتۈردۇم. شۇ كۈنى ئوسماق بىلەن سايىم ئاخۇن دېگەن دېھقانىنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكى ئېنىقلاندى. سايىم ئاخۇن ئەسلىدە هارامغا قول ئۇزارتمايدىغان تەقۋادار ئادەم ئىدى، شۇڭا ئۇنى نەزەردىن ساقىت قىلدۇق. كاللىنى چوقۇم ئوسماق ئوغرىلاپ بازارغا ئاپىرىپ ساتقان دەپ قارىدۇق. كەچتە ئوسماق قايتىپ كەلدى. ئۇنى دادۇينىڭ ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ سورىدۇق، ئۇ مەيدىسىگە مۇشتلاپ تۇرۇپ:" مەن ئالمىدىم، بۇ قېتىم ھەپسىدىن چىققاندىن كېيىن بىر تال يىڭنە چاغلىق نەرسىنىمۇ ئوغرىلىمىدىم. ئالغان بولسام ئالدىم دېمەمدىمەن، بىر كالا دېگەن قانچىلىك نېمە ئىدى! ئەگەر چوقۇم سەن ئالدىڭ دەپ قارىساڭلار ماڭا مۇشت، كالتەك تەگلىمەڭلار، ئۆزۈمنىڭ كالامنى ئەكىلىپ بېرەي" دەپلا چىقىپ كېتىپ كالىسىنى ئېلىپ كەپتۇ، بولغان ئىش شۇ، مەسىلە ناھايىتى ئېنىق تۇرمامدۇ، ئوسماق 2 ـ ئايدا تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلدى. شۇ ئايدىن باشلاپ ھەر قايسى ئەترەتلەردە كېيىنى ـ كەينىدىن نەرسىلەر يىتكىلى تۇردى.

يەن زېمىن كۆڭلىدە" پەيتنى ئەجەبمۇ ۋاقتىدا تاللاپسەن ـ دە، سەنمۇ بوش ئادەم ئەمەس ئىكەنسەن" دەپ ئويلاپ:

ـــ ئالماس دادۇيجاڭ، سىلىنىڭ ئۆيىمۇ 2 ـ ئەترەتتىمۇ؟ ـــ دەپ سورىدى.

ـــ ھەئە، مەنمۇ 2 ـ ئەترەتتە ئولتۇرىمەن.

ـــ ئالماس دادۇيجاڭ، بۇ ئىشنى ئەجەب ئۆز ۋاقتىدا گۇڭشېغا ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمىگە مەلۇم قىلماپسىلەرغۇ؟ ئوسماق يېڭىلا تۈرمىدىن چىققان ئادەم تۇرسا، ئۇ كالا ئوغرىلىسا يېڭى جىنايەت بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ ئەمەسمۇ؟

ـــ بىز بۇ تەرەپلىرىنى تازا ئاڭقىرالماپتۇق . ئورنىغا تۆلەپ

بەرگەندىن كېيىن بولىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتىمىز.

— سىلەر ئوسماقنى ئۇردۇڭلارمۇ؟

— يوقسۇ، بىز سوراپ بولغۇچە ئۇ ھەممىنى دەپ بولدى.

— ئۇ بۇرۇندىن تارتىپ شۇنداق. ئوغرىلىقنى قىلىدۇ، لېكىن تىنىۋالمايدۇ، — گەپ قىستۇردى بوغالتىر ئوبۇلقاسىم.

— ئۇنى دادۇيجاڭ ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ كىرگەندە كىملەر بار ئىدى؟ — سورىدى يەن زېمىن.

دادۇيجاڭ بىر دەم ئويلىنىۋېلىپ، شۇ كۈندىكى ئادەملەرنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئۆزىگە ئىشەنچلىك دەپ قارىغان ئەترەت باشلىقلىرى بىلەن بوغالتىر ئوبۇلقاسىمنى تىلغا ئالدى. 2 ـ ئەترەتنىڭ باشلىقى مەتقاسىمنى دېمىدى.

— شۇ كۈنى سىلەرنىڭ بۇ يەرگە باشقا گۇگۇشىلاردىن ئادەم كەلگەنمۇ؟

دادۇيجاڭنىڭ يۈرىكى قارت قىلىپ قالدى. لېكىن چاندۇرمىدى.

— بىز بۇنىڭغا دىققەت قىلماپتىكەنمىز. بۇ يەردىن سىرتقا چىققانلارنىلا ئېنىقلاپ، سىرتتىن بۇ يەرگە كەلگەنلەرگە سەل قاراپتۇق، — دېدى ئالماس دادۇيجاڭ يۈزىدىكى قىزىللىقنى يوقىتىمەن دەپ يوقىتالماي.

— ئالماس دادۇيجاڭ بۈگۈن شۇنچىلىك سۆزلىشەيلى! سىلىنى ئاۋارە قىلىپ قويدۇق، خوش ئەمىسە .

يەن زېمىن ئالماس دادۇيجاڭنىڭ، ئازراق بىر نېمە قىلاي، بىر دەم ئولتۇرۇپ ھال ـ مۇڭ بولۇشايلى! دېگىنىگە رەھمەت ئېيتىپ ھەمراھلىرى بىلەن چىقىپ كەتتى.

يەن زېمىن شۇ كۈنى يەنە 2 ـ ئەترەتنىڭ باشلىقى مەتقاسىم بىلەن كۆرۈشتى، مەتقاسىم ئۇلارنى نورمال كەيپىياتتا كۈتۈۋالدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ئومۇمنىڭ ئىشىغا بولغان سەممىيلىك ئېپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل پوزىتسىيىسى يەن زېمىنگە يېقىپ قالدى.

شۇڭا ئىشەنچلىك ھالدا ئۇنىڭدىن بىر قانچە مەسلىنى سورىدى:
— ئالماس دادۇيجاڭ بۇنداق ئىشلارغا ئاسانلىقچە مېنى ئارىلاشتۇرمايتتى، — دېدى مەتقاسىم، — لېكىن ئوسماق بىزنىڭ ئەترەتتە بولغانلىقى ئۈچۈن شۇ كۈنى مېنىمۇ چاقىرتىپتىكەن. ئۇلار ئوسماقنى ئۇرماي قالامدۇ؟ دادۇيجاڭ بىلەن بوغالتىر سەن نېمە ئۈچۈن ئۇنى ياخشى باشقۇرمايسەن، دەپ مېنىمۇ سوراققا تارتتى.
— ئوسماقنى قانداق ئۇردى؟
— ئۇلار، ئوسماق ئىشخانىغا كىرىشىگىلا:‹‹ ئاۋۇ يەردە تۇرە ئوغرى! كالىنى نەگە ئاپىرىپ ساتتىڭ؟ راستىڭنى ئېيت›› دەپ پوپوزا قىلدى.
— قايسى كالىنى دەيلا دادۇيجاڭ؟ كالام ئېغىلدا قالدى. مەن بازاردىن كېلىپ قارىسام تۇرۇپتۇ، لېكىن ئاچ قاپتۇ بىچارە، — دېدى ھەيران بولغىنىدىن قايسى كالا توغرىسىدا بولۇۋاتقان گەپنىمۇ ئاڭقىرالماي.
— تولا خۇپسەنلىك قىلما. تۈنۈگۈن سەن بازارغا باردىڭمۇ — يوق؟
— باردىم.
— ئەترەتنىڭ كالىسىنى كىمگە ساتتىڭ؟
— مەن كالا ساتمىدىم. تونۇش-بىلىشلەر بىلەن كۆرۈشۈپ ئويناپ كەلدىم.
— يالغان سۆزلىمە! نېمە ئالدىڭ؟ نېمە يېدىڭ؟
— ھېچ نەرسە ئالمىدىم. بەش مىڭ كويلۇق(ئەللىك پۇڭلۇق) سامسا ئېلىپ يېدىم.
— نېمە گەپ ياسايسەن؟ سەن ئوغرى تۇرمىدىن چىققاندىن كېيىن بۇ جاي بىر كۈنمۇ تىنچلانمىدى. بىر كۈنى بىر نېمە ئوغرىلايسەن، يەنە بىر كۈنى بىر نېمە ئوغرىلايسەن، ئەمدى ئەترەتنىڭ كالىسىنى ئوغرىلىغۇچى بولدۇڭما؟ راستىڭنى ئېيت؟

— ئالماس دادۇيجاڭ، مەن ھەپىسىدىن چىققاندىن كېيىن كالا ئەمەس، يىڭنىچىلىك بىر نەرسىنىمۇ ئالمىدىم. نېمىشقا قارىسىغىلا گۇركىرەيلا! — دېدى ئۇسماق تازا ئاچچىقى كېلىپ، — ئەگەر بىر نەرسە ئوغرىلىغان بولسام هارام ئۆلەي، — دېدى.

— سەن ئوغرى قەسەمدىن قورقامتىڭ، ھەۋ تۇزەلمەيدىغان ئوغرى، سەن ئەسلى تۇرمىدە چىرىپ ئۆلىدىغان بىر نېمە ئىدىڭ، قانۇن ئورۇنلىرى كەڭچىلىك قىلىپ قويۇپ بەرسە، توختىماي ئەسكىلىك قىلغىنىنى قاراڭلار بۇنىڭ؟ سەن تېخى يەنە گۇركىرەيسىنا؟ ياۋاشلىق بىلەن ئىقرار قىلامسەن يوق؟

— ئۇلار ئۇسماقنى ئىقرار قىل، دەپ قىستاۋەردى. ئۇسماق ئاخىر بېرىلىغۇدەك بولۇپ: " ئالماس دادۇيجاڭ مەن كالا ئوغرىلىمىدىم. ئەگەر سىلىگە كالا لازىم بولسا ئېغىلىدىكى كالامنى ئەكىلىپ بېرەي، مەندىمۇ بارى-يوقى بىر كالا بار ئىدى. شۇنىڭغا كۆزلىرى چۈشكەن بولسا سىلىگە سەدىقە قىلىۋەتتىم، بىر كالا دېگەن نېمىدى" دېيىشىگە دادۇيجاڭ چاچراپ كېلىپ ئۇنىڭ كاچىتىغا چاڭگىدە بىر شاپىلاق سالدى. بۇنى كۆرۈپ تۇرغان بوغالتىر بىلەن ئەترەت باشلىقى ئۇسماقنى مۇشتلاپ، تېپىپ يىقىتىۋەتتى. ئۇسماق: " ئۇرماڭلار مەن ئىقرار قىلاي" دەپ ۋارقىرىدى. ئۇلار ئۇرۇشتىن توختىغاندا، ئۇسماق: " كالىنى تونۇمايدىغان بىر كىشىگە ساتتىم، مېنى ئۇرماڭلار. ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزۈمنىڭ كالامنى تۆلەپ بېرەي" دەپ سوراق قەغىزىگە بارمىقىنى باستى. ئۇ دوكۇلداپ ماڭغىلى تۇرۇۋېدى، ئالماس دادۇيجاڭ:

— ئوبۇلقاسىم ئاخۇن سىلى بىرگە بارسىلا، بولمىسا بۇ ئوغرى قېچىپ كېتىدۇ، — دېدى.

— مەن قاچمايمەن دادۇيجاڭ، قېچىپ بارىدىغان يېرىممۇ يوق. بىر كالا ئۈچۈنمۇ قاچقان بارمۇ دېگىنىچە چىقىپ كەتتى. بىز يېرىم سائەتتەك ئۇلارنى كۈتتۇق. ئۇلار دادۇي ھويلىسىغا كىرگەندە ھەممىمىز ئالدىغا چىقتۇق. دادۇيجاڭ ۋارقىراپ:

— بۇ ئەرۋاھ كالاڭ، ئۇ كالىنىڭ ئورنىنى باسالامدۇ؟ — دېدى.
— بۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسەم يوق، — دېدى ئوسماق بىچارە قىياپەتتە.
— كۆزۈمدىن يوقال! يەنە ئوغرىلىق قىلىدىغان بولساڭ ئۆزۈڭنى ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدا كۆرىسەن. ئەمدى كىرىپ قالىدىغان بولساڭ تۈرمىدە سېسىپ ئۆلىسەن، — دېدى دادۇيجاڭ ئۇنى سىرتقا ئىتتىرىپ.
— دادۇيجاڭ! ئوغرىلىق قىلسام راستتىنلا تۈرمىگە سولىتىۋېتەمدىلا؟
— دېدى ئوسماق بېشىنى قايرىپ، ئىككى بىسلىق گەپ بىلەن.
— نېمە دېدىڭ ئوغرى! يەنە بىر دېگىنە دەپ دادۇيجاڭ ئۇنى قوغلاپ ماڭغىلى تۇرۇۋىدى، مەن دەرھال ئۇنى تۇتۇۋېلىپ:
— بولدى قىلسىلا دادۇيجاڭ، نېمىلا بولسا ئۇ كالىسىنى تۆلەپ بەردى، — دېدىم مەن.
دادۇيجاڭ، ماڭا ئالىيىپ قويۇپ دېدى:
— ئوبۇلقاسىم ئاخۇن بۇ كالىنى سىلى بۇگۈن ئۆيلىرىگە ئەكىتىپ، ئەتە ئەترەتنىڭ مالچىسىغا ئۆتكۈزۈپ بەرسىلە.
مەن ئەتىسى ئوسماقتىن ”كالىنى سەن راستتىنلا ئوغرىلىغانمۇ؟“ دەپ سورىدىم. ئۇ: ”مەن ھەپسىدىن چىققاندىن بىرى سىلى ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ كېلىۋاتىلا، سىلىدىن ھېچ نېمىنى يوشۇرمايمەن. مەن ھەپسىدىن چىققاندىن كېيىن مېيىلى كوللېكتىپنىڭ، مەيلى شەخسىينىڭ بولسۇن ھېچكىمنىڭ، ھېچقانداق نەرسىسىنى ئالمىدىم، دېدى. ئۇنداق بولسا نېمىشقا ئىقرار قىلدىڭ، نېمىدەپ كالاڭنى تۆلەپ بەردىڭ، دەپ سورىدىم. بىر كالىنى دەپ بىكاردىن بىكار تاياق يېگۈم يوق. ئىقرار قىلمىسام ئۇلار ئۆلگۈچە ئۇرىدۇ. يەنە كالىنى تارتىۋالماي قويمايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە تاياقتىن قۇتۇلغىنىم ياخشى ئەمەسمۇ؟“ دېدى.
— سەن ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، كالىنى تۆلەش بىلەن ئىش

تۆگـــمەيدۇ. ســەن داۋاملــق يامــان ئــاتلىق بولــۇپ، قىرىغانــدا كىشلەرنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ، كۈن ئۆتكۈزمىكىڭ تەس بولىدۇ، دېدىم. ئۇسماق كۆزىگە ياش ئېلىپ، مەن بىر ياغلىق قاپاق تۇرسام مەنــدە نەدىمــۇ ياخشــى نــام بولســۇن دەيــلا؟ داۋىجاڭنىــڭ ھىلىقــى چارىســمۇ بولىدىكــەن، مۇشــۇ قېتىم ســولاپ قويىســمۇ بولۇپتىكەن، بــۇ يەردە بۇنداق خارلىنىپ، ئۇلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچراپ يۈرگۈچە. لېكىن ئوغرىلىق قىلسام بولمايدۇ ــ دە. مەن ياخشــى ئــادەم بولــۇش، ئوغرىلىق قىلماسلىق توغرىسىدا قەسەم ئىچىپ ۋەدە بەرگــەن دېســلە، ــ دېدى مىشلداپ تۇرۇپ.

يــەن زېمــن مەتقاســمنىڭ ســۆزلىرىنى ئاڭلىغانــدىن كېــيىن ئوسماقنىڭ ناھىيلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە بېرىپ مېنى ســولاپ قويــۇڭ، دەپ يــالۋۇرۇپ كەتكــەن چاغــدىكى قىياپــتىنى كــۆز ئالدىغا كەلتۈردى ۋە ئۇ بىكارغا تەلەپ قىلمىغان ئىكــەن ــ دە، دەپ ئويلاپ، مەتقاسمدىن يەنە سورىدى:

ــ مەتقاســم ئاخــۇن، ســىلىنى شــۇ كۈنــى ئالمــاس نىيازنىــڭ قېيىنىنســــنىڭ مۇشـــۇ مەھەللـــدە يۈرگـــىنىنى كۆرۈپـــتىكەن، دەپ ئاڭلىدۇق، راستمۇ؟

ــ راســت، ــ دېــدى مەتقاســم ۋە بىــر دەم ئويلىنىۋالغانــدىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ــ مــەن ئۇنىڭ تــازا چىڭقى چۈش ۋاقتىدا ئالماس نىيازنىڭ ئۆيى تەرەپتىن ئاياغ تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگــەنىدىم. ئايــاغ تەرەپــتە ئالمــاس نىيازنىــڭ ئىنىســىنىڭ ئــۆيى بــار ئىــدى. مــەن ئــۇنى شــۇلارنىڭ ئۆيىگــە بارىــدىغان ئوخشــايدۇ دەپ ئويلىغانىدىم .

ــ مەتقاســم ئاخــۇن، مېنىــڭ ســىلىدىن بىــر ئىشــنى ســورىغۇم كېلىۋاتىدۇ، سىلىنىڭچە كالىنى كىم ئالغاندۇ؟

مەتقاســم خىجالەتچىلىكتــە قــېلىپ بىــر دەم ئولتــۇرۇپ كــەتتى. كېيىن:

— مەنغۇ ئىنىق بىر نەرسە دېيەلمەيمەن، شۇنداق بولسىمۇ كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىكى مىش ـ مىش گەپلەرگە قارىغاندا كالىنى ئالماس نىياز تۇغقانلىرى بىلەن بىرلىشىپ يەپ كېتىپ، ئوسماقنىڭ ياغلىق قاپاق نامىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭغا ئارتىپ قويىدىمىكىن دەيمەن. لېكىن بۇنىڭغا مىنىڭ ئىنىق پاكىتىم يوق، — دېدى.

يەن زىمىن بۇ ئوغرىلىق دېلوسىنى ئاللىقاچان ئىنىقلاپ بىر باشقا چىقاردى. كالىنى ئالماس نىيازنىڭ قىينىنىسى ئارقىلىق باشقا بىر گۇڭشېغا ئاپىرىپ ئىككى يۈز ئون يۈەنگە سېتىۋەتكەنلىكى ھەققىدىكى پاكىتنىمۇ قولغا چۈشۈردى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ساقچىلارغا خاس گۇمانلىنىش، نازۇك يەرلىرىنى قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈش، زىددىيەتلەردىن پايدىلىنىش، پاكىتلارنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق پۇختا ئاساسقا ئىگە دېلو ماتېرىيالىنى قولغا كەلتۈردى. ئالماس دادۈيجاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭ سەمىمىي ياكى سەمىمىي ئەمەسلىكىنى سىناپ باقتى. ئەتىسى ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن تەكشۈرۈشكە قاتناشقان سەپداشلىرى بىلەن بىللە بېرىپ ئەھۋالنى ئوسمان سادىققا دوكلات قىلدى. ئاخىرىدا ئالماس نىيازنى سوراق قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئوسمان سادىق ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. ئاخىرىدا :

— ئەگەر مۇمكىن بولسا كالا ۋەقەسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئۇنىڭ باشقا ئىشلىرىنىمۇ كولاپ چىقارساڭلار، بىزنىڭ خىزمىتىمىزگە پايدىسى بولاتتى، — دەپ قوشۇپ قويدى.

يەن زىمىن بىر ئاز ئىككىلىنىپ قالغاندەك بولدى.

— قىيىنچىلىق بارمۇ؟

— بولماسمىكىن، — دېدى ئۇ كۆزىنى چىمچىقلىتىپ تۇرۇپ، — مەن ھېلىمۇ ئۆز خىزمەت دائىرەمدىن خېلىلا ھالقىپ كەتتىم. ئىجتىمائىي جىنايەت مەسىلىسىنى باشقا ئىشلارغا ئارىلاشتۇرۇپ قويسام تۆتنى ئىنىقلاش خىزمىتىگە چات كىرىۋالغان بولۇپ قالارمىكىن.

— سىزنىڭ دېگىنىڭىزمۇ توغرا، — دېدى ئوسمان سادىق

كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — لېكىن بىز ھەممە ئىشقا يېتىشىپ بولالمايۋاتىمىز. مەن خىزمەت ئەترىتى نامىدىن سىزنى تەكلىپ قىلاي، مۇشۇ ئىشنى ئاخىرىغا چىقىرىۋېتىڭ.

— ماقۇل، مەن ئىشلەپ باقاي، — دېدى يەن زېمىن.

— ئوسمان سادىق يەن زېمىننى ياقتۇرۇپلا قالغانىدى. ئۇ كۆڭلىدە بۇ پۇختا ئىش قىلىدىغان كادىر ئىكەن. يەرلىك خەلق بىلەن ناھايىتى چىقىشىپ كېتىپتۇ. مۇشۇنداق كادىرلار ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بېرەلەيدۇ، دەپ ئويلىدى.

ئەتىسى يەن زېمىن سەپداشلىرى بىلەن خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. بىر قانچە كادىر ھويلىدىكى سۇپىغا سېلىپ قويۇلغان كىگىز، پالاس ئۈستىدە ئولتۇرۇشۇپ گىردە ناننى چىنىنىڭ گىرۋىكىگىچە سېلىنغان چايلىرىنى ئىچىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار ئىشخانىغا كىرىپ بىر دەم بۈگۈن قىلماقچى بولغان ئىشلىرى توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن:

— سىز بېرىپ ئالماس نىياز بىلەن ئوبۇلقاسىمنى چاقىرىپ كېلىڭ، — دېدى يەن زېمىن باقى ساقچىغا.

ئارىدىن بىر سائەتچە ۋاقىت ئۆتكەندە باقى ساقچى كىرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى:

— يەن جۇيجاڭ ئۇلار كەلدى، باشلاپ كىرەيمۇ؟

يەن زېمىن بىر دەم ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن:

— ئالماس نىيازنى باشلاپ كىرىڭ، ئوبۇلقاسىم سىرتتا تۇرۇپ تۇرسۇن، — دېدى.

ئالماس نىياز كىرىپ سالام قىلدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن سەل-پەل ھودۇققانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— ئولتۇرۇڭ ئالماس دادۇيجاڭ، — دېدى يەن زېمىن ۋە ئۇنىڭغا ئورۇندۇق قويۇپ بېرىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سىز كونا دادۇيجاڭ، نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ ياخشى نەتىجىلەرنى ياراتقان

ئادەم. گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلسام، مۇشۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سەل ئۆزگىرىپ قالدىڭىز! باشقىسىنى ھازىرچە قويۇپ تۇرۇپ بىرلا مىسال كەلتۈرەي ، سىز موزايلىق ئىنەكنى تۇغقانلىرىڭىز بىلەن يەپ كېتىپ ئۇسماققا ئارتىپ قويدىڭىز. بۇ ۋىجدانلىق ئادەم قىلىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. لېكىن سىز بۇ ئىشتا ۋىجدانسىزلىق قىلدىڭىز. بۇنى تەن ئالامسىز ياكى گەپنى باشتىن باشلاپ پاكىتلارنى بىر-بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويايمۇ؟

ئالماس نىياز بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ بۇلۇڭغا قاپسىلىپ قالغانىدى. جىددىيلەشكىنىدىن يۈزىدىكى، بوينىدىكى تەرلىرىنى بەلۋېغى بىلەن دەممۇ دەم سۈرتكەچ:

— مەن ئىقرار قىلاي، يەن جۈيجاڭ، — دېدى پەس ئاۋاز بىلەن.

ئۇ كالىنى ئۆزىنىڭ ئوغرىلىغانلىقىنى ئىقرار قىلدى. قېينىنىسىدىن باشقا ئۇبۇلقاسىمنىڭمۇ تۆتتىن بىر قىسمىنى ئالغانلىقىنى پاش قىلدى.

ئالماس نىياز ناھايىتى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. شۇنچە يىللاردىن بۇيان ئادەم باشقۇرۇپ، سوراق قىلىپ، ئەمدى باشقىلارنىڭ سوراق قىلىشىغا ئۇچرىشى ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ئېغىر كەلگەنىدى.

— سىزنىڭ باشقا ئىشلىرىڭىزمۇ بار، ئۇنى بۈگۈن دېيىشمەيلى، مەن پەقەت سىزگە گەپنىڭ بېشىنى چىقىرىپ قوياي، ئۇسماق تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، قىلغۇلۇقنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىڭىز قىلىپ ئۇسماققا ئارتىپ قويۇۋەردىڭىز، پايدا سىزگە بولۇۋەردى، يامان ئاتاق ھامان ئۇنىڭغا تەۋە بولدى. ئۇنىڭ نامى يامان، نېمە دېسەم، نېمە قىلسام بولۇۋېرىدۇ، دەپ قىلغۇلۇقنى قىلىۋەرسىڭىز ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ! سىز ئەتە بىر كۈن ئۆيىڭىزدە ئولتۇرۇپ ياخشى ئويلاپ كۆرۈڭ، خەت يازالىسىڭىز يېزىپ چىقىڭ، يازالمىسىڭىز كۆڭلىڭىزدە ساناپ قويۇڭ، سىز ئەللىك ياشتىن ئاشقان ئادەم، كىشىلەرگە قارا

چاپلاپ، زىيانغا ئۇچراتىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ ئەگەر سەممىيلىك بىلەن ئىقرار قىلسىڭىز سىزگە چارە كۆرمەيمىز، ۋەزىپىڭىزدىنمۇ ئېلىۋەتمەيمىز، — دېدى يەن زېمىن ئۇنىڭغا سەممىي نەسىھەت قىلىپ. ئاندىن باقىغا قاراپ:

— يولداش باقى يولداش ئوسمان سادىققا مەلۇم قىلىڭ، بىزنىڭ گېپىمىز تۈگىدى، ئۇ كىشىنىڭ يولىيورۇقى بولسا ئاڭلايلى، — دېدى.

ئوسمان سادىق ئىشىكتىن كىرىپلا:

— ھەي، ئالماس نىياز ئاغىنە، پوزىتسىيىڭىزغۇ بولىدۇ، لېكىن ئۆزىڭىز قىلغان ئىشنى باشقىلارغا ئارتىپ قويغىنىڭىز قاملاشماپتۇ، بۇ ئىشنىڭ خاراكتېرى ئېغىر جۇمۇ. ئۆزىڭىز ئالغىنىڭىز بىر گۇناھ بولسا، باشقىلارغا دۆڭگەپ قويۇپ، زىياكەشلىك قىلغىنىڭىز يەنە بىر گۇناھ بولىدۇ. شۇنداقمۇ رەزىل ئويۇن ئوينامسىز؟ بۇنىڭدىن چوقۇم چوڭقۇر ساۋاق ئېلىشىڭىز كېرەك. شۇنداق قىلالىسىڭىز بىز سىزنى يەنىلا چەتكە قاقمايمىز!...

يەن زېمىن بىلەن ئوسمان سادىقنىڭ سۆزىدىن كېيىن ئالماس نىيازنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى مۇجۇلغاندەك بولۇپ پۈكۈلۈپ كەتتى. ھۆكىرەپ يىغلاپ تاشلىدى. ئۇ چىقىپ كېتىدىغان چاغدا ئۆزىنىڭ ھەممە مەسىلىلىرىنى تاپشۇرۇپ، پاك ئادەم بولىدىغانلىقى توغرىسىدا قايتا ـ قايتا ۋەدە بەردى.

باقى ساقچى ئوبۇلقاسىمنى ئۆيىنىڭ سىرتىدا تۇرغۇزۇپ قويغانىدى. ئۇ ئالماس نىيازنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇردى.

— ھەممىنى ئاڭلىغانسىز؟ ئۆزىڭىزنىڭ ئالماس نىيازغا شېرىك ئىكەنلىكىڭىزنى بويىنىڭىزغا ئالارسىز، — دېدى داۋۇت رەھىم.

— ئالىمەن، باشقا ئىشلارنىمۇ تاپشۇرىمەن، — دەپ ۋەدە بېرىپ چىقىپ كەتتى ئوبۇلقاسىم.

يەن زېمىن ئوسمان سادىققا:

— ئوسمان ئىنىجاڭ، مەن ئەتە قايتايمىكىن دەيمەن. ئىدارىدىن

ئايرىلغىنىمغا بىر قانچە كۈن بولۇپ قالدى. بىزنىڭ ئۇ يەردىمۇ سوتسىيالىستىك تەلىم ـ تەربىيە ئىلىپ بېرىلىۋاتاتتى، ئىشىمىزمۇ ئالدىراشراق ئىدى، شۇڭا ماڭا رۇخسەت بەرسىڭىز، ـــ دېدى.

ـــ ئوسمان تىڭجاڭ دېمەي ئىسمىمنى ئاتاڭ، بۇ بىر تۈزۈم. مېنىڭ بىر ئويۇم بار، سىز ئەتە كەتمەي تۇرۇڭ. بۈگۈن چۈشتىن كېيىن دادۇي بويىچە بىر چوڭ يىغىن ئاچايلى. ئوسماقنىڭ كالىسىنى ئۆزگە قايتۇرۇپ بېرىپ بىر داغدۇغا پەيدا قىلايلى. سىزنىڭچە قانداق؟

ـــ ئۇ يەن زېمىننىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ قاراپ تۇردى.

ـــ بۇغۇ ئوبدان گەپ ئىكەن. لېكىن مەن ئۇ يىغىندا نېمە قىلىپ بېرەلەيمەن سىزگە! ـــ دېدى يەن زېمىن، ـــ ئوسماقنى ئۈلگە قىلساق قانداق بولار؟

ـــ ياق، ئوسماقنى ئۈلگە قىلمايمىز. ئالماس نىيازنى ئۈلگە قىلىمىز، ئوسماقنىڭمۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىنكى ياخشى پۇقرا بولغانلىقىدەك ئىپادىسىنى تەقدىرلەيمىز، ـــ دېدى ئوسمان سادىق .

يەن زېمىن ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قايىل بولدى.

## 5

پېشىندىن كېيىن گۈڭشې ئەزالىرى بىر ـ بىرلەپ دادۇي قورۇسىغا يىغىلىشقا باشلىدى. بىر توپ ئۈششاق باللار قورۇدا ۋارقىرىشىپ، يۈگۈرۈشۈپ ئويناۋاتاتتى. بىر چاغدا داۋۇت رەھىم گۈڭشې ئەزالىرىنى تەرتىپكە چاقىردى:

ـــ ھازىر سوتسىيالىستىك تەلىم ـ تەربىيە خىزمەت ئەترىتىنىڭ باشلىقى يولداش ئوسمان سادىق سۆز قىلىدۇ!

ئەزالار قىزغىن چاۋاك چېلىپ ئالقىش ياڭراتقاندىن كېيىن ئوسمان سادىق سۆز باشلىدى:

ـــ يۇرتداشلار، بىزنىڭ كەلگىنىمىزگە ئۇزۇن بولمىدى. بىر

قىسىم ئەھۋاللارنى تېخى تولۇق چۈشىنىپ بولمىدۇق. ھازىرچە مۇنداق چوڭ يىغىن ئېچىش نىيىتىمىزمۇ يوق ئىدى، لېكىن بىر ئىش تۈپەيلىدىن بۇ يىغىننى ئاچماقچى بولدۇق. نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يولداش يەن زىمىن كۆپچىلىككە چۈشەندۈرىدۇ، مەن كېيىنچە سۆزلەيمەن. ھازىر يەن جۈيجاڭنى سۆزگە تەكلىپ قىلايلى!

يەن زىمىن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىدى ۋە ئەڭ ئارقىدىكى بۇلۇڭدا ئولتۇرغان ئۇسماقنى كۆرۈپ كۆڭلى تىنغاندەك بولدى.

— كۆپچىلىككە دەيدىغان جىق گېپىم يوق، بۇ يىل ئەتىيازدا 2 ـ ئەترەتتە كالا يىتىپ كېتىش ئىشىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى توغرىسىدا چۈشەنچە بەرمەكچىمەن. شۇ چاغدا كالىنى ئۇسماق ئوغرىلىدى دەپ يەكۈن چىقىرىلىپتىكەن، قايتىدىن تەكشۈرۈپ كالىنى ئوغرىلىغان كىشىنى ئېنىقلاپ چىقتۇق. كالىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق، سېتىۋالغان كىشى بىلەنمۇ سۆزلەشتۇق. كالىنى ئۇسماق ئوغرىلىمىغان بەلكى دادۈيجاڭ ئالماس نىياز، بوغالتىر ئۇبۇلقاسىم، دادۈيجاڭنىڭ قېيىنىنىسى مەترەھىم قاتارلىقلار ئوغرىلاپ سېتىپ، ئۇسماققا دۆڭگەپ قويغان. دادۈيجاڭ، بوغالتىر، مەترەھىملارنىڭ ھەممىسى ئىقرار قىلدى، كالىنىڭ پۇلىنىمۇ قايتۇردى. بىز ئۆز ۋاقتىدا ئۇسماقتىن تارتىۋېلىنغان كالىنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدۇق. ھازىر ئۇنى ئۇسماققا قايتۇرۇپ بېرىمىز!

دېھقانلار بىردىنلا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشىپ كەتتى، ھەممىسى تەڭلا سۆزلەشكە ئۇرۇناتتى. بىر ـ بىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايتتى. ھەر كىم ئۆز قىياسلىرىنى، خىيالىغا كەلگەن سۆزلەرنى دېيىشلىشقا ئالدىرايتتى. بەزىلەر:” پارتىيە ھەقىقەتەن ئادىل ئىكەن جۇمۇ دېسە، بەزىلەر ئەجەب چېچەن خەنزۇكىنا بۇ، مۇشۇنداق چىگىش ئىشنىمۇ ئېنىقلاپ چىقىپتۇ“ دېيىشەتتى. يەنە بەزىلەر:” قاراڭلار! ئۇ

ئۇيغــــۇرچىنى ئەجـــەب ياخشـــى ســــۆزلەيدىكىنا، خـــۇددى ئۇيغۇردەكلا›› دېيىشەتتى.
بۇ چاغدا بىرەيلەن:
— ھەي، ئوسماق ئۇرنۇڭدىن تۇرە! كالاڭنى قولۇڭغا ئالماسەن! — دەپ ۋارقىرىدى. ئوسماق خۇددى ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، كىشىلەر توپىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ ھۆكۈمەپ يىغلىغانچە سەھنە ئالدىغا باردى — دە:
— ياشىسۇن پارتىيە! ياشىسۇن كادىرلىرىمىز! ياشىسۇن يەن جۈيجاڭ! — دەپ ۋارقىرىدى.
كىشىلەر يەنە غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى:
— يائاللا، بۇ ئوغرىنىمۇ ئېرىتىدىغان زامان بولىدىكەن — ھە؟
— پارتىيە بۇ ئوغرىنى ئاخىر ئادەم قىلدى دەڭلە!
— ئاڭلىسام بۇ ئوغرىنى ئاشۇ خەنزۇ ئادەم قىپتىمىش.
— ئۇ كالىنى مەن ئالمىدىم دەۋاتاتتى، راستىكەن — دە بۇ ئوغرىنىڭ گېپى...
غۇلغۇلا سەل بېسىقاي دېگەندە يەن زېمىن:
— ئوسماق، بۇ ياققا كەل، كالاڭنى قولۇڭغا ئال! — دېدى باقى تۇتۇپ تۇرغان كالىنى كۆرسىتىپ.
باقى كالىنى يېتىلەپ كېلىپ ئوسماققا بەردى. ئوسماق تىترەپ تۇرغان قوللىرىدا كالىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتقىنىچە يەن زېمىننىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى. يەن زېمىن ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇپ دېدى:
— سەن بايىقىدەك مېنى ياشىسۇن دەپ توۋلىساڭ خاتا بولىدۇ، ياشىسۇن ماۋ جۇشى، ياشىسۇن جۇڭگو كومپارتىيىسى! دېيىشىڭ كېرەك.
— مەن تەمتىرەپ قالدىم، نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم. بۇنداق بولار دەپ خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدىم، شۇڭا ئاغزىمغا كەلگەننى

تووۋلاپتىمەن، خاتا دەپ سالمىغاندىمەن، — دېدى ئوسماق. ئۇ يەن زېمىننىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە يەنە بىر قېتىم تووۋلىدى.

كىشىلەر تەسىرلەنگىنىدىن، كۆزلىرىدە خۇشاللىق نۇرلىرى پارلايتتى، بەزىلەر خۇشاللىقتىن كۆز يېشى قىلغانىدى.

ئۇ چاغلاردا ماۋ جۇشىدىن باشقا ھېچكىمنى ياشىسۇن دېگىلى بولمايتتى. ئەگەر ئوسماقتىن باشقا ئادەم يەن زېمىننى ياشىسۇن دەپ تووۋلىغان بولسا، يېزا ئاكتىپلىرى چوقۇم ئۇنىڭ كوكۇلىسىغا ئېسىلىۋالغان بولاتتى.

داۋۇت رەھىم يىغىننىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى ئېلان قىلدى.

— ئوسماق، ئەمدى سولاپ قويۇڭ دەپ بىزنى ئاۋارە قىلماسسەن — ھە؟ — دېدى يەن زېمىن ئۇنىڭ ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا بارغاندىكى ئىشلىرىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ياق، ئەمدى ئۇنداق قىلمايمەن. گۇڭشېدا ياخشى ئەزا بولۇپ ئۆلگۈچە ئىشلەيمەن، — دېدى كۆڭلى ئېرىگىنىدىن يىغلاي-يىغلاي دەپ تەستە گەپ قىلىپ.

ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا ئولتۇرغان ئالماس نىياز بىلەن ئوبۇلقاسىم ئولتۇرغان يېرىدە خىلىغىچە بېشىنى كۆتۈرەلمەي ئولتۇرۇپ كەتتى.

شۇ كۈنى يەن زېمىن بىلەن باقى ساقچى ناھىيىگە قايتىپ كەتتى.

## 6

يېڭى بۇغداي چىقىپ دارامەت تەقسىم قىلىنغاندىن كېيىن دېھقانلار ئىشەك ھارۋىلىرىنى ھەيدەپ بىر كۈنلۈك يىراقلىقتىكى غولتۇگمەن دېگەن جايغا ئۇن تارتىش ئۈچۈن ماڭغىلى تۇردى. بۇ، خامانىنى تېخى پۈتتۈرۈپ تىپىپ بولالمىغان، كۈزلۈك زىرائەتلەر

پەرۋىشىنى كۆچەيتىشكە ئەمگەك كۈچى يېتىشمەيۋاتقان مەزگىل ئىدى. ئەزالار ئەترەت باشلىقلىرىنىڭ توسقىنىغا قارىماي، كەچ كىرىش بىلەنلا بىر ـ بىرلەپ قېچىپ كەتتى.

بىر كۈنى ئوسمان سادىق ئېتىزدا ئەمگەك قىلىۋاتقان بىر قانچە مويسىپىت دېھقاندىن:

ــــ بۇ يەردىن ئۈچ ئۆستەڭ سۇ ئاقىدىكەن، بىرى ئارىلاپ توختاپ قالسىمۇ، ئىككى ئۆستەڭ سۇ تاكى مۇز توڭلىغۇچە ئاقىدۇ دەپ ئاڭلىدىم. نېمىشقا تۈگمەن چۆرۈمەيسىلەر؟ ياكى بۇ يەردە تۈگمەن چۆرۈگىلى بولمامدۇ؟ ــــ دەپ سوراپ قالدى. دېھقانلار:

ــــ ئۇنداق ئەمەس، بۇ يەردە ئەسلى ئىككى جايدا تۆت تاش تۈگمەن بار ئىدى. كوللېكتىپلەشكەندىن كېيىن بىر كۈن ئۇ باشلىق، بىر كۈن بۇ باشلىق بولۇپ ياخشى باشقۇرۇلماي كېرەكتىن چىقتى. كېيىن باشلىق بولغانلار بۇگۈن قىلىمىز، ئەتە قىلىمىز دېيىشتىيۇ قىلىشمىدى. بولمىسا ئاشۇ تۈگمەننىڭ تاشلىرى ھېلىمۇ بار، ــــ دەپ ئىنكاس قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئوسمان سادىقنىڭ كاللىسىغا تۈگمەن چۆرۈش خىيالى كىرىۋالدى.

ئوسمان سادىق ئەتىسىلا ئالماس نىيازنى چاقىرىپ، كونا تۈگمەن ئىزىغا ئىككى تاشلىق تۈگمەن چۆرۈشنى، ئون بەش كۈن ئىچىدە پۈتكۈزۈشنى تاپىلىدى. ئالماس نىياز ئۆزىنىڭ مەسىلىلىرىنى سەممىيلىك بىلەن تاپشۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ ئەپۇ قىلىشىغا ئېرىشكەنىدى. دېھقانلار چوڭ يىغىندا: " بۇ دادۈيىجاڭىمىز يەنىلا ياخشى. ئاز ـ تولا يەپ ـ ئىچىپ خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ ئىشلەپچىقىرىشنى ئوبدان باشقۇرۇپ ياخشى ھوسۇل ئېلىشقا يېتەكلىيەلەيدۇ، تەجرىبىسى بار. بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە مەيلى كادىرلار، مەيلى ئەزالار بولسۇن، كۆپ يەپ، كۆپ ئىگىلىۋېلىشى، ئوغرىلىق قىلىشى تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، يوقسۇزلۇقتىن بولغان، ناۋادا ھەممە ئادەمنىڭ قول ئىلكىدە بولسا، ئاز ـ تولا مەنپەئەتنى دەپ

ئۆزىنى بۇلغاپ يۈرمىگەن بولاتتى. بۇ قېتىم ئۇ خېلى بۇرۇنغا يەپ، ساۋاقنى قوبۇل قىلغاندەك تۇرىدۇ›› دەپ ئۇنى يەنە دادۈيجاڭ قىلىپ سايلىۋالغانىدى.

ئالماس نىياز تۆگمەن چۆرۈش ۋەزىپىسىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى ۋە بۇ ۋەزىپىنى جان دىلى بىلەن ئورۇندايدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ شۇنداق خىيالى بار بولۇپ ئۇنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماي كەلگەنلىكىنى، بۆگۈنلا ئادەم تەشكىللەپ ئىش باشلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

تۆگمەن قۇرۇلۇشى باشلىنىپ نەچچە كۈن بولغاندا ئوسمان سادىق داۋۇت رەھىمنى ئەگەشتۈرۈپ تۆگمەن چۆرۈمەكچى بولغان يەرگە باردى. بۇ چۈش ۋاقتى بولۇپ، ئوسماق يالغۇز ئۆزى تۆگمەن تېشىنىڭ قىرىدا ئولتۇرۇپ سوغۇق سۇغاناننى چىلاپ يەۋاتاتتى.

— ئوسماق ئاخۇن، سىلى يالغۇز قاپىلىغۇ؟ — دەپ سورىدى ئوسمان سادىق ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈۋېتىپ.

— ئالماس دادۈيجاڭ مېنى كۈندۈزى ئەزالار بىلەن بىرگە ئەمگەك قىل، ئەتىسى ـ ئاخشىمى مۇشۇ ياغاچ ـ تاشلارغا قاراپ بەر دەپ بۇيرۇغان، باشقا ئەزالار تاماق يېگىلى كەتتى، — دېدى ئوسماق.

— ئالماس دادۈيجاڭ ئەمدى سىلىگە ئىشىنىدىغان بوپتۇ ـ ھە؟

— شۇنداق بولدى. يېقىندىن بۇيان مۇشۇنداق مۇھىم ئىشلارغا قويۇۋاتىدۇ.

ئوسمان سادىق ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى لىم ياغاچ ئۈستىدە ئولتۇراتتى.

— دۈيجاڭ، سىلى مېنى ئوسماق، سەن دېسىلە، سىلى ئۆزلىرى دېسىلە ياتسىراپ قالغاندەك بولىدىكەنمەن، — دېدى ئوسماق ھىجىيىپ.

— ئۇنداق بولسا سىلىمۇ مېنى دۈيجاڭ دېمەي ئوسمان ئاخۇن دەڭلە، بىز تەڭتۇش بولغاندىكىن، ئىتىمىزمۇ يېقىن ئىكەن، — دېدى

ئوسمان سادىقمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىلى ھازىر جىنايەتچى ئەمەس، گۇگۇشى ئەزاسى، خەلق، ئورنۇڭلا بىز بىلەن ئوخشاش، شۇڭا ئەمدى ئۆزۈڭلەرنى ئۇنداق پەس چاغلىماڭلار — ھە!

ئوسماق تەسىرلەنگىنىدىن كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ، كۆز چاناقلىرىدا پارقىراپ تۇرغان ياشلىرىنى بىلىندۈرمەي قولىنىڭ كەينى بىلەن سۈرتىۋەتكەچ:

— شۇنداق! شۇنداق! ئۆزۈمنى پەس كۆرمىسەم بولغۇدەك، ھەر قايسىلىرى قايتا - قايتا دەپ تۇرغاندىن كېيىن، — دېدى.

— ئوسماق ئاخۇن سىلىدىن بىر ئىشنى سوراپ باقاي، سىلى 1950 - يىلى ئۆلكە ئازاد بولغان چاغدىكى ئومۇمىي كەچۈرۈمدە قويۇپ بېرىلگەن ئىكەنسىلە. يەنە نېمە ئۈچۈن تۈرمىگە كىرىپ قالدىڭلار؟ ئاڭلىسام بۇ يىل 2 - ئايدا تۈرمىدىن چىقىپسىلە.

— بىرى سىلىگە دەپ قويۇپتۇ — ھە، مېنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەخمىقانە ئىشىمنى؟

— قانداق ئەخمىقانە ئىش ئىدى ئۇ؟

— ھېلىقى قېتىم قوڭغۇز ئويىنىتىپ تۇتۇلۇپ قالغاندا ئۈچ يىل ياتقانىدىم. پارتىيىمىز كېلىپ ئومۇمىي كەچۈرۈم قىلىندى دەپ قويۇپ بەرگەنىدى دېسىلە.

— قوڭغۇز ئويىنىتىش دېگەن قانداق ئىش ئۇ، ئوسماق ئاخۇن؟

— سورىدى داۋۇت رەھىم ھەيران بولۇپ.

— مەن سىزگە كېيىن دەپ بېرىمەن، ئۇمۇ بىر قىزىق ھېكايە ئىكەن، — دېدى ئوسمان سادىق داۋۇت رەھىمگە قاراپ، ئاندىن كېيىن ئوسماققا، — ھە قېنى داۋاملىق سۆزلەۋېرىڭلا.

— يەر ئىسلاھاتى كادىرلىرى كېلىپ يەرلەرنى ئۆلچەپ، پومېشچىكلارنىڭ مال - مۈلكىنى ھېسابلاپ، كۈرەش يىغىنلىرى ئېچىلىۋاتقان كۈنلەر ئىدى، — دەپ سۆز باشلىدى ئوسماق، — بىر بازار كۈنى بوگۈن توختىھاجى پومېشچىكنى كۈرەش قىلىدىكەن، دەپ

ئاڭلاپ، بىر قانچىمىز بازارغا كەلدۇق. ئەتىگەن كېلىپ قاپتىكەنمىز، رايون ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈردۇق. بىر چاغدا ھېلىقى شاداۋۇت دېگەن ئاداش رايون ئىچىگە كىرىپ باقامدۇق، دەپ تۆتىمىزنى سۆرىگەندەك ئېلىپ ماڭدى. رايون ئىچىگە كىرسەك يوغان بىر داش قازاندا قوي گۆشى سانلىرى بىلەن پىشقلاپ قايناۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ مەززىلىك پۇرىقى بىزنى ئايلىنىپ كېتەلمەيدىغان قىلىپ قويدى. شاداۋۇت، گۆشنى ئوغرىلاپ يەيلى دەپ تۇرۇۋالدى. مەن:

— كادىرلار يەيدىغان گۆشنى ئوغرىلساق چاتاق چىقىدۇ، ئادەملەر كىرىپ، چىقىپ تۇرسا، دەپ ئۇنىمىدىم. شا داۋۇت:

— قورقتىڭ ھە ئوغرى، بىر قانچە قېتىم تۇرمىگە كىرىپ، قورقۇنچاق بولۇپ كېتىپسەن جۇمۇ دېگەندى، غۇژژىدە ئاچچىقىم كېلىپ:

— ئۇنچىلىك ئىشنى قىلالمىسام ئوسماق ئوغرى دېگەن ئېتىمنى يۆتكىۋېتەمىنا! دېگىنىمچە يېگىمنى تۈرۈۋېتىپ، قايناۋاتقان قازانغا قولۇمنى تىقىپلا بىر سان يانپاشنى سۇزۇپ ئالدىم. قاچاي دەپ تۇرسام بىر ئۇيغۇر ئەسكەر كاپلا قىلىپ بىلىكىمدىن تۇتۇۋېلىپ قولۇمدىكى گۆشنى ئېلىۋالدى. ئۇنىڭغىچە يەنە بىرەيلەن شاداۋۇتنى تۇتۇۋالدى، قالغان ئۈچى قېچىپ كەتتى.

— ھەي، ئوسماق ئۆزۈڭنى ئاقلاپ، باشقىلارغا ئارتىپ قويماي راست گەپنى قىلساڭچۇ، — دېدى بۇ يەرگە كېلىپ ئۇلارنىڭ باش تەرىپىدىكى دۆڭدە ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئالماس نىياز گەپ ئارىلاپ.

— ھوي دادۇيجاڭ سىلىمىدىله! ئاڭلاپ تۇرۇپلا - ھە؟ ئۇنداقمۇ ئەمەس ئىدى، دەسلەپتە ئالمايلى دەپ تارتىنىشقىنىم راست جۇمۇ،— دېدى ئوسماق ئۆزىنىڭكىنى يېنىكلىتىپ سۆزلەۋاتقانلىقىغا ئوڭايسىزلىنىپ.

— ھە، قىنى ئايغىنى دەڭلا، — دېدى ئوسمان سادىق.

— دادۇيجاڭ گەپ تېشىپ قالدى ئوسمان دۇيجاڭ، ئەسلىدە

مىنىڭ ئۇ گۆشنى راستىنلا ئوغرىلاش نىيىتىم يوق ئىدى، بىر پارچە گۆش ئوغرىلاش بىزدەك ئوغرىلارغا ئانچە خاس ئىشمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ چاكىنا ئوغرىلارنىڭ ئىشى دېسىلە، ئۇلار مىنى ئىچچىتىپ بەك چۈشۈرۈۋەتتى:" قورقۇنچاق، شۇنچىلىك تەييار نەرسىنى ئالالمايسەنۇ، تېخى كۆرگەنلا يەردە پو ئېتىپ ئۇنداق تاملارنى تېشىشۈېتىمەن، مۇنداق قۇلۇپلارنى چىقىۋېتىمەن، قاچسام ئات يېتەلمەيدۇ دەيسەن، ئۇ دېگەنلىرىڭگە كىم ئىشىنىدۇ" دېيىشىپ مازاق قىلىشتى. بولمىسا شۇ گۆشنى ئوغرىلىغىنىمغا ھېلىمۇ نومۇس قىلىمەن.

— ئۆز گېپىڭگە يېنىپ كەل. ئوسماق، يەنە ماختانغىلى تۇردۇڭغۇ — دېدى ئالماس نىياز.

— ماقۇل قەيەرگە كەلگەنتىم؟ — دېدى ئوسماق چېكىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ.

— ئۇچى قېچىپ كەتتى، دېگەن يەرگە كەلدىڭ، — دېدى ئالماس نىياز.

— بىر دەمنىڭ ئىچىدە ئادەملەر يىغىلىپ كەتتى. كۆزۈمنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇردۇم. قۇلىقىمغا ھەر خىل گەپلەر كىرىۋاتىدۇ:

— قانداق ساراڭ نېمە بۇ؟ قايناۋاتقان قازانغا قولىنى تىققان.

— مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىپ پىشىپ كەتكەن نېمە بولمامدۇ؟

— تازىمۇ چاكىنا گۆي ئىكەن بۇ. بىر پارچە گۆش ئوغرىلايمەن دەپ رەسۋا بولغىنىنى كۆرمەمدىغان...

— ئەڭ ئاخىرقى گەپ يۈرىكىمگە تەگكەن ئوخشايدۇ، نومۇستىن بېشىم تېخىمۇ چۈشۈپ كەتتى. شۇ ئارىلىقتا بىر تونۇش ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى. كۆزۈمنىڭ قىرى بىلەن قارىسام بىزنىڭ گۇڭشىنىڭ ھازىرقى شۇجىسى، ئۆز ۋاقتىدىكى يەر ئىسلاھاتى ئاكتىپى تۇرسۇن ئاخۇن كېلىۋېتىپتۇ. ئۇ يېنىمغا كېلىپ:

— يەنە سەن ئىكەنسەن — دە ئوسماق، — دېدى، ئاندىن كېيىن، — بۇلارنى ئىشخانىغا ئېلىپ كىرىڭلار، دەپ قويۇپ ئۆزى

باشقا بىر ئىشخانىغا كىرىپ كەتتى. كۆڭلۈمدە تۇرسۇن ئاخۇن مېنىڭ گومىنداڭ ۋاقتىدا سولاقتا ياتقانلىقىمنى، ئومۇمىي كەچۈرۈم قىلىش ۋاقتىدا قويۇپ بېرىلگەنلىكىمنى بىلگەندىكىن مېنى قويۇۋېتەر دەپ ئويلاپتىمەن. شۇ كۈنى مېنى بىر ئەسكەر نازارەت قىلدى. شا داۋۇتنى قويۇۋەتتى، ئەتىسى ئىككى ساقچى كېلىپ مېنى ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا ئېلىپ كەتتى. كېيىن ئۇلار مېنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىمنى ئېنىقلاپ كۆرۈپ كونا ـ يېڭى ھېسابىنى بىراقلا قىلدى. ‹‹بۇ تۈزەلمەيدىغان تۇغما ئوغرىكەن›› دەپ رەسمىي سولىدى. دەسلەپتە يېنىك كەسكەنىدى، لېكىن مەن جىم يۈرمەي، ئۇ يەردىمۇ ئوغرىلىق قىلدىم، كىشىلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ بىرسىنى ئۇرسام، بىرسىدىن تاياق يەپ ھەپسىنى قالايمىقان قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن بىراقلا ئون يىللىق كېسىۋەتتى. شۇ ياتقانچە ئۇزاق يېتىپ كەتتىم.

— تۈرمىدە ئوغرىلايدىغان نېمە بار ئوسماق، — دېدى ئالماس نىياز ئېغىز كولاپ.

— بار، دادۇيجاڭ، يەيدىغان، كىيىدىغان نەرسىلەر بار . يەنە پۇلمۇ بار دېسىلە! لېكىن، — دېدى ئوسماق گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — يېشىم چوڭايغانسېرى قىلغان ـ ئەتكەنلىرىمگە كۆپ پۇشايمان قىلىدىغان بولدۇم. ئەمدى توغرا يولدا ماڭاي دېگەن يەرگە كەلدىم. بولۇپمۇ يەن زېمىن جۇيجاڭ ماڭا سىياسەتنى ئېيتىپ ئىچكۈزگەندەك چۈشەندۈردى.

— ئوسماقنىڭ يەنە بىر قىزىق ھېكايىسى بار، مانا بېشىغا قارىسىلا، — دېدى ئوسمان نىياز ئۇنىڭ شاپاق دوپپىسىنى ئېلىۋېتىپ.

— بېشىڭلارغا نېمە بولغان؟ — دېدى ئوسمان سادىق ئوسماقنىڭ بېشىدىكى تاتۇقلارنى كۆرۈپ.

— ئەمدى مېنى گەپكە سالمىسىلا دادۇيجاڭ، بۇرۇن ‹‹نوچىلىقىم›› دەپ يالغان سۆزلەپ يۈرگەنىدىم. ئەمدى نومۇس

قىلىدىغان بولۇپ قالدىم، — دېدى ئوسماق.

— بۇ يۇقىرى تەرەپتىكى ئۆستەڭدە بولغان ئىش ئىدى، — دېدى ئالماس نىياز ئوسماق ئۈچۈن جاۋاب بېرىپ، — ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئوسماق تۇرمىگە كىرىپ ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن تۇرمىنى تېشىپ قېچىپ چىقىپتۇ. لېكىن بىزنىڭ مەھەللىگە كىرەلمەي، مۇشۇ ئەتراپتا ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ. گومىنداڭنىڭ ۋاقتىدا ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى بىر ئۇيغۇر، بىر خەنزۇ ساقچىنى مۇشۇ ئەتراپنى تەكشۈرۈپ پايلاشقا ئەۋەتكەنىكەن، ئۇلار كۈندە كېلىپ بىزنى قىستىغىلى تۇردى. ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ ھەممە ئادەمنىڭ قازناقلىرىدىن تارتىپ گەمىلىرىگىچە ئوڭتەي-توڭتەي قىلىۋەتتى. ھەتتا سامانلىقتىكى سامانى، ئاتخانىدىكى بېدىلەرنى يۆتكىتىپ ئىزدىدى. بىر كۈنى مەھەللىدىكى قېرى-ياش، ئەر-ئاياللارنىڭ ھەممىسىنى ھازىرقى داۋىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ سېدىنىڭ ئاستىغا يىغىۋالدى. ساقچىلار ئوسماقنىڭ ئۆگەي ئانىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئوسماقنى تېپىپ بېرىسەن دەپ قىستىغىلى تۇردى. شۇ چاغدا ئوسماق توقايلىق تەرەپتىكى دۆڭنىڭ ئۈستىدە لۆممىدە پەيدا بولۇپ، بىز تەرەپكە قاراپ تۇرغانىكەن، ئۇنى بىر كىچىك بالا كۆرۈپ قاپتۇ، بالا: „ ئوسماق ئاكام ئاۋۇ يەردە تۇرىدۇ“ دەپ ۋارقىرىدى. ھەممىمىز شۇ تەرەپكە قارىدۇق، راست ئوسماق ئىكەن، ھېلىقى ئىككى ساقچى بىزنى تاشلاپ ئوسماقنى قوغلاپ چىقىپ كەتتى.

ياشلاردىن بىر قانچىمىز ساقچىلارنىڭ كەينىدىن بىللە باردۇق. قاراپ تۇرساق ئوسماق ئالدىغا قاراپ قاچتى. ساقچىلار: „ توختا! بولمىسا ئاتىمەن“ دەپ بىر قانچە قېتىم ۋارقىرىدى. شۇ ئارىلىقتا بىرى ئوقمۇ چىقاردى. ئوسماق توختىماي يۈگۈرۈۋەردى، ساقچىلارمۇ توختىماي قوغلاۋەردى. بۇ تازا قارا قىش كۈنلىرى ئىدى، ئوسماقنى تۇتۇۋالىدىغان بولدى، دەپ تۇرساق، ئۇ كۆز ئالدىمىزدىن غايىب بولدى. ساقچىلار مۇشۇ بىز تەرەپتىكى ئۆستەڭنى بويلاپ بىر دەم

قوغلىغاندىن كېيىن ئۆستەڭگە قارىتىپ بىر قانچە پاي ئوق ئاتتى. بىز ساقچىلار تۇرغان قاشقا يۈگۈرۈپ باردۇق، ئوسماق ئاقتىمۇ يوق، كۆكتىمۇ يوق. ساقچىلاردىن سورايلى دېسەك قورقتۇق. بىر ئازدىن كېيىن ھېلىقى ئۇيغۇر ساقچى:" مېڭىڭلار، بۇ يەردىن كېتىڭلار، ئۇ ئەمدى يا ئوقتا ئۆلدى، يا سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلدى" دېدى. ئاندىن مەھەللىدىكى چوڭلارغا ئۇنىڭ ئۆلۈكى ئاشكارا بولغاندىن كېيىن بىزگە مەلۇم قىلىڭلار، دەپ جېكىلەپ قويۇپ كېتىپ قالدى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن بەزىلەر:" ھەي بىچارە، مۇنداق قىلمىسا بولۇپتىكەن، تېخى ياش ئىدى، ياش تۇرۇپلا ئۆلۈپ كەتتى" دېيىشتى، بەزىلەر:"ئۇ يامان ئوغرى، چوقۇم ئۆلمەيدۇ. قىش كۈنى مۇز ئاستىدىكى سۇ ئىسسىق بولارمىش، ئۇ چوقۇم ئېقىپ يىراقلاپ كەتتى" دېيىشتى.

ئەتىسى مەھەللىنىڭ ئەك چېتىدە ئولتۇرىدىغان ئىبراھىم ئاخۇن دېگەن ئادەم مەھەللە ئىچىگە كىرىپ :" تۈنۈگۈن خوتۇن - بالىلىرىمنى ئېلىپ قېينانامنىڭ ئۆيىگە كەتكەنىدىم، ئۆيۈمگە ئوغرى كىرىپ، بېقىپ قوياي دېگەن بىر چىشى پاقلىنىمنى ئۆلتۈرۈپ، پىشۇرۇپ يەپ، ئۆپكە - ئۈچەيلىرىنى ئۆز تېرىسىگە يۆگەپ قويۇپتۇ. زاڭلىق قىلغاندەك گۆشىدىن بىر چىشلەممۇ قويماي شورپىسىنى شۇ پېتى قازاندا قويۇپتۇ. تۈنۈگۈن ياققان بىر تەڭنە ناننىڭمۇ بىرنى قويماي ئېلىپ كېتىپتۇ" دېدى. شۇ چاغدا بىر قانچىمىز دوقمۇشقا يىغىلىپ پاراڭ سېلىپ ئولتۇرغاندۇق. ئىبراھىم ئاخۇن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئارىمىزدىكى بىر قانچەيلەن مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا :" بىزنىڭ پەمىمىزچە بۇ چوقۇم ئوسماقنىڭ قىلغان ئىشى. ئۇنىڭدىن باشقا كىم قىلالايدۇ بۇنداق ئىشنى" دېيىشتى. ئوسماق بىر مەزگىل قېچىپ يۈرگەندىن كېيىن يەنە ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالدى. بۇ ھېلىقى بىزنىڭ يېزىدىن بىر توپ ئېشەك ئوغرىلاپ، باشقا ناھىيىگە ئاپىرىپ سېتىپ، ئۇ يەردىن بىر

توپ كالا ئوغرىلاپ ماڭغان چاغدىكى تۇتۇلۇشى.

ئالماس نىياز ئوسماقنىڭ مۇزنى قانداق يېرىپ چىقىپ قوتۇلۇپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بېرەي دەپ تۇراتتى، ھاجەتتىن قايتىپ كېلىپ، ئالماس نىيازنىڭ ئارقىسىدىكى توپا دۆۋىسى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ گەپ ئاڭلاۋاتقان ئوسماق تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك:

— ئىبراھىم ئاخۇن ئازراق يالغاننى قوشۇۋاپتۇ، مەن ئۇنىڭ پاقلىنىنىڭ گۆشىنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ، يېرىمىنى شورپىسى بىلەن قازىنىدا قويۇپ كەتكەنىدىم، نانىنىڭ ھەممىسىنى ئالغانلىقىم راست. ئىبراھىم ئاخۇن زىيانىنى چوڭ كۆرسىتىش ئۈچۈن ھېلىغىچە پۈتۈن قوينىڭ گېپىنى قىلىپ يۈرىدۇ، — دېدى خىجىللىقتىن گەدىنىنى سىلاپ قويۇپ.

— ئوسماق مۇزدىن قانداق چىقىۋالدىڭ، ئۆز ئاغزىڭ بىلەن دەپ بەرگىنە، — دېدى ئالماس نىياز.

— بۇ ھېكايىنىڭمۇ قىزىق يېرى تۈگىدى، دېمىسەكمۇ بولا، — دېدى ئوسماق كونا ئادىتى بويىچە.

— بۇ يەرلىرىمۇ قىزىقتەك قىلىدۇ، دېۋېتىڭلا ئەمدى، — دېدى ئوسمان سادىق ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈپ.

— قارىسام ساقچىلار يېقىنلاپ قالدى، — دەپ ھېكايىنى داۋاملاشتۇردى ئوسماق، — قېچىپ كېتەلمەيدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتتى. يەنە قاچسام ئۇلار ئېتىپ تاشلايتتى. تازا ئۈستا مەرگەنلەر ئەمەس ئوخشايدۇ. ئاتقان ئوقلىرى ئالدىمغا، كەينىمگە چۈشۈپ توپا توزۇتتى، پەقەت بىر تال ئوقلا قۇلاق تۈۋىمدىن ۋىڭڭىدە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئاۋاز ھېلىمۇ يادىمدىن كەتمەيدۇ. قانداقچە ئېسىمگە كېلىپ قالدى، دەرھاللا ئۆزۈمنى ئۆستەڭگە ئېتىپ، مۇزنىڭ ئاستىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتىم، بىر دەم ئېقىپ ماڭغاندىن كېيىن توڭۇشقا باشلىدىم. بارغانسېرى ماغدۇرسىزلىنىپ كەتتىم. توڭلاپ ئۆلگەندىن كۆرە ئوقتا ئۆلسەممۇ ئۆلەيچۇ، دەپ ئويلاپ مۇزغا بېشىم بىلەن بىرنى

ئۇسۇلگەندىم، مۇز يېرىلمىدى. بېشىم بەك ئاغرىپ كەتتى، يەنە خېلى ئاقتىم، ئاخىر پۇتۇمنى تىرەپ تۇرۇپ قاتتىق بىر ئۇسۇۋېدىم، مۇز يېرىلدى. ئۇستىگە چىقىپ مۇز نېپىزراق يەرگە توغرا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلدىم. بىر چاغدا ئىسسىق بىر نەرسە مەڭزىمگە چۈشكەندەك قىلدى، سىلاپ كۆرسەم قان ئىكەن. مۇزدىمۇ قان داغلىرى تۇردۇ. ئەسلىدە بېشىم يېرىلىپتىكەن، بىر ئىلاج قىلىپ ئۇنى تاڭدىم. بىر ئويمانلىققا چۈشۈۋېلىپ، بىر ئاز ماغدۇرۇمغا كېلىپ مەھەللە تەرەپكە قارىسام ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. ئويمانلىقتىن چىقىپ ماڭدىم. قارىسام ئىبراھىم ئاخۇننىڭ ئۆيىگە يېقىنلا كېلىپ قاپتىمەن. بەك توڭلاپ كەتتىم. كىيىملىرىمدە مۇز قېتىشقا باشلىدى. بېشىم ئىككى يەردىن يېرىلىپتۇ. بۇنداق تۇرسام قانسىراپ، توڭلاپ ئۆلىمەن. بۇنداق ئۆلگۈچە قولغا چۈشسەممۇ مەيلى؟ ئىبراھىم ئاخۇن ئىنساپ قىلسا كىيىملىرىمنى قۇرۇتۇۋېلىپ كېتەي! ماقۇل دېمەيمۇ قالماس دەپ ئويلاپ بىردە ئۆمىلەپ، بىردە سەنتۈرۈلۈپ ئۇنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدىم. ئىككى پۇتۇم بىلەن ئىككى قولۇم ئۇيۇشۇپ قالغانلىقتىن ئەركىن ھەرىكەتلەندۈرەلمەيتتىم. تەلىيىمگە يارىشا ئىبراھىم ئاخۇن ئۆيىدە يوق ئىكەن، ئوت قالاپ كىيىمىمنى قۇرۇتتۇم. بىر قانچە نېنىنى ئېلىپ كېتەي دەپ ئويلىغانىدىم. كىيىمىمنى قۇرۇتۇپ مەھەللە تەرەپكە قارىسام ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى، شۇنىڭ بىلەن كاللامغا، مەن خېلى ئۇزۇن ۋاقىت قېچىپ يۈرىمەن. قىش كۈنى گۆشنى ساقلىغىلى بولغاندىن كېيىن پاقلىنىنى ئۆلتۈرۈپ يېرىمىنى ئېلىپ كەتمەيمۇ؟ دېگەن ئوي كەلدى، قالغان يەرلىرىنى ئاڭلاپ بولدۇڭلار، — دېدى ئوسماق ھېكايەم تۈگىدى، دېگەندەك ئورنىدىن تۇرۇپ.

— ئىبراھىم ئاخۇن ھازىرغىچە ئوسماق بىر قويۇمنى يەپ كەتكەن دەپ يۈرىدىغۇ؟ — دېدى ئالماس نىياز.

— ھەي دادۇيجاڭ، قوينى مەن ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئەلۋەتتە

بىر قوي بولىدۇ ـ دە! لېكىن مېنىڭ ئېلىپ كەتكىنىم يېرىم قوينىڭ گۆشى ئىدى، ـــ دېدى ئوسماق ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپ.
ـــ بىر قوي دېگىنىڭ نېمىسى؟ ئۇ دېگەن چىشى پاقلان تۇرسا، بۇ چاغقىچە نەچچە بولۇپ كەتمەمدۇ؟
ـــ ئۇنىداق ھېسابلىسا ئۇنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تۆلەپ تۈگىتەلمىگۈدەكمەن، ـــ دېدى ئوسماق.
ـــ ئىبراھىم ئاخۇنىنىڭ قويىنى تۆلەپ بېرەمسەن، بەرمەمسەن؟ ـــ چېقىشتى ئالماس داۋىجاڭ.
ـــ ھازىرلا تۆلەپ بەرگۈم بار ئىدى، لېكىن قولۇم قىسقا بولۇپ قالدى. مەيلى قاچان بولمىسۇن، ئۆلگۈچە بولسىمۇ بىر پاقلان ئورنىغا بىر چوڭ ساغلىق قوي تۆلەپ بېرىمەن.
ـــ ئوسماق، سېنىڭ كەمبەغەلنىڭ بىر نەرسىسىنى ئوغرىلىغان بەندە ئەمەس، دېگەن گېپىڭ يالغان چىقىپ قالدىغۇ! ـــ يەنە چېقىشتى ئالماس نىياز.
ـــ بۇ ئىش شۇنداق توغرا كېلىپ قالدى. بولمىسا مەن ھەقىقەتەن كەمبەغەلنىڭ نەرسىسىنى ئېلىش نىيىتىم يوق. كەمبەغەلدە ئالغۇدەك نېمە بار دەيسىلەر! ـــ ئۇ يەنە كونا مۇقامىنى تەكرارلىدى.
ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار كۆزىدىن ياش چىققۇچە كۈلۈشتى.
ـــ ئوسماق ئاخۇن ھېكايەڭلەرغۇ قىزىق ئىكەن. لېكىن بۇنى ئۇششاق باللارغا، ياشلارغا سۆزلەپ يۈرمەڭلار. بولمىسا سىلىدەك ”نوچى“ بولىمىز دەپ يامان يولغا كىرىپ قالىدۇ، ـــ دېدى ئوسمان سادىق ئاگاھلاندۇرۇپ.
ـــ يوقسۇ داۋىجاڭ! بۇ گەپلەرنى ئەمدى ھېچكىمگە سۆزلەپ يۈرمەيمەن، ئاغزىمنى كولىسىمۇ چىم بولۇۋالىمەن. ياش چوڭىيىپ قالغاندا سۆزلەپ يۈرۈشتىن خىجىل بولىدىكەن ئادەم، ـ دېدى ئوسماق ياخشى پۇقرا بولۇش توغرىسىدا بىر قاتار ۋەدىلەرنى بەرگەندىن كېيىن، ـــ مۇشۇ ئالماس داۋىجاڭ كىشىلەر ئالدىدا مېنى گەپكە سالمىسا

بولاتتى، شۇنى بىر جېكىلەپ قويغان بولسىلا ياخشى بولاتتى.
ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.

× × ×

ئوسماق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ياردىمى بىلەن قىرىق نەچچە ياشلارغا كىرىپ قالغان شەرىخان ئىسىملىك تۇل ئايالغا ئۆيلەندى. ئايالنىڭ ئون ياشلىق بىر ئوغۇل بالىسى بار ئىدى. بۇ ئوسماقنىڭ ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم توي قىلىشى ئىدى. ئايال دەسلەپتە زادى ئۇنىمىدى، ئەرگە تەگكۈسى بولسىمۇ " يامان ئاتلىق" ئادەمگە تېگىشتىن قورقتى.

ئوسماق كۆنىدە ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىۋېلىپ، ئېغىر-يېنىك ئىشلىرىنى قىلىشىپ بەردى، ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىدىمۇ شەرىخاننىڭ ياق دېگىنىگە قارىماي ياردەملىشىۋەردى. ئەمدى شەرىخانمۇ سەل يۇمشاپ قالغاندەك قىلاتتى، تەگمەيمەن دېمىسىمۇ گەپ قىلماي كۈلۈپ تۇرۇۋالاتتى. بۇنداق چاغدا ئوسماق ئاياللارنىڭ كۆڭلىنى ئالالايدىغان تۆت ئېغىز گەپنى قاملاشتۇرۇپ قىلالماي:

— تەگمەيمەن دېسىڭىز مەيلى. سىز دېگەن ئايال كىشى، ئاجىز، مەن دېگەن ئەر، كۈچۈم بار، ئىشلىرىڭىز بولسا قىلىشىپ بېرەي، ھېچ بولمىغاندا ساۋابىنى ئالارمەن، — دەپ چىقىپ كېتەتتى.

بۇ ئىش بىر كۈنى ئوسمان سادىقنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلاندى. ئۇ داۋۇت رەھىم، ئالماس نىيازلارنى ئەگەشتۈرۈپ شەرىخاننىڭ ئۆيىگە ئەلچىلىككە باردى.

— ئۇنىڭ ھاياتى تۈرمىدە ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ھازىر ئۇ ياخشى پۇقرا بولۇپ قالدى، — دەپ چۈشەندۈردى ئوسمان سادىق، — ئەگەر كۆڭۈللىرى بولسا ئەندىشە قىلماي تېگىۋەرسىلە. يۇرتداشلارمۇ ئۇنىڭغا ھازىر باشقىچە قارىمايدىغان بولدى.

— تەگسەممۇ تېگەي، لېكىن ئوسماق ئاخۇن بىزنىڭ ئۆيگە كىرسۇن دېگەن شەرتنى قويدى، — شەرىخان.

— ئۇنىڭ ئوغۇل بالىلىق غۇرۇرى كۈچلۈك ئادەم، ئۇنىماسمىكىن، — دېدى ئالماس نىياز.

— ئۇنىمىسا مەيلى ئەمىسە، دەپ تۇرۇۋالدى شەرىخان.

ئۇلار بۇ گەپنى ئوسماققا يەتكۈزۈۋېدى، ئۇ:

— ۋاي كىرمەمدىغان، ئۆيۈمنىڭ خوتۇن ئەكىرگۈچىلىكى يوق، قانداق قىلارمەن دەپ تۇرغانىدىم، — دېدى ناھايىتى خۇشال بولۇپ.

ئۇلار ” تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقتى“ ئوسمان سادىق باش بولۇپ بىر ئاخشامدىلا ئۇلارنىڭ توينى قىلىپ قويۇشتى.

توي بولغان ئاخشىمى خىزمەت ئەترىتىدىكىلەردىن باشقا قولۇم-قوشنىلار، ئەترەت كادىرلىرى بولۇپ خېلى كۆپ ئادەم يىغىلدى. نىكاھتىن كېيىن توي پولۇسىنى يېيىشىپ، راۋاب، داپ چېلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ توينى قىزىتىشتى. ئوسماق ئۇسسۇل ئويناشنى بىلمىگەنلىكتىن، شەرىخان ئۆزى ئۆچۈنمۇ، ئوسماق ئۆچۈنمۇ ئوينىدى. تويغا كەلگەنلەر ئوسماققا چاقچاق قىلىپ:

— داۋاملىق ئوغرىلىق قىلىدىغان بولساڭ بۇمۇ يوقتى ساڭا، — دېيىشتى.

بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ياش باللار شەرىخاننى گەپكە سېلىپ:

— شەرىخان ئاچا ئوسماق ئاكام قانداقراقكەن؟ — دېيىشتى. شەرىخان مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ چاقچاققا چاقچاق بىلەن جاۋاب بەردى.

— قېرىغاندا قانداق بولماقچىدى ئۇكىلىرىم؟ راست گەپنى ئېيتسام، دەسلەپتە ئۇنىڭغا تېگىشتىن قورققانىدىم، قارىغاندا ئۇ ئەسلىدە يامان ئادەم ئەمەسكەن. شۇ چاغلاردا ئۇنى ئۆگەي ئانىسى بىلەن جەمئىيەت بۇزۇۋېتىپتىكەن. ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم ۋاھىتجاننى ئۆز

جىنىدىن ئەزىز كۆرۈۋاتىدۇ. بۇ قىرى پۈتۈن ئۆمرىدە بالا يۈزىمۇ كۆرمەي مەينەت بىسىپ يۈرۈپتىكەن دەڭلا! بالىنى ئۆز پۇشتىدىن بولغاندەكلا بىقىۋاتىدۇ، — دىدى.

— ئۇلار ئوسماقنى گەپكە سالغىلى تۇردى.

— ئوسماق ئاكا! خوتۇنىنىڭ ياخشىلىقىنى بىلدىڭمۇ؟

— ئۇكىلىرىم يالغۇزلا خوتۇنىنىڭ ياخشىلىقىنى بىلىپلا قالماي، تىنچ تۇرمۇشىنىڭ لەززىتىنى تازا تىتىدىم دەڭلا! ئىسىت ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرۈم. پارتىيە مىنى قۇتقۇزۇپ قالدى. ئەمدى جىنىم تىنىمدە ئامانلا بولىدىكەن، كىيىنكى ئۆمرۈمدە ”ئوسماق ئوغرى“ دىگەن يامان نامنى ئۆچۈرۈۋىتىپ، ئۇ دۇنياغا پاك-پاكىز كىتىمەن دەڭلار، — دىدى ئوسماق خۇددى دۆلەت بايرىقى ئالدىدا قەسەم بىرىۋاتقاندەك.

# زۆھرەخاننىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسى

## 1

— قۇناخۇن بۇ يىل ئەتىيازدا ئۇشتۇمتۇتلا ئىپسلىپ ئۆلۈۋالدى. تەشكىل ۋە بەزى ئەزالار قۇناخۇننىڭ ئۆلۈمىنى بىزنىڭ ھازىرقى ئەترەت باشلىقىمىز بەختاخۇننىڭ قىستىشىدىن بولغان دەپ قارىغانلىقتىن، يېقىندا ئۇنىڭ ئەترەت باشلىقلىق ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلاندى. لېكىن مېنىڭچە ئۇ ئۇنداق ئىشنى قىلمايدۇ دەيمەن. چۈنكى بەختاخۇن قۇناخۇننىڭ سىڭلىسىنىڭ ئوغلى تۇرسا...

بىزنىڭ بۇ يېزىدا ھېچكىم بۇ"سىر" نى يېشەلمىدى. ھەر كىم گۇمانىي پەرەز بىلەن ئاغزىغا كەلگىنىچە بىر نېمىلەرنى دەپ باقتى. يۇقىرىمۇ بىر نېمە دېيەلمەي تاشلاپ قويدى. مۇشۇ سول تەرىپىمىزدىكى يارنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە" توغراقلىق" دەيدىغان بىر كەنت بار. شۇ كەنتنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى مەھەللىدە ئولتۇرىدىغان زۆھرەخان دېگەن ئايال ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلەمدىكىن دەيمەن؟ — دېدى سۆزلىگۈچى سۆھبەتدىشىغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ.

— ئۇ ئايال قۇناخۇننىڭ نېمىسى بولىدۇ؟ — سورىدى ۋەقە يۈز بەرگەن ئەترەتكە سوتسىيالىستىك تەلىم- تەربىيە خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ چۈشكەن قادىر ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمەي.

— بىر نېمىسىغۇ ئەمەس. بۇ ئۇزۇن بولغان ئىش، بىزمۇ ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەيمىز، — دېدى ئۇ سەل ئۆزىنى قاچۇرغاندەك قىلىپ، — بىزنىڭ ئەترەتتىكى ماخوچى مەھەممەت ساۋۇر ئاكامۇ بەزى ئەھۋاللارنى بىلىشى مۇمكىن، ئۇمۇ يەر ئىسلاھاتىدىن تارتىپ

كونا ئاكتىپ، ھەم قوناخونلار بىلەن ئورۇق - توغقان كېلەتتى.

— زۆھرەخان نەچچە ياشلاردا باردۇ؟

— ئاتمىش ياشنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن چىرايىدىن قارىسا خېلى ياشتەكلا كۆرۈنىدۇ. تېنىمۇ ساغلام ئايال.

— خىزمەت ئەترىتىنىڭ مەسئۇلى قادىر قوناخونىنىڭ ئۆلۈۋېلىش سەۋەبى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈشلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئەترەتنىڭ ئىزچىل ئاكتىپى ئەللىك ياش ئەتراپىدىكى ئېگىز بويلۇق مەھەممەت ئېلى بىلەن سۆزلەشكەندە يۇقىرىقىدەك باش - ئايىغى يوق بىر يىپ ئۇچىغا ئىگە بولدى. مۇشۇ يىپ ئۇچىنى بويلاپ مەھەممەت ساۋۇر دېگەن ماخوچى بىلەن ئىككىنچى قېتىم سۆزلەشكەندە ئۇ:

— مەن بۇرۇنقى ئەھۋاللارنى شۇنچىلىك بىلمەن. لېكىن ئۆلۈۋېلىش ئىشىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى بىلمەيمەن. ھەر قايسىلىرى مەھەممەت ئېلى دېگەندەك بۇ ئىش ھەققىدە زۆھرەخاندىن ئۇقۇشۇپ باققانلىرى تۈزۈك. مەنمۇ شۇ ئايال ئېنىقراق بىلەمدىكىن دەيمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

قادىر كۆڭلىدە، بۇ يەردە بىر مۇرەككەپ، چىگىش ئىش باردەك قىلىدۇ؟ شۇنداقتىمۇ ئۆلۈۋېلىشتىن بۇرۇنقى ئىشلىرى ھازىرچە تۇرۇپ تۇرسۇن، ئالدى بىلەن ئۆلۈۋېلىش ئىشىنى ئېنىقلاپ كۆرمەيلىمۇ؟ بۇ ئىش بىزنىڭ ھەرىكەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىزغا بېرىپ تاقىلىۋاتىدۇ،دېگەن ئويغا كېلىپ، زۆھرەخان بىلەن كۆرۈشمەكچى بولدى. بۇ كۈزلۈك يىغىم - تېرىم ئىشلىرى ئاخىرلىشىپ، قىش كىرەي دەپ قالغان كۈنلەر ئىدى.

ئەتىگەن - ئاخشاملىرى ھاۋا خېلى سالقىنداپ قالغان بولسىمۇ چۈشتە ئىسسىقنىڭ تېخى كۈچى بار ئىدى. دېھقانلار مۇشۇ پەيتنى چىڭ تۇتۇپ ئالدىراپ يۈرۈپ قىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى. قېرى - ئاجىز ئادەملەر، ئۇششاق باللار ئۆز ھويلىلىرىدىكى ياكى ئىشىك

ئالدىلىرىدىكى كۆنىنىڭ نۇرى تولۇق ۋە ئۇزاق چۈشىدىغان بۇلۇڭلاردا ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇراتتى. بەزى باللار بولسا ئەتىگەن كىيگەن ئۆتۈكىنى سېلىۋېتىپ يالىڭاياغ ئوينايتتى.

شۇنداق كۆنلەرنىڭ بىرىدە قادىر باقى ئىسىملىك بىر يېزا ئاكتىپىنى ئەگەشتۈرۈپ، يارنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى توغراق كەنتىگە زۆھرەخان بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن يولغا چىقتى.

بۇ گۈگشىي ناھىيىنىڭ تاغقا يېقىن يېرىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇ ناھىيىنىڭ تۆت داۋىنى ئىككى يار، بىر ئويمانلىق ئايرىپ تۇراتتى. تۆتىنچى داۋى ئىككى يارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ مۇنبەت يەرگە جايلاشقان بولۇپ، كونا ئىسمى «گۈلباغ» ئىدى.

ئۇلار مانا مۇشۇ گۈلباغنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى توغراقلىق ئۈچىنچى داۋىگە باراتتى. گۈلباغدىن چىقىپ ئۈچ كىلومېتىردەك ماڭغاندىن كېيىن، ياردىن پەسكە چۈشۈپ سايلىقتا ئۈچ - تۆت كىلومېتىردەك مېڭىپ توغراقلىق كەنتىنىڭ ئېغىزىغا كەلدى.

قادىر سائىتىگە قاراپ قويۇپ:

— بىر سائەتتىن ئارتۇقراق مېڭىپتۇق، — دېدى باقىغا.

ئۇلار خېلى ئىچكىرىلەپ ماڭغاندىن كېيىن سوراشتۇرۇپ يۈرۈپ داۋى قورۇسىغا كىرىپ كەلدى. داۋىنىڭ بىر قانچە ئۆيدىن تەركىب تاپقان ھويلىسىدا بىر دەم ئۇيان - بۇيان قاراپ يۈرۈپ، ئەينەكلىرى سۇنۇپ بىر قانچە پارچىسى قالغان رامدىن بىر ئادەمنىڭ بىر نېمىلەرنى يېزىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇدۇل شۇ ئۆيگە كىردى.

ئۇلار كىرىشكە قادىرنىڭ سوتسىيالىستىك تەلىم - تەربىيە كادىرى ئىكەنلىكىنى بىلدىمۇ ياكى ئۇنىڭ بەستىگە قاراپ يۇقىرىدىن كەلگەن باشلىق دېدىمۇ، ئېگىز بويلۇق ئورۇق كەلگەن كىشى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ چاي قويدى.

قادىر ئۇنىڭ ھېسابات قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— سىز بوغالتىرمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق مەن كاسسىر، — دەپ جاۋاب بەردى ھېلىقى كىشى ۋە داداۋيجاڭنى چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىشقا تەمشەلدى.
— بولدى، ئىزدىمەڭ، بىزنىڭ ئىشىمىز سىز بىلەنمۇ پۈتىدۇ، — دېدى قادىر كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتىپ.
— بىزنىڭ بۇ يەردە ئىككى زۆھرەخان بار. بىرى ئاتمىش ياشلاردا، يەنە بىرى يىگىرمە بەش ياشلاردا. سىلەر قايسىسىنى ئىزدەيسىلەر؟ — دېدى كاسسىر ئۇلارغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ.
— بىز ياشىنىپ قالغان زۆھرەخاننى ئىزدەيتتۇق، — دېدى قادىر.
— مۇشۇ يول بىلەن بىر دەم ماڭغاندىن كېيىن تۆت كوچا دوقمۇشىغا چىقىسىلە، دوقمۇشنىڭ شەرقىدىكى يول بىلەن يەنە بىر دەم ماڭساڭلار چوڭ ئىككى تۈپ ئۈجمە دەرىخى يىراقتىنلا كۆرۈنىدۇ. ئۈجمىنىڭ ئالدىدىكىسى زۆھرەخاننىڭ ئۆيى بولىدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى كاسسىر، — مەن باشلاپ بارايمۇ يا؟
— رەھمەت، سىلى بەك ئالدىراش ئىكەنلا ئۆزىمىز تاپالايمىز.
ئۇلار كاسسىر ئېيتىپ بەرگەن نىشان بويىچە باشقىلاردىن سوراپمۇ يۈرمەيلا زۆھرەخاننىڭ ئۆيىنى تېپىۋالدى.
داداۋيدىن ئايرىلىپ ئازراق ماڭغاندىن كېيىن باقى:
— قادىر ئاكا، كاسسىر ئەجەب نېمە ئىشىڭلار بار؟ دەپ سوراپمۇ قويمىدىيا؟ — دېدى تىلەك - تىڭلاش مەقسىتىدە.
قادىر ئۈنچىقمىدى، چۈنكى ئۇ باقىنى مۇشۇ يەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن يول باشلاش ئېھتىياجى بىلەنلا ئېلىۋالغان بولغاچقا، كىم بىلەن نېمە مەزمۇندا كۆرۈشىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇنىڭغا بىر نەرسە دېمىگەنىدى، چۈنكى مۇھەممەت ئېلى ئەڭ ياخشىسى ئۆزلىرى يالغۇز بارسىلا، يەرلىك ئادەملەرنى باشلاپ بارمىسىلا، ئۇ خوتۇن سىلىگە بىر نەرسە دەپ بەرگىلى ئۇنىمايدۇ، دېگەنىدى. قادىر گەپنى باشقا ياققا بۇراپ، ئۇدۇل كەتكەن ئۆيلەر، تۇتاش باغلار، چوڭ - چوڭ دەرۋازىلارغا

قارىغان بولۇۋالدى:

— باقى بۇ دادۇي خېلى باي ئوخشىمامدۇ؟ ئورمانلىرى خېلى قويۇق ئىكەن، ھەممە ئادەمنىڭ بېغى بار ئوخشايدۇ. ھويلا ـ ئاراملىرى خېلى چوڭ ـ چوڭ تۇرىدۇ، يوغان ـ يوغان دەرۋازىلارنى بېكىتىپتۇ. قارىغاندا تۇرمۇشىمۇ تۈزۈكتەك قىلىدۇ، بىزنىڭ دادۇيدىنمۇ ياخشىمۇ نېمە؟

— بۇ يەرنىڭ چارۋىلىرى كۆپ، يايلىقى ياخشى، يەرلىرى بىزنىڭكىدىن جىق، لېكىن تۇپرىقى بەك قاتتىق، مەھسۇلاتى تۆۋەنرەك، — دەپ چۈشەندۈردى باقى.

— توغراقلىق دەيدىكەن، لېكىن يول بويى بىرمۇ توغراق كۆرمىدۇققۇ؟

— بىز توغۇلساق شۇنداق دەيدىكەن، مەنمۇ بۇ يەرگە كېلىپ باقمىغان، ئاۋۇ ئاياغ تەرەپتە توغراق بارمىش، — دېدى باقى پەرۋاسىز ھالدا.

ئۇلار شۇنداق پاراڭ بىلەن زۆھرەخاننىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ قالدى.

بىر ـ بىرىگە قارىشىۋالغاندىن كېيىن باقى ئىشىكنى قاقتى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ياشانغان بولسىمۇ تېخى ئىسكەتىدىن ئانچە كەتمىگەن، ئوتتۇرا بويلۇق، ئەسلى زىلۋا بولسىمۇ، قېرىغانچە ئورۇقلاپ كۆزلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن، لېكىن كۆز نۇرى تېخى خىرەلەشمىگەن بىر ئايال چىقتى. ئۇ، خۇددى ئۇلارنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلىدىغاندەك ناھايىتى مۇلايىم تەلەپپۇزدا:

— كېلىڭسىلە باللىرىم، — دەپ ئۇلارنى ئۆيگە باشلىدى.

— سىلى زۆھرەخان ئاچام بولاملا؟ — دېدى قادىر بوسۇغا ئاتلاپ كىرىۋېتىپ.

— شۇنداق بالام. سىلەر ئىزدىگەن زۆھرەخان مەن بولىمەن، — دېدى ئايال خۇشخۇيلۇق بىلەن .

قادىر ئۆيگە كىرىپ كېتىۋېتىپ ئۇنىڭ ھويلىسىغا سەپسالدى. ھويلا خېلى چوڭ بولۇپ، ئىشىكمۇ بىر ئېشەك ھارۋىسى كىرىپ چىققۇدەك كەڭ ئىدى. ھويلا ئىنچىمۇ پاكىز بولۇپ، بىر كاتەكتە يەتتە ـ سەككىز توخۇ، بىر قەپەستە بىر جۈپ كەكلىك بار ئىدى. پېشايۋاننىڭ چۆرىلىرىدىكى كېسەك ئۇۇلاردا سەككىز ـ ئون كەپتەر شۈمشىيىپ ئولتۇراتتى.

قادىر، پاكىز خوتۇن ئىكەن، توخۇ بار ئۆيدە ھويلا مۇنداق پاكىز بولمايتتى. بىزەپ قىلىشقەتمىسۇن دەپ سولاپ قويۇپتۇ ـ دە، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

زۆھرەخان ئۇلارنى دالان ئۆينىڭ سول تەرىپىدىكى مېھمانخانىغا باشلىدى. شۇ يەرنىڭ ئادىتى بويىچە مورىلىق ئوچاق ئالدىغا كۆرپە سالدى، قادىر يەنە ئۇنىڭغا سەپسالدى. ئايالنىڭ چاچلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئاقىرىپ، بويۇنلىرىغا قورۇق چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يۈزىدە قورۇق كۆپ ئەمەس ئىدى. چىرايىنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن ئۇنىڭ ياش ۋاقتىدا خېلىلا گۈزەللەردىن ئىكەنلىكى، مېگىش ـ تۇرۇشىدىن تېخى تېتىك تۇرغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— زۆھرەخان ئاچا، ئوچاققا ئوت يېقىپلا ـ ھە، — دېدى قادىر، ئۇ داستىخان سېلىشقا تەمشىلىۋاتقان ۋاقىتتا.

— بالام بۇ يەر تاغقا يېقىن، بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى سىلەر تۇرغان گۈلباغدىن خېلىلا سوغۇق، شۇڭا ئوچاققا ئوت يېقىۋالدىم، — دېدى زۆھرەخان.

— زۆھرەخان ئاچا، سىلى بىزنىڭ گۈلباغدىن كەلگەنلىكىمىزنى قانداق بىلىۋالدىلا؟ — دېدى قادىر بىر ئاز ھەيران بولۇپ.

— بىلىمەن بالام، بىلىمەن، بۈگۈن كېلىدىغانلىقىڭلارنىمۇ بىلىمەن، مەندىن نېمىنى سورايدىغانلىقىڭلارنىمۇ بىلىمەن، ئۆزلىرىنىڭ ئۈرۈمچىدىن كەلگەن كادىر ئىكەنلىكلىرىنىمۇ بىلىمەن، — دېدى موماي ئۆزىگە بىر خىل مەغرۇر، لېكىن تەمكىن تۈس بېرىپ.

— قانداق بىلىۋالدىڭلا؟

— ھەي بالام بۇمۇ سىر، كېيىنچە بىلىپ قالىسىلەر، قېنى ئالدى بىلەن چاي ئىچىڭلار «ئاۋۋال تائام ئاندىن كالام» دەپتىكەن. چۈشمۇ بولاي دەپ قالدى، مەن سىلەرنىڭ قورسىقىڭلارغا بىر نېمە قىلاي، — دېدى ئۇ ئورنىدىن دىككىدە تۇرۇپ.

— زۆھرەخان ئاچا باشقا بىر نېمە قىلمىسىلا ئازراق چاي ئىچسەكلا بولدى، — دېدى قادىر ئۇنى توسۇپ.

— ئۇنداق بولامدىغان بالام، شۇنچە يىراق يەردىن كېلىپ بىر نېمە يېمىسەڭلار قانداق بولىدۇ؟ يىراقتىن كەلگەن مېھمانغا بىر ۋاق تاماق بەرمىسەك كۆڭلىمىز ئۇنىمايدۇ.

قادىر زۆھرەخاننى تاماق ئېتىشتىن قاتتىق توسۇپ:

— بىزدە قاتتىق تۇزۇم بار. ئۇنداق قىلسىلا بىزنى خاتالاشتۇرۇپ قويىدىلا، — دېدى.

— توۋا خۇدايىم، ئادەملەر نېمە بولۇشۇپ كەتتى، — دېدى زۆھرەخان سەل ئاغرىنىپ، — مۇشۇنداق بولسا بولامدۇ. بىزنىڭ بۇ يەرگە چۈشكەن كادىرلارمۇ بىز دېھقانلارنىڭ ئۆيىدە قايناق سۇدىن باشقا ھېچ نەرسىنى ئاغزىغا ئالغىلى ئۇنىمايدۇ. بەزىلىرى تېخى قايناق سۇنىمۇ ئىچكىلى ئۇنىمايدۇ، بىز سىلىنى ئاڭلىغان، ئالدىلىرىدا نېمە بولسا دەۋېرەي... بۇچۇ بالام، راست گەپنى ئېيتقاندا، ئادەملەر بىر-بىرىگە ئىشەنمەسلىكتىن بولغان ئىش. بىز دېھقانلار خۇددى تاماققا زەھەر سېلىپ قويىدىغاندەك قىلىشىپ كېتىدىكەنسىلەر. ھەتتا تاماق ئۈستىگە كىرىپ قالساڭلارمۇ ئېغىز تەگكىلى ئۇنىمايدىكەنسىلەر، سىلەرنىڭ بۇ تۈزۈمۈڭلار بىز مۇسۇلمان خەققە تازا باپ كەلمەيدىكەن، دەپ قالدىم.

— زۆھرەخان ئاچا سىلى ئۇنداق دېگەنبىلەن بىز كادىرلار خۇددى ئۆز ۋاقتىدىكى بوجاڭ، گەيجاڭلاردەك بۆگۈن ئۇنىڭ ئۆيىدە، ئەتە بۇنىڭ ئۆيىدە يەپ-ئىچىپ يۈرسەك قانداق بولىدۇ؟

— ۋاي بالام، بىز سىلەرنى نۆۋەتلىشىپ دېھقانىنىڭكىنى يەڭلار دېگىنىمىز يوق، مۇنداق بىر ئۇدۇل كېلىپ قالغاندا ئۇنداق تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇۋالماي ئېغىز تېگىڭلار دېگەن گەپ.

ئۇ ئەمدى تاماق ئېتىش نىيىتىدىن يانغاندەك قىلىپ قادىرلارنىڭ ئالدىغا سالغان داستىخاننىڭ بىر بۇرجىكىدە ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشتى.

— يېقىندا بىزنىڭ بۇ يەردە مۇنداق بىر قىزىق ئىش بولۇپتۇ. ماۋۇ تۇرسۇن تارانچىنىڭ ئۆيىدە ئۈچ كادىرىمىز كەلگەندىن بۇيان تاماق يەيدىكەندۇق. بىر قانچە كۈننىڭ ئالدىدا تۇرسۇن ئاخۇن باققان بىر قويىنى ئۆلتۈرۈپ سوقۇم قىلىۋاپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە گۆشىنى سېلىپ بەرسەم ھەقچان كادىرلىرىمىز يېمەيدۇ، قانداقلا بولمىسۇن بىر ئېغىز تەگكۈزەي، دەپ ئاخشىمى ھېلىقى گۆشتىن توغراپ سۇيۇقئاش ئېتىپ بېرىپتىكەن، ئىككى ئۇيغۇر كادىر ئىچىپتۇ. يەنە بىر خەنزۇ كادىرمۇ بار ئىكەن، ئۇ ئېشىنى ئىچىپ، ئاشتىكى گۆشنى ئىلغاپ قويۇپتۇ. بۇنىڭدىن تۇرسۇن تارانچىنىڭ كۆڭلى باشقىچە بولۇپ سوراپتۇ:

— گۆشنى يېمەپسىزغۇ؟

— مەن گۆش يېمەيمەن.

تۇرسۇن ئاخۇن كۆڭلىدە گۆش يېمىسە قېرىنىغا بولسىمۇ ئېغىز تەگسۇن دەپ ئەتىگىنى قوينىڭ قېرىنىنى توغراپ ئۇماچ ئېتىپ بەرسە، ھېلىقى خەنزۇ كادىر قېرىننىمۇ ئايرىپ قويۇپتىكەن، شۇنىڭ بىلەن تۇرسۇن ئاخۇن سەل كۆڭلى ئاغرىغاندەك بولۇپتۇ — دە:

— ھوي يولداش، بۇ ئۆزۈم بېقىپ ئۆلتۈرگەن قوي تۇرسا نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ سىلەر بىزنىڭ ئۆيدە تاماق يەيسىلەر. ئۈچۈڭلار ھەر ئايدا ئۈچ كىلوگرام گۆش ئېلىپ كېلىسىلەر، بىزمۇ سىلەر بىلەن ئۇنى يەيمىزغۇ؟ — دەپتۇ.

ھېلىقى خەنزۇ كادىر گەپ تاپالمىغاندەك قىلىپ: «مەن گۆش يېيىشنى بىلمەيمەن» دېگۈدەك.

تۇرسۇن ئاخۇن تارانچى، گەپچى بولغاچقا، دەرھال تەنە قىلىپ

سۆزلەپ كېتىپتۇ:
— ياھ، نېمىدېگەن ياخشى كادىر، ياخشى يولداش سىز، گۆش يېيىشنى بىلمەيدىغان. لېكىن گۆش يېيىشنى بىلمەيدىغان پەقەت سىزلا ئىكەنسىز ئەمەسمۇ؟ ئەگەر ھەممە كادىر گۆش يېيىشنى بىلمىسە بىز دېھقانلارغا نېمىدېگەن پايدا بولاتتى. ئۇ ۋاقىتتا بىز دېھقانلار ھەرگىز گۆشسىز قالمايتتۇق، — دەپتۇ.
ھېلىقى ئىككى ئۇيغۇر كادىر دەسلەپتە كۈلۈشۈپتۇ، كېيىن گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ ئىزا تارتىپ كېتىپتۇ.
— قارىسىلا مانا مۇشۇنداق گەپ، — دېدى زۆھرەخان خۇددى بۇلارنى زاڭلىق قىلغاندەك كۈلۈپ كېتىپ.
مۇشۇ پاراڭدىن كېيىن قادىر كۆڭلىدىن، بۇ ئايالنىڭ قورسىقىدا خېلى ئومىچى بار ئىكەن دېگەننى ئۆتكۈزۈپ:
— سىلى ئوقۇغانمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— رەسمىي مەكتەپتىغۇ ئوقۇمىغان، لېكىن ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مەزگىلدە كەچ كۇرستا ئوقۇپ ساۋات چىقارغان. ھازىر گېزىت-ژۇرنال، ھېكايە، رومانلارنى ئوقۇيمەن، بەك مۇرەككەپ بولسا تازا چۈشىنىپ كېتەلمەيمەن. ئاددىيراق بولسا چۈشىنىمەن، — دېدى ۋە تەكچىسىدىكى بىر ئاز توپا بېسىپ كەتكەن كىتابلارنى كۆزى بىلەن ئىما قىلدى.
قادىر كىتاب تەكچىسىگە قارىغاچ ئۇنىڭ ئۆي-بىساتلىرىغا سەپسالدى، شۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ ئۆي-بىساتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا بۇ خوتۇننىڭ ئۆيىدە خېلى تۈزۈك نەرسىلەر بار ئىدى. قادىر گەرچە ئۇنىڭ ھەممە نەرسىلىرىنى بىر-بىرلەپ كۆزدىن ئۆتكۈزۈپ كەتمىگەن بولسىمۇ، كۆڭلىدە ئۆي خېلى قويۇق ئىكەن، زۆھرەخاننىڭ كۈنىمۇ ئانچە تەس ئەمەس ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى.
— زۆھرەخان ئاچا گەپ بىلەن بولۇپ قورسىقىمىزمۇ تويدى. ئەمدى رەسمىي گەپكە كەلسەك قانداق؟

— بۇ بالىنىڭ ئېتى نېمە؟ بىزنىڭ مۇشۇ يەرلىكمۇ؟ — دېدى ئۇ باقىنى كۆرسىتىپ، قادىرنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي.

قادىر ئۇنىڭ باياتىندىن بېرى تۇرۇپ ـ تۇرۇپ باقىغا سەپسېلىپ ئولتۇرغانلىقىغا دىققەت قىلغانىدى.

— بالام سېنى تونۇيدىغاندەك قىلىمەن، سەن گۈلباغ ئۆجمە مەھەللىسىدىكى ساۋۇت ئاخۇننىڭ بالىسىغا ئوخشاپ تۇرىسەن...

— زۆھرەخان ئاچا، سىلىنىڭ كۆزلىرى ئۆتكۈر ئىكەن جۇمۇ، — دېدى قادىر ئۇنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنى ماختاپ.

— مەن ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى باقى دېگىنى بولىمەن، — دېدى باقى ئۇ ئايالنىڭ ئۆزىنى تونۇۋالغىنىغا خۇش بولۇپ كېتىپ.

— شۇ! قەيەردە كۆردۈمكىن دەيمەن سېنى، ئەسلى گۈلباغدا كۆرۈپتىكەنمەن — دە بالام، كىچىكلىكىڭگە كەلمىسۇن، سەن تالاغا چىقىپ بىر دەم ئولتۇرۇپ تۇرساڭ ياكى ماۋۇ دوقمۇشتا يىغىلىۋالغان دېھقان باللىرى بىلەن پاراڭ سېلىشىپ ئويناپ تۇرساڭ قانداق، — دېدى ئۇ باقىغا كىچىك بالىغا گەپ قىلىۋاتقاندەك تەلەپپۇزدا، — گەپنى ماۋۇ كىشىگىلا دەي.

باقى قادىرغا قارىغانىدى، قادىر شۇنداق قىل دېگەننى ئىشارە قىلدى.

قادىر ئۆتكەندە مەھەممەت ئېلىنىڭ كۆلۈشىنىڭ بىر مەنىسىنى ئەمدى چۈشەنگەندەك قىلدى — دە، بۇ بوش خوتۇن ئەمەسكەن، دەپ ئويلاپ قالدى.

باقى چىقىپ كەتتى.

— زۆھرەخان ئاچا، بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىمىزنى سىلىگە بىر قۇر چۈشەندۈرۈپ ئۆتەي، ئاندىن بىزگە ئەھۋالنى تونۇشتۇرۇپ بېرەمىلا؟

— مەن بايا دېدىمغۇ بالام، مەقسەتلىرىنى بىلىمەن، بۇنى ماڭا بىر ”جىن“ ئاللىقاچان دەپ قويغان، سىلى شۇ رەھمەتلىك

قۇناخۇننىڭ ئۆلۈۋېلىش سەۋەبىنى بىلىش ئۈچۈن كەلدىلە، راستمۇ؟ بۇنى مەن سىلىگە دەپ بېرىمەن. لېكىن گەپنى كولاپ سوراۋەرمىسىلە. ئۇنداق قىلسىلا ئۇنىمايمەن. ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولسىلا قۇناخۇننىڭ ئۆلۈۋېلىش سەۋەبىنىمۇ بىلمەيمەن دەپلا قۇتۇلىمەن.

— نېمىشقا؟ — دېدى قادىر ئاغزىنى ئاچقىنىچە ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ.

— بالام، ئاڭلىسام سىلە تېخى ياش بولغان بىلەن خېلى چوڭ كادىر ئىكەنلا، مەن بولسام سىلىنىڭ چوڭ ئانىلىرى دېمەتلىك خوتۇن، شۇڭا مەن قۇناخۇننىڭ ئۆلۈۋېلىش ئەھۋالىنى دەپ بېرەي، لېكىن، بۇ ئىشنىڭ ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچىلىك سوراپ تۇرۇۋالمىسىلا، چۈنكى بۇ ئىش ياشلىقتا بولغان نۇرغۇن ئىشلارغا چېتىلىپ كېتىدۇ، ئۇنداقتا سىلىمۇ ئىزا تارتىپ قالىلا، مەنمۇ قېرىغاندا نومۇس قىلىمەن، ئۇ بالىنى چىقىرىۋېتىشىمدىكى سەۋەبمۇ شۇ، — دېدى زۆھرەخان ئەمدى قادىرغا ھەم نەسىھەت قىلغاندەك، ھەم يالۋۇرغاندەك قىلىپ.

— ئەگەر مەن باشتىن ـ ئاخىر ھەممە ئىشنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلىسامچۇ؟

— ۋاي بالام، بىز خەقنىڭ ئىچىدە مەخپىيەتلىك ـ پەخپىيەتلىك دېگەن نەرسە نېمىش قىلسۇن، — دېدى ئۇ قادىرغا ئىشەنمىگەندەك قىلىپ.

— ماڭىمۇ ئىشەنمەملا؟

— سىلىگىمۇ ئىشىنىمەن، لېكىن سىلىمۇ يالغۇز ئەمەس، سىلىنىڭمۇ ئىگىزلىرى گۆشتىن بولغان — دە. يەنە ئۇنداق دېسەم كۆڭۈللىرىگە كېلىپ قالمىسۇن.

قادىر ئۇنىڭغا ناھايىتى ئۇزاق چۈشەندۈرۈپمۇ قۇناخۇننىڭ ئۆلۈۋېلىش سەۋەبلىرىدىن باشقا ئۆتمۈشى، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشلۇقى قاچاندىن بېرى باشلانغانلىقى تەرەپتىكى مەسىلىلەرنى سۆزلەپ بېرىشكە

ماقۇل كەلتۈرەلمىگەندىن كېيىن كۆڭلىدە، بۇ بىر قېتىم كېلىپ پۈتتۈرگىلى بولمايدىغان ئىش ئوخشىمامدۇ؟ دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ :

— زۆھرەخان ئاچا هازىرچە شەرتلىرىگە ماقۇل بولاي، بولمىسا كېيىنچە يەنە سۆزلىشەرمىز، — دېدى بىر ئاز يول قويغاندەك قىلىپ.

— ياق بالام، هازىرچە ـ كېيىنچە دېگەن گەپنى قىلمىسىلا، بۇگۈن مەن سىلىگە قۇناخۇننىڭ ئۆلۈۋېلىش سەۋەبلىرىنى قويماي ئېنىق قىلىپ سۆزلەپ بېرىمەن، شۇنىڭ بىلەن ئىشىمىز تۈگەيدۇ. ئەگەر كېيىنچە سىلىنى كۆرگۈم كەلسە گۇلباغقا كۆرگىلى چىقارمەن، لېكىن ئىككىنچى بۇ ھەقتە پاراڭ قىلىشمايمىز، — دېدى ئۇ گەپنى ئۈزۈپ.

— بولىدۇ، شۇنداق بولسۇن ئەمىسە، — دېدى قادىر.

## 2

— گۇلباغلىقلار قۇناخۇننىڭ ئۆلۈۋېلىشى توغرىلىق نېمە دەيدىكەن؟

— ئۇ كۆڭلىگە غەم، كۆزىگە موڭ تولدۇرغىنىچە ياندۇرۇپ قادىردىن سورىدى.

— ئەسلىدە قۇناخۇننىڭ ئۆيىدە بىر قوي، سەكسەن يۈەن پۇلى بار ئىكەن، بەختاخۇن قاتارلىقلار، قۇناخۇن بەربىر ساقايمايدۇ، بۇنداق تۇرۇۋەرسە، بۇ نەرسىلەرمۇ ئاخىر قولدىن چىقىپ كېتىدۇ، دېگەندەك قىلىپ، كۈندە دېگۈدەك ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېسەل ۋاقتىدىكى قەرزىنى سوپلەپ ئۇنى ئەجەلىدىن بۇرۇن ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلغان، بولمىسا قۇناخۇننى يەرلىكىدە قويۇپ كېلىپلا ئەترەتتىكى بەختاخۇن باشلىق كادىرلار ئۇنىڭ ئۆيىدىلا قويىنى ئۆلتۈرۈپ، گۆشىنى يەپ، شورپىسىنى ئىچىپ، سەكسەن يۈەن پۇلنى بۆلۈشۈۋېلىپ چىقىپ كېتەمدۇ؟ بىز ئۇنىڭ تۇغقانلىرى دەۋاتقان بەختاخۇن قاتارلىق

كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ ئۆيىدىكى كونا ـ يېڭى نەرسىلەرنى بۆلۈشۈۋالامدۇ؟ دېيىشكەن، بۇ گەپ دادۇي، گۇڭشېغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇلارمۇ ئۇنداق ـ مۇنداق تەكشۈرۈپ قويۇپ ئاخىرىدا بەختاخۇننى ئەترەت باشلىقلىقىدىن ئېلىۋېتىپ ئىشنى تۈگىتىپتۇ، بىز كېلىشتىن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى بەختاخۇن خوتۇن ـ بالىلىرى، قېيناتا ـ قېينانىلىرى بىلەن خوشلىشىپ، ”خىزمەت گۇرۇپپىسى كەلگۈدەك، ئەمدى مېنى تۇتۇپ كېتىشى مۇمكىن، ئىككى بالام بىلەن قىزلىرىنى ھەر قايسىلىرىغا تاپشۇردۇم، مەن تۈرمىدىن چىققۇچە ئانا ـ بالا ھەممىسى سىلىنىڭ ئۆيىدە تۇرسۇن“ دەپتۇ. ئۆيىدىكى نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يۆتكەپ ئىشىكنى تاقاپ قويۇپتۇ، بۇنى ئاڭلىغان دادۇي، گۇڭشېدىكى بەزى رەھبەرلەر، ئۇ مەسىلىسى بولمىسا شۇنچە قىلىپ كېتەمتى... دەپ ئۇنى نەزەربەند قىلىپ قويۇپتۇ. بىز كەلگەندىن كېيىن ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئۆتمەيلا ئۇلار بۇنى بىرگە ئىنكاس قىلىشتى، ــ دېدى قادىر يەنە ئەزالار ئىچىدىكى غۇلغۇلا ـ پەرەزلەر ئۈستىدە توختىلىپ كېلىپ، ــ ئۇلاردىمۇ ئىنكاس كۆپ ئىكەن. ھەر خىل قاراشتىكىلەر بار ئىكەن. خېلى بىر قىسىم ئەزالار، بىزنىڭ بۇ يەردىكى كادىرلىرىمىز بۇ ئىشنى بىر باشقا چىقىرالمىدى، قېنى تەلىم ـ تەربىيە كادىرلىرى قانداق بىر تەرەپ قىلاركىن، ئەگەر ئۇلار قۇناخۇننىڭ ئۆلۈۋېلىش ئىشىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى تېپىپ چىقالىسا، قولىدىن ئىش كېلىدىكەن دەپ، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى دەيمىز. ”سىنىپىي كۈرەش“ نىڭ قاپقىقىنى ئاچىمىز، ئىنقىلاپ چىقالمىسا بۇ كادىرلارمۇ چاغلىق ئىكەن دەپ قاراپ ھېچ نەرسىنى دېمەيمىز، بولمىسا سۇ كېتىپ تاش قالىدىغان، ئۇسما كېتىپ قاش قالىدىغان ئىشنى قىلمايمىز، دېيىشىپتۇ، بىزمۇ بۇ مەسىلىنى ئېنىقلىيالمىساق باشقا ئىشلىرىمىزنى ئىلگىرى سۈرەلمەيدىغان ئوخشايمىز، دېگەن يەرگە كېلىپ سىلىنى ئىزدىشىمىز، بولمىسا ئۆتۈپ كەتكىلى بىر يىلدەك بولۇپ قالغان ھەم قانۇنىي جاۋابكارلىققا ياتىدىغان بۇ ئىشنى مۇنداق

چىلى تۇتۇپ كەتمەيتتۇق.

— سىلەر بەختاخۇن بىلەن كۆرۈشۈپ باقتىڭلارمۇ؟

— بىز بەختاخۇن بىلەن كۆرۈشتۇق، — دېدى قادىر، — مەن ئۇنى چاقىرىپ، سەن قورقماي، يالغان سۆزلىمەي ھەقىقىي ئەھۋالنى دەپ باق، دېدىم. ئۇ يىغلاپ تۇگۇلۇپ تۇرۇپ:

— بىز ئۇنداق قىلمىدۇق، ئۇ مېنىڭ تاغام تۇرسا نېمىشقا ئۆلتۈرۈشنى قىلىمەن. مەن تېخى شۇ يىلى ئەتىيازدا تاغامنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغاندا، ئۆزۈمنىڭ ھېسابىغا يازدۇرۇپ قىرقىلمىغان ئۇغلاقتىن بىرنى ئۆلتۈرۈپ بەردىم، بەش كىلوگرام ئامۇت ئەكىرىپ بەردىم. قويى ئاچ قاپتىكەن، ئەترەتنىڭ ماخوسىدىن ئون بەش باغ بېدە ئېلىپ بەردىم، — دەپ دادلاپ كەتتى. مەن يەنە:

— نېمىشقا قۇناخۇن ئۆلگەن كۈنى ئۇنى كۆمۈپ قويۇپ كىرىپلا كادىرلار ئۇنىڭ قويىنى ئۆلتۈرۈپ يەپ كەتتىڭلار، — دېسەم بەختاخۇن :

— ئۇنداق ئەمەس ئەتىسى ئۆلتۈرۈپ يېدۇق، ھەممىسىلا كادىرلار ئەمەس، تاغامنىڭ بىر قانچە قولۇم ـ قوشنىلىرىمۇ بار، — دېدى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭلار؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— بۇ ... بۇ ئۆچى، يەتتىسى دېسەك كونىلىق بولىدىكەن، قويمۇ ئاچ قاپتۇ، دەپ شۇنداق قىلدۇق، — دېدى ئۇ.

— پۇل ئۆلەشتىڭلارمۇ؟

— نەدىكى پۇل بولسۇن، قوينىڭ تېرىسىنى سېتىپ، تۇغقانلار ئاز ـ تولا يىغىش قىلىپ، كەم جايلىرىنى مەن تولدۇرۇپ شويلا ئاش ئېتىپ قىرىق نەزىرىسىنى ئۆتكۈزۈپ بەردۇق، يەتتىسىنىمۇ قىلمىدۇق. ھېلىقى قوينى ئۆچى بىلەن يەتتىسىگە ھېسابلىدۇق، — دېدى بەختاخۇن.

— نېمە ئۆچۈن قېيناتاڭغا ۋەسىيەت قالدۇرىسەن؟ — دېگىنىمدە:

— قورقتۇم. ھازىر ۋەزىيەت ئېنىق. دادۇي ۋە گۇڭشېدىكىلەرمۇ ئۇنىڭ ئۆلۈۋېلىشىنى مەندىن كۆرۈۋاتسا قورقمامدىمەن، — دەيدۇ، — دېدى قادىر بەختاخۇن بىلەن سۆزلەشكەندىكى ئەھۋاللارنى يېپىدىن ـ يېڭىنىسىغىچە زۆھرەخانغا تونۇشتۇرۇپ.

— ئۇنىڭ دادۇي، گۇڭشېدا كۈشەندىسى بار، بۇ ئىشلارنى سىلەر ئاستا ـ ئاستا بىلىپ قالىسىلەر، — دېدى زۆھرەخان غەمكىنلىك بىلەن، — زۇجاڭ بالام، ئاشۇ سىلەر تۇرغان مەھەللىدىكى مەھەممەت ساۋۇر، ئىسمايىل ساۋۇر، بەختاخۇننىڭ ئاپىسى تىللاخان، داۋۇت. ساۋۇر، ئاۋۇت ساۋۇر يەنە ئايىمخان ئىسىملىك ئەڭ كىچىك بىرسىمۇ بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر تۇغقان خەق، بەختاخۇننىڭ ئاتىسى نىياز ئەلگەك دېگەننىڭ ئاپىسىمۇ مۇشۇ ئۇرۇقتىن ئىمىش، ھېلىقى بەختاخۇن دېگىنى پەمسىز، قورقۇنچاق ئادەم، ئۇ ئەترەت باشلىقى بولغىنى بىلەن دائىم ئەزالاردىن تاياق يەپ، تىل ـ ئاھانەت ئاڭلاپ يۈرىدىغاندىن. چوڭ ـ كىچىك ھەممە ئىشقا ئۆزى يۈگۈرۈپ يۈرگىنى بىلەن بىر ئىشنى قاملاشتۇرالمايدۇ، ئادەم ئىشلىتىشنى تېخى بىلمەيدۇ. لېكىن ئۇ ياۋاش بولغانلىقى، نېمە دېسە ماقۇل دەپ قول باغلاپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈنلا تەشكىلگە ياراپ مۇشۇ كۈنگە كەلدى.

— جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا توقۇنۇشى سادىر بولغان چاغلار ئىدى، — دېدى زۆھرەخان يەنە ھېكايە باشلاپ، — ئورما تۈگەپ خامان تېپىدىغان چاغدا بەختاخۇن يەنە بىر ئەزا بىلەن بىر قانچە كىچە خامان بېقىپتۇ، ئۇ ھەر ئاخشىمى تاشيول تەرەپكە قاراپ، تۆمۈر ئارىسىنى تەڭلەپ ئولتۇرىدىكەن، تاشيول تەرەپتىن ماشىنا ئاۋازى چىقسىلا قورقۇپ تىترەپ كېتىدىكەن، لېكىن يېنىدىكى ئەزانى بىلىپ قالمىسۇن، دەپ چاندۇرمايدىكەن، بىر ئاخشىمى تاشيولدىن بەش ـ ئالتە ماشىنا بىراقلا ئۆتكەنىكەن، ئۇ جاقىلداپ تىترەپ تۆمۈر ئارىنى تۇتقىنىچە ئۈنچە ئېچىگە مۆكۈنۈۋېلىپ مىدىر ـ سىدىر قىلماي، تەرلەپ ـ پىشىپ يېتىپ تاكى كۈن قىزارغاندا ئاندىن ئورنىدىن تۇرغان

تۇرسا ئادەم ئۆلتۈرەلەمدۇ؟ بالام ئۇ، ــــ دېدى زۆھرەخان بەختاخۇننىڭ توشقان يۈرەك قورقۇنچاقلىقىنى ئەمەلىي مىسال ئارقىلىق ئىسپاتلاپ.
ــــ ئۇنىڭ مۇشۇ قىلىقى راستمۇ؟ ــــ سورىدى قادىر ئۇنىڭ ئەخمەقلىقىگە ھەيران بولۇپ.
ــــ گېپىم كەم قالسا قالدىكى، ئاشۇرۇۋەتمىدىم.
ــــ مەن شۇنىڭغا ھەيرانمەن، ــــ دېدى قادىر، ــــ ئۇلار قۇناخۇننى يەرلىكتە قويۇپلا ئۇنىڭ قويىنى ئۆلتۈرۈپ، پۇلنى بۆلۈشۈۋالغىنى نېمىسى؟
ــــ بۇنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. پەرىزىمچە بۇ، ئۇلارنىڭ ”كونىلىق“ قارشى تۇرۇپ، ئۆزلىرىچە ياراتقان يېڭىچە ”مەدەنىيەت“ لىك نەزىرىسى بولمامدۇ، قۇناخۇن تۆگەپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ قويغا قارايدىغان ئادەممۇ يوق دېسىلە؟
ــــ قۇناخۇننىڭ پەرزەنتى يوقمىدى؟
ــــ بىچارە بىر پەرزەنت كۆرگەنىدى، ئۇ سەككىز - توققۇز ياشلارغا كىرگەندە ئۆلۈپ كەتكەن.
ــــ شۇنداق قىلسا يېڭىلىق بولامدىكەن؟
ــــ بۇ يېرىنى بىزمۇ بىلمىدۇق بالام، سىلى يېڭى كەلدىلە، تېخى جىق ئەھۋاللارنى بىلمەيلا، بۇ بىر قانچە يىلدىن بۇيان ”كونىلىق“ دەپ بۇ يەردە خېلى ئىشلار بولۇپ ئۆتتى، ئاشۇ بەختاخۇنغا ئوخشاش ئېلىپىنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەيدىغان بىر نېمىلەر تۇمىقىنى ئېلىپ كەل دېسە، بېشىنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇلار ئادەم ئۆلۈپ قالسا نەزىرىسىنى قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا نامىزىنىمۇ چۈشۈرمەيمىز، دېيىشىپ خېلى ئادەملەرنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمىدى ئەمەسمۇ، بەزىلەر يوشۇرۇن نەزىر قىلسىمۇ خەق قورقۇپ بارالمىدى جۇمۇ، ئۇلارغۇ قويىنىڭ گۆشىنى يەپ شورپىسىنى ئىچىپ چىقىپ كېتىپتۇ. بەزى يەرلەردە ئۆلۈم بولغان كۈنى ”كونىلىق قىلمايمىز“ دەپ ھاراق ئىچكەنلەر بار، بەختاخۇنلارنىڭ ئۇ كۈنى پۇلى يوق ئوخشايدۇ،

ئەگەر يانچۇقىدا پۇلى بولغان بولسا ھاراق ئىچىشتىنمۇ يانمايتتى، — دېدى زۆھرەخان شۇ زاماننىڭ ‹‹سولچىل›› ئىدىيە ئىپادىلىرىنىڭ ئاساسي قاتلامدىكى گەۋدىلىك ئىپادىلىرىدىن مىسال كۆرسىتىپ.

قادىر بۇ ئايالنىڭ گەپلىرىگە ئىشەندى. چۈنكى مۇشۇ مەزمۇندىكى گەپ-سۆزلەرنى ئۇ بىر قانچە قېتىم باشقا ئەزالارنىڭ ئاغزىدىنمۇ ئاڭلىغانىدى، شۇڭا كۆڭلىدە، ئاڭسىز، نادان ئادەملەر ھەمىشە ئاڭسىز ھالدا بىمەنە ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدىكەن — دە، دەپ ئويلىدى.

— ئۇلار پۇلنى بۆلۈشۈۋالدى، نەرسە-كېرەكلىرىنىمۇ ئېلىشىپ كەتتى دەيدىغۇ، بۇ قانداق گەپ؟ — دېدى قادىر سوئالنى قايتىلاپ.

— ئۇ يوق پۇل بالام، خەقنىڭ تاپقان گېپى، قۇناخۇننىڭ يېنىدا سەكسەن يۈەن ئەمەس، سەككىز يۈەنمۇ يوق ئىدى. بەش يۈەندەك پۇلى بار ئىكەن. مەن ئۇنىڭغا ئۈچ يۈەن قوشۇپ ئالدى-كەينىدە لازىم بولۇپ قالار دەپ بىر قانچە مېتىر سىيامبۇ ئەكىلىپ قويغان. ئۈلۈشۈۋالغۇدەك نېمىسى بار دەيلا، كېسەل داۋالىتىمەن دەپ تاپقان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تۈگەتكەن تۇرسا... زۆھرەخان سۆزنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن قۇناخۇننىڭ ئۆلۈۋېلىشىدىكى سىرنى بىلمەن، لېكىن بىرىنچىدىن، بۇ ۋاقىتچە بىرەر ئادەم مېنى ئىزدەپ كەلمىدى. ئىككىنچىدىن، گەپنىڭ ئۇچىنى چىقىرىپ قويسام بۇنىڭدىن بىر تاغار گەپ-چۆچەك تارقىلىپ كېتەرمىكىن دەپ ھېچكىمگە تىنماي يۈرگەنىدىم. ئەمما بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى مېنى ئىزدەپ كېلىشىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. مانا بۈگۈن سىلى ئىزدەپ كەلدىلىغۇ، ئۇ سۇس كۈلدى — دە، بىردەم جىم بولۇپ كېتىپ ئاندىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئىش مۇشۇ ھالغا يېتىپ ھېلىقى بەختاخۇن دېگەن بىچارىنىڭ بېشىغا تاقىلىپ، ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلىنىش دەرىجىسىگە كەلگەندە دېمىسەم خۇدا ئالدىدىمۇ، بەندە ئالدىدىمۇ

گۇناھكار بولۇپ قالىدىغاندەك تۇرىمەن، مەن بۇ ئىشنى سىلىگە دەپ بېرەي، لېكىن باياتىنقى گېپىمىز بويىچە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئىشلارنى يەنە سوراپ تۇرۇۋالمىسىلا، بولامدۇ؟

— ئۇنىڭدىن بۇرۇن يەنە نېمە ئىشلار بولغىيدى زۆھرەخان ئاچا؟ سىلى تارتىشقانچە مەن بىلىشكە قىزىقىپ قېلىۋاتىمەن، — دەپ چاقچاق ئارىلاش كۈلدى قادىر.

— سىلى ياش بولغاندىن كېيىن قىزىقىلا، لېكىن دېسەم ماڭا سەت بولىدۇ، بونداق دېسەم بۇ خوتۇن ئادەم قىلمايدىغان ئىشلارنى قىلغان بولغىيمىدى، دەپ قالمىسىلا يەنە. گەپ سىلىدەك بالام دېمەتلىك ئادەمنىڭ ئالدىدا ئۇ گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈشكە يۈزۈم چىدىمايدىكەن.

ياپىر، نېمىدېگەن نازلىق خوتۇن بۇ، ھازىر شۇ ياشقا كېلىپمۇ گەپ بىلەن ئادەمنى شۇنچە قىزىقتۇرىدۇ، ياش ۋاقتىدا قانچىلىك بولغىيدى، گەپنىڭ ئۇچىنى چىقىرىپ قويۇپ ئايىغىنى دېمەي ئادەمنى تولىمۇ تەقەززا قىلىدىغۇ ، دەپ ئويلىدى قادىر ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سىرنى غايىبانە، تومتاق بولسىمۇ بىلگەندەك قىلىپ. ئارقىدىنلا:

— ھېكايىنىڭ ئىچىدە ھېكايە بار دېسىلە، ماقۇل، ھازىرچە بۇ گەپلەرنى كولىماي، — دېدى.

— مەن دېدىمغۇ بايا، ھازىرچە ئەمەس، كېيىنمۇ كولىمىسىلا، ئۇنداق گەپلەرنى قايتا قىلىپ يۈرگەننىڭ نېمە پايدىسى بار، ئۆز كۆڭلىنى غەش قىلغاندىن باشقا خەقنىڭ ئالدىدا كۈلكىگە قېلىپ، — دېدى زۆھرەخان ناھايىتى پەس ئاۋاز بىلەن غەمكىن ھالدا.

— ماقۇل، ئەمدى سورىماي، — دېدى قادىر زۆھرەخاننىڭ غەمكىن چىرايىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى كونا يارىلىرىنى ئېچىشتۇرماسلىق ئۈچۈن.

3

— بالام ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى، قۇناخۇن ئۇستا باپكار ئىدى.

ئۇ مۇشۇ ھۆنىرى بىلەن ئۆز جېنىنى ئوبدان جان ئېتىپ كەلگەندى، گۈگشىپلاشقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۆز ھۆنىرىنى قىلىشقا مۇمكىنچىلىك بولمىدى. لېكىن دۇكاننى چۇۋۇۋەتمەي ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. بەزىدە يالغۇزچىلىق تارتىپ، ئىچى پۇشقاندا، بازاردا ساتمىغاندىكىن دەپ قارا چىراغ يورۇقىدا تونۇش-بىلىش، ئەل-ئاغىنىلىرىنىڭ توقۇيدىغان نەرسىلىرىنى توقۇپ بەرگەندىن باشقا ھۆنەر قىلمايتتى. ئۇ شۇ ياشقىچە ئاغرىپ باقمىغان ساغلام ئادەم ئىدى. بىر يىلنىڭ ئالدىدىكى قوغۇن پىششىقىدا بىر كۈنى ئېشىپ قالغان بىر قوغۇننى يېگەن باھانە بىلەن تۇيۇقسىز قورساق ئاغرىقىغا گىرىپتار بولۇپ قالدى. ئەنە شۇ ئاغرىغانچە بىر دەم ساق، بىر دەم كېسەل بولۇپ كۆرسەتمىگەن تېۋىپ، ئوقۇتمىغان داخان، بارمىغان دوختۇرخانا قالمىدى، ھەتتا ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا ئىككى قېتىم باردى. ئۆيىدە بار نەرسىلىرىنى سېتىپ تۈگەتتى. داۋۇي ۋە گۈگشىمۇ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىپ ھاردى. بىرى بىرنېمە دېسە، يەنە بىرى يەنە بىر نېمە دېدى. لېكىن نېمە كېسەل ئىكەنلىكىگە ھېچكىم ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمىدى. ئۇنىڭدىن يۇقىرى تېخنىكىسى بار يەرگە بېرىشقا ئۇ ئادەمنىڭ قۇدرىتى يەتمىدى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇ ”ئەلھۆكمىلىللا“ دەپ ئۆز ئۆيىدە يېتىپ، قولىقى ئاڭلىغان، كۆزى كۆرگەن سەۋەبلەرنى قىلىپ كۆردى. ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ بەرسە ئارام تاپىدىكەن دەپ تۇزدا، كونا كېسەكتە، كالا تېزىكىدە ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ خېلى ۋاقىتنى ئۆتكۈزدى. لېكىن ئۇ بارغانسېرى ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالدى. مەن ھەر قېتىم بازارغا چىقسامىلا گۈلباغدىكى تۇغقانلىرىمنى يوقلىغاچ ئۇنى يوقلاپ تۇردۇم. ئۇنىڭ قورساق ئاغرىقى قوزغىلىپ كەتكەندە يەرگە يۇملاپ كېتەتتى، نالە قىلىپ كەتسە ئادەم چىداپ تۇرالمايتتى.
لېكىن نومۇسچان ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئاغرىقى ھەر قانچە تۇتۇپ كەتسىمۇ چاندۇرمايتتى. ھەر قېتىم

كەلگىنىمدە ئاز ـ تولا، كۆڭۈل تارتىپ يېگۈدەك نەرسىلەرنى ئالغاچ كەلگەندىن باشقا مېنىڭ قولۇمدىنمۇ ھېچ ئىش كەلمىدى. ئۇ رەھمەتلىك ئۆلۈۋېلىشتىن ھەپتە ـ ئون كۈن بۇرۇن مەن ئۇنى يوقلاپ كەلگەنىدىم. كەلسەم ئىشىك ئىچىدىن تاقىلىپ قاپتۇ، مەن" قۇناخۇن، قۇناخۇن..." دەپ تۆت ـ بەش قېتىم چاقىرغاندىن كېيىن ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ بەردى. قارىسام يەردە ئادەم سۆرەلگەندەك ئىز تۇرىدۇ. بىر قاراپلا ئۇنىڭ ئۆملەپ كېلىپ ئىشىكنى ئېچىپ بەرگەنلىكىنى بىلدىم. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە كۆزلىرىم چانىقىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك چەكچەيگىنىمچە پەگاھقا قاراپ قېتىپلا قاپتىمەن، چۈنكى پەگاھنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئورەكچىنىڭ ئۈستىدە بىر ئارغامچا سىرتماق قىلىپ ئېسىپ قويۇلۇپتۇ. قورققىنىمدىن يىغلاپ تۇرۇپ" قۇناخۇن، جېنىم قۇناخۇن ئۇنداق قىلمىسىلا، يامان بولىدۇ، خۇدايىم راۋا كۆرمەيدۇ. ئۆلۈۋېلىش ئۆلۈمنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ يامىنىمىش، نېمىشقا ئۇنداق قىلىلا؟" ـ دەپ يالۋۇردۇم، ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى بىچارە ھالىتىنى كۆرۈپ كۆزۈمدىن تارام ـ تارام ياش ئېقىپ كەتتى. جىق نەسىھەت قىلدىم:" ئۆيلىرى بۇ دۆڭدە تۇرسا، قولۇم ـ قوشنىلارمۇ ئانچە يېقىن بولمىسا، بۇنداق قىلسىلا بىر قانچە كۈن تۇرۇپ قالسىلا تېپىشمۇ يامان بولمامدۇ" دېدىم.

ئۇمۇ ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى. دەل شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ كېسىلى يەنە تۇتۇپ كەتتى. ئۇ شۇنداق ئازابلىنىدىكى، يەرگە يىقىلىپ نالە قىلىپ، ئېڭراپ، يۇملىنىپ كەتتى. يۇملىنىپ تام تۈۋىگە بېرىپ قالغاندا تامغا ئۇسۇپ كەتتى، تۇتۇۋالدىم. بىچارىنىڭ ھېچقانچە كۈچى قالمىغانىكەن، ئىككى قولۇمدا كۆكرىكىنى قوشۇپ كەينى تەرىپىدىن قۇچاقلاپ تۇتۇپ تۇرغاندىن كېيىن سەل ئارام تاپتى بولغاي، ئۇ ماڭا يالۋۇرۇپ تۇرۇپ:

— زۆھرەخان مېنى توسمىسىلا، جېنىم يامان قىيىنىلىپ كەتتى،

بـۇ جـان يـا چىقمىسـا، يـا ساقىيىشـقا كـۆزۈم يەتمىسـە مـەن قانـداق قىلىمەن؟ بۇ جان ئىنتىكرەك چىقسا بولاتتى، بىر كۈندە نەچچە ئۆلۈپ، نەچچـە تىرىلىۋاتىمـەن، ئۆلۈۋالمىسـام بـۇ كىيسـەلدىن قۇتۇلالمايـدىغان ئوخشـايمەن، مۇشـۇنداق قىينىلىۋېرىـدىغان بولسـام ئـاخىر بـىر كۈنـى ئۆلۈۋالىمەن، ماڭا ئۆلۈۋالماقتىن باشقا چارە يوق... — دېدى. مەن بىر تەرەپتىن يالۋۇرۇپ بەزلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنداق قىلىدىغان بولسا ئۇ دۇنيالىقتا يامان بولىدىغانلىقىنى كۆپ چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ئۇ سـەل تىنچلانغانـدەك بولـدى:" بـازاردىن بـەش سامسـا ئالغـاچ كەلگـەنىدىم، بـۇنى يېيسـىلە دېسـەم، — شـۇنداق يېگـۈم بـار، لـېكىن گېلىمدىن ئۆتمەيدۇ، قويۇپ قويسىلا سەل تۇرۇپ يەي..." دېدى.

مەن ئۇنى ئوچاق بېشىدىكى بىر تەخسىگە سېلىپ قويـۇپ، يەنـە بىر قاتار كـۆگۈل ياسـايدىغان گەپـلەرنى قىلىـپ، سـرتقا قارىسام كـەچ پېشىن بولۇپ قالغانىكەن، بىر كۆزۈم ئالدىمدا بولسا بىر كۆزۈم ئارقامـدا دېگـەندەك چىقىـپ كـەتتىم. بـۇ بىزنـىڭ ئـەڭ ئـاخىرقى كۆرۈشۈشـىمىز بولۇپ قالدى.

— قۇناخـۇنىنىڭ هالـىدىن خـەۋەر ئالغـۇدەك يېقىنـراق تـۇغقان — ئىنى، سىڭىللىرى يوقمىدى؟

— ياق، بۇ دۇنيالىقتا ئۇ يالغۇز بىرلا ئوغۇل ئىدى.

— ئاشۇنداق پەيتتە سىلى بىر قانچە كۈن هالىدىن خەۋەر ئالسىلا بولماسمىدى؟

— هەي بالام يەنە هېلىقى گەپنى كوچىلىغىلى تۇردىلىغۇ! مەن ئۇنداق قىلالمايتتىم . چۈنكى مەن ئۇنىڭ هېچ نەرسىسى ئەمەس ـ تـە، بولدى، بۇ گەپنى دېيىشمەيلى!

بـىر كۈنـى ئولتۇرسـام بىزنـىڭ مەهەللىـدىكى بىرەيلـەن بازارغـا چىققانىكەن، قۇناخۇن ئېسىلىپ ئۆلۈۋاپتۇ، دەپ كەلدى. يۈرىكىم قارتلا قىلىپ قالدى. ئۆزۈم يالغۇز ئولتـۇرۇپ كـۆز يېشـى قىلىـپ ئـۆز ئۆيۈمـدە بولسـىمۇ هازىسـىنى قىلىـپ قويـدۇم. چۈنكـى مـەن بىلىمـەن، ئـۇنىڭ

گۈلباغدا خېلى جىق ئۇرۇق ـ جەمەتى بولغىنى بىلەن يېقىن تۇغقانلىرىدىن بەختاخۇن، مەھەممەت ساۋۇر دېگەنلەرلا قالغان. بەختاخۇننىڭ ئاپىسى تىللاخان خېلى بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن، ئىسمائىل ساۋۇر دېگەن كىشىمۇ بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۆلۈپ كەتكەن، ھېلىقى ئاۋۇت، داۋۇت دېگەنلىرى بۇ يۇرتتا يوق. شۇڭا يىغلايدىغان يا ئەر، يا ئايال تۇغقانلىرى يوق دېيەرلىك تۇرسا كىم يىغلايدۇ دەيلا؟ — زۆھرەخان ئەسلى مەن يىغلىمىسام كىم يىغلايدۇ دېمەكچى ئىدىيۇ، ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن گەپنى يۇتۇۋېتىپ، ھېلىقىدەك سۆزگە ئۆزگەرتىۋالدى، — ئۇنىڭ قىرىقى بولغان كۈنى باش تىقىپ قويدۇم. ئۇنىڭ قىرىقىنى يەنە شۇ بەختاخۇن بىلەن مەھەممەت ساۋۇر بىر قازان شويلا قىلىپ ئۆزىتىپتۇ. بولغان ئىش شۇ.

زۆھرەخان ھېكايىسىنى تۈگەتتى، ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى چاناقلىرىدا لىغىلداپ تۇراتتى.

— دېمەك ئۇ كېسەلگە چىدىماي ئۆلۈۋالغان دېسىلە...!؟

— شۇنداق، ھازىر ئويلىسام، ئۇنىڭ كېسىلى ھېلىقى ساقايماس يامان كېسەلمىكىن دەپ قالدىم.

— راك كېسىلى دەملا؟

— شۇنداق، ئۇ مەرەز كېسەلنى ئادەم ئاغزىغا ئېلىشقىمۇ قورقىدىكەن.

— زۆھرەخان ئاچا سىلى قۇناخۇننى قاچاندىن بېرى...

ھەر كىم ئۆز كويى بىلەن دېگەندەك، قادىر باياتىنىڭ ياقى بولغان دەتالاشلارنى بىردەمدىلا ئۇنتۇپ قالغاندەك يەنە بۇ گەپنىڭ بېشىنى چىقىرىپ تۇرۇشىغا، زۆھرەخاننىڭ ئۇنىڭغا شۇنداق ئىتتىك ۋە ناھايىتى جىددىي قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بولدى دېمەيچۇ دېگەندەك شىپپىدە توختاپ قالدى. زۆھرەخان سەل خاپا بولغاندەك :

— باخشى بولۇڭ بىلەن قالىدۇ دېگەندەك، سىلى ئەجەب ئۆرۈلۈپ ـ چۆرۈلۈپ بۇ ئىش بىلەنلا قالدىلىغۇ؟ — دېدى ئۇ كۆز

ياشلىرىنى ياغلىقىنىڭ ئۇچىدا سۈرتۈپ تۇرۇپ، — بىز دېيىشكىنىمىز بويىچە ۋەدىمىزدىن يېنىۋالمايلى، مەن سىلىنى بالام دېمەتلىك بولسىمۇ بىرىنچىدىن چوڭ كادىر ئىكەن، ئىككىنچىدىن يىراقتىن كەلگەن مېھمان ئىكەن، دەپ شۇ بولمىغۇر گەپلەرنى قىلىپ ئولتۇردۇم. بولمىسا ئاللىبۇرۇن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كېتەتتىم. ئەمدى دەيدىغىنىمىمۇ تۈگىدى. تاماق ئېتەي، يەنە باشقا گەپلەر بولسا قىلىشقاچ تاماق يەپ كەتسىلە!

قادىر ئەمدى بۇ خوتۇنغا گەپ يېگۈزگىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ رەھمەت ئېيتىپ ئورنىدىن تۇراي دەپ تۇرۇشىغا، باقى شۇ ئەترەتكە چۈشكەن سوتسىيالىستىك تەلىم ـ تەربىيە كادىرى رازاقنى باشلاپ كىرىپ كەلدى.

— مانا مەن دېمىدىممۇ؟ — دېدى زۆھرەخان ھېچقانداق گەپ ـ سۆز بولمىغاندەك ئېچىلىپ، — ئۆزلىرىنى ئىزدەپ بىزنىڭ ئەترەتكە چۈشكەن كادىرلىرىمىزمۇ كېلىپ قېلىشى مۇمكىن دەپ...

ئۇلار زۆھرەخاننىڭ ”ئەمدى ئولتۇرۇشسىلا، مەن تاماق ئېتەي“ دەپ شۇنچە چىڭ تۇتقىنىغا ئۇنىماي قايتا ـ قايتا رەھمەت ئېيتىپ، خوشلىشىپ يېنىپ چىقىشتى.

## 4

قادىرنىڭ خىزمەت گۇرۇپپىسى زۆھرەخاننىڭ ئىسپاتى بىلەن قۇناخۇننىڭ ئۆلۈۋېلىش سەۋەبىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، بەختاخۇننى غەمدىن خالاس قىلدى.

ئۇ راستىنلا قورقۇنچاق ئىكەن. خىزمەت گۇرۇپپىسى بۇ ئىشنى ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلغۇچىلىك ئارىلىقتا ئورۇقلاپ شۈمشىيىپلا قاپتۇ.

قادىر سىياسەتچانلىقى كۈچلۈك ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىشنى بىر تەرەپ بولغۇچە ئەترەت باشلىقلىقىنى قىلدۇرۇشى كېرەك. پاكىتنى

ئەمەلىيلەشتۈرمەيلا ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىش، نەزەر بەند قىلىپ قويۇش خاتا، دەپ ئۇنىڭغا ئەترەت باشلىقلىقىنى يەنە بەرگەنىدى. لېكىن بۇ جەرياندا ئۇنىڭ خىزمەتلىرى زادىلا ئىلگىرى باسمىدى.

قادىر بۇ ئىشتىن ھەممىيلەننى خەۋەرلەندۈرۈش كېرەك دەپ قاراپ، بىر كۈنى ئەترەت بويىچە چوڭ يىغىن ئېچىپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئېلان قىلدى، ئۇ قىسقىلا قىلىپ:

— بىز قۇناخۇنىنىڭ ئۆلۈۋېلىش مەسىلىسىنى ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ نۇرغۇن دەلىل-ئىسپاتلار ئاساسىدا ئۇنى راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، قىيىنىلىپ كەتكەنلىكتىن چىدىماي، ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغان، ھېچكىم ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلغان ئەمەس دەپ بېكىتتۇق. بۇنى كۆپچىلىك بىلىپ قالساڭلار بولىدۇ، — دېدى ۋە راك كېسىلىنىڭ ئالامەتلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇ ئادەمنىڭ ئۆچەي راكىغا گىرىپتار بولغانلىقىنى تېخىمۇ مۇئەييەنلەشتۈردى.

يىغىن مەيدانىدا غۇلغۇلا باشلاندى. كەينى-كەينىدىن بىر قانچە كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بىزمۇ مۇشۇنداق ئويلىغان. ئۇ بىچارە بەك قىينىلىپ كەتكەنىدى. ھەر قايسىلىرى بۇ ئىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ ياخشى قىلىشتىلا، بولمىسا ناھەقچىلىك بولۇپ كەتكىلى تاس قالغانىدى، — دەپ ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كېتىشتى. قادىرنىڭ خىزمەت گۈرۈپپىسىدىكىلەر بۇ يىغىندىن كېيىن ئۆزلىرىگە تېخىمۇ ئىشەنچ تۇرغۇزۇشتى. ئۇلار :

— بىزنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىمىز خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقتى، خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقتى دېگەن سۆز ئۇنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، — دېيىشتى. گۇڭشې ئەزالىرىمۇ بۇ ئىشتىن كېيىن قادىرلارغا ناھايىتى ھۆرمەت بىلەن قارىشىپ ئىشەنچ تۇرغۇزۇشتى :

— بۇ قېتىم كەلگەن كادىرلار "يامان" ئىكەن. مۇشۇنداق "مۇرەككەپ" ئىشنى تېپىپ چىقىپ ئايدىڭلاشتۇرۇۋەتتى.

شۇنىڭغا قارىغاندا باشقا ئىشلارنىمۇ بىر باشقا ئېلىپ چىقالايدىغان ئوخشايدۇ، ــــ دېيىشىپ، نېمە گەپلىرى بولسا كېلىپ ئىنكاس قىلىشىدىغان بولىدى. كادىرلار بۇنىڭدىن تېخىمۇ روھلىنىپ : ‹‹دېھقان دەپ ھەرگىز سەل قارىمايلى››، ئۇلار بەكمۇ ‹‹ئەمەلىيەتچى›› كېلىدۇ، شۇڭا ئۇز خىزمىتىمىزنى چوقۇم توغرا، ئادىللىق بىلەن قىلىشىمىز كېرەك، شۇنداق قىلغاندا خەلقنىڭ ھىمايىسىگە، ياردىمىگە ئېرىشەلەيمىز، دېيىشتى. بۇ ئىشتىن كېيىن قادىر يەنە بىر مەسىلىنى ئويلاپ قالدى. بىر كۈنى ئۇ ئۆزىنىڭ بىر قانچە خىزمەتدىشىغا :

ــــ مۇشۇنداق ئىنىق تۇرغان، ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىدە ئېنىق سان بولغان ئىشقا نېمىشقا شۇنچە كۆپ ئادەم سۈكۈت قىلىشىدۇ. كىم نېمە دېسە، ‹‹ھە›› دەپ قويۇپ راست گەپنى قىلىشمايدۇ. مۇشۇ ئەترەتتىكى خەقلەر بۇنى بىلمەيدۇ؟ بىز بىر قانچە ئادەمنى يىغىپ مەجلىس ئېچىپ سوراپ كۆرمەيلىمۇ؟ ـــ دېدى.

ئۇلار بۇ پىكىرگە قوشۇلدى.

ئەتىسى ئۇ ئون نەچچە ئادەمنى يىغىپ، ئۇلارغا سىياسەتنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، ھەقلىق ئۈچۈن سۆزلەشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، بىر ئادەم ناھەقچىلىككە ئۇچراپ تۆھمەت قۇربانى بولۇپ ئۆۋالچىلىققا قالسا قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ:

ـــ قۇناخۇننىڭ ئۆلۈۋېلىش مەسىلىسىدە ھەر قايسىڭلارنىڭ كۆڭلىدە بۇرۇنلا ئويلىغانلىرىڭلار بار ئىكەن. نېمىشقا شۇ ئويلىرىڭلارنى يوشۇرىدىن كەلگەنلەرگە دېمەيسىلەر ؟ ـــ دېدى ئۇلارغا سىناش نەزىرى بىلەن قاراپ.

ئۇلار خېلى ئۇزۇنغىچە بىر-بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئادەتتە ھەر قانداق يىغىنلاردا بىرىنچى بولۇپ پىكىر بېرەلەيدىغان، شۇڭا ئەزالار ‹‹پىكىرچى›› دەپ نام قويۇۋالغان قاۋۇل قاسىم ئىسىملىك دېھقان ئېغىز ئاچتى:

— ئۇ ۋاقىتتا ھەر قايسىلىرى تېخى كەلمىگەن بولغاچقا، — دېدى ئۇ شۇ زامانىدىكى بەزى كىشىلەرگە ئادەت بولۇپ قالغان پالانچى سېكرېتار بولمىسا بولمايدۇ، پۈكۈنچى باشلىق بولغانلىقى ئۈچۈن بىز ئۇنداق ئۇتۇق قازاندۇق،بۇنداق غەلىبە قىلدۇق، دېگەندەك چاكىنا... مەدھىيىلەرنى تەكرارلاپ.

— بۇ دېگىنىڭلار توغرا بولمىدى قاۋۇل ئاخۇن، — دېدى قادىر، — بىز كەلمىگەن بىلەن شۇ چاغدىمۇ تەشكىل بار ئەمەسمۇ؟

— شۇ گەپ ئەمەسمۇ، شۇ تەشكىل بۇ ئىشنى تەكشۈرمەيلا، قوي بىلەن پۇلنى دەپ شۇنداق قىلىشتىڭ، دەپ خۇلاسە چىقىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن ھەممىمىزنىڭ زۇۋانى تۇتۇلغان گەپ، — دېدى قاۋۇل ئاخۇن قادىرنىڭ دېگەنلىرىگە قايىل بولماي.

— قاۋۇل ئاخۇن سەل ئالدى-كەينىلىرىگە قاراپراق سۆزلىسىلە بولارمىكىن، ھەممە ئىشنى ئۇلارغا ئارتىپ قويساقمۇ بولماس، — دېدى ساۋۇت مۇھەممەت ئىسىملىك دېھقان غودۇڭشۇپ، — كادىرلار بىلەن تاكاللىششىنى كىم قويۇپتۇ سىلىگە.

ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن قادىرغا يان باسقانلىقىنى ياكى قاۋۇل ئاخۇن بىلەن پۇرچىقى پىشمايدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

— مەن قاچان ھەممىسىنى ئۇلارغا ئارتىپ قويۇپتىمەن، بار گەپنى دەۋاتىمەنغۇ؟ كۆپچىلىك! دادۇي بىلەن گوڭشېدىن كەلگەن ھېلىقى ئىككى كادىر بىزنى يىغىپ :„ قوي بىلەن پۇلنى دېمىسە ئۇنى قىستامدۇ؟ قىستىمىسا ئۇ ئادەم بىكاردىن-بىكار ئېسىلىپ ئۆلۈۋالامدۇ!؟“ دەپ قورقىتىپ قويۇپ كەتكىنى يالغانمۇ؟ بۇ قانداقچە ھەممىنى ئۇلارغا ئارتىپ قويغانلىق بولىدىكەن؟ مانا شۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم باشقىچە پىكىردە ئېغىز ئاچالمىدىغۇ؟ كىم ئۇلارنىڭ چىشىغا تېگەلەيتتى؟ سىلەر قورقمىدىڭلارمۇ؟ — قاۋۇل ئاخۇن ساۋۇت مەھەممەتكە قادىلىۋېلىپ قايناپلا كەتتى.

ئۆيدە بىر دەم جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. قاۋۇل ئاخۇن بولسا

يېنىدىكى دېھقانىنىڭ قولىدىكى تاماكىنى سورىمايلا يۇلۇپ ئېلىپ، كەينى-كەينىدىن قاتتىق شورىغىنىچە، بېشىدىكى تاغلىقلار تۇمىقىنىڭ گىرۋىكىنى تېخىمۇ يوغانراق قىستۇرۇپ قويۇپ، قادىردىن تارتىنىپ ئولتۇرغان دېھقانلارنىڭ ھەممىسىگە كۆز يۈگۈرتۈپ ”قانداق، ئاكاڭ قارىغاي نوچىمىكەن، قورقماي گەپ قىلالامدىكەنمەن؟“ دېگەندەك قاراپ تۇراتتى.

— ئىككى كادىر دېگىنىڭلار كىملەر ئۇ؟ — سورىدى قادىر.

— دادۇيدىن كەلگەنلەرنىڭ ئېتىنى دېسەك بولمايدۇ، گۇڭشېدىن كەلگەنلەرنىڭ ئېتىنى بىلمەيمىز، — يەنە قاۋۇل ئاخۇن جاۋاب بەردى.

— تەلىم-تەربىيە كادىرلىرى كەلدى. ئەمدى قورقمايمىز دەۋاتاتتىڭلار، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا گېپىڭلاردىن يېنىۋېلىپ قورقتۇڭلارمۇ؟

— ئەمدى... بىز دېھقان خەقنىڭ قورقمايمىز دېگىنىمىز يالغان، بولۇپمۇ ئۆزىمىزدىن يۇقىرى تۇرىدىغان ئادەملەرنىڭ گېپىنى قىلىشتىن ئېھتىيات قىلىمىز. ھەر قايسىلىرى كەتكەندىن كېيىن بىز يەنە شۇلار بىلەن قالىمىز ئەمەسمۇ؟ بىزدە ”سۇ كېتىدۇ تاش قالىدۇ، ئۇسما كېتىدۇ قاش قالىدۇ“ دەيدىغان ماقال بار، — دېدى قاۋۇل ئاخۇن ئەمدى پەسكويغا چۈشۈپ.

— قاۋۇل ئاخۇننى قورقمايدۇ دېسەك، ئۇمۇ قورقىدىكەن ئەمەسمۇ! ئۇ قورققان يەردە بىز دېگەن ئەلۋەتتە قورقىمىز، قادىر زۇجاڭ، — دېيىشتى ئولتۇرغانلار چىرايلىرىنى بىر قىسما قىلىپ.

— بولدى ئادەم زاڭلىق قىلىشماڭلار ئاغىنىلەر! 2-ئەترەتتىكى شامۇت توغرىسىدىكى ئىشنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ، — دېدى قاۋۇل ئاخۇن.

ھەممەيلەن كۈلۈشتى.

— قانداق ئىش ئىدى ئۇ، — سورىدى قادىر.

— قاۋۇل ئاخۇن دەپ بەرسۇن، — دېيىشتى ئۇلار تېخى چىرايىدىن كەتمىگەن كۈلكە ئىزناسىنى سەل پەسەيتىپ.

— ئۇ مۇنداق ئىش ئىدى، — گەپ باشلىدى قاۋۇل ئاخۇن ئۆزىگە بۇنداق چوڭ "ھوقۇق" بېرىلگەنلىكىدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ.

## 5

— بىزنىڭ داداۋىنىڭ 2 - ئەترىتىدە شامۇت ئىسىملىك بىر ئەترەت باشلىقى بار ئىدى. ئۇ ئەسلىي ناھايىتى ھۇرۇن ئادەم بولۇپ ئۆزىگە قالدۇرغان ئالىقانچىلىك يەرنىمۇ ياخشى باشقۇرمايتتى. شۇڭا كۈنى ناھايىتى تەستە ئۆتەتتى. ئۇ ئىشتا ھۇرۇن بولغان بىلەن بالىسى كۆپ ئادەم بولۇپ، ئالتە ئوغۇل، ئىككى قىز جەمئىي سەككىز بالىسى بار ئىدى. بىر قانچە يىلنىڭ ئالدىدا يۇقىرىدىن كەلگەنلەر ئۇنى ئۆزىنى ئوڭشىۋالسۇن دېدىمۇ - قانداق، ئەترەت باشلىقى قىلىپ قويىدى. "بىتەلەيگە سۇ كەلسە ئاللاكۇدىن يار كېتىپتۇ" دېگەندەك ئۇ ئەترەت باشلىقى بولغان يىلىلا ئەترەت بويىچە مەھسۇلات ئومۇميۈزلۈك كەملەپ كەتتى. ئۆزىنىڭ ھالىمۇ ئانچە ياخشىلانمىدى. ئۇ كۆپ ئىشلارنىڭ ئۆزى ئويلىغاندەك بولماي، ئەكسىچە بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۇردى. ئۇ خۇددى قارا تەنلىكتەك قاپقارا ھەم كۈچلۈك ئىدى. شۇ يىلى قىشتا يۇقىرىدىن يەنە ئادەم كېلىپ، 2 - ئەترەتتىكى دېھقانلاردىن ئەتراپلىق پىكىر ئاپتۇ. بىزنىڭ ساۋۇت مەھەممەتنىڭ شۇ ئەترەتتىكى بىر تۇغقىنى بىرىنچى بولۇپ پىكىر بېرىپتۇ:

— شامۇت ئاخۇن ھۇرۇن، بالا تېپىشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ، دېھقانچىلىق بىلەن خۇشى يوق، ئۇزىنىڭ ئالىقانچىلىك يېرىنىمۇ باشقۇرالمىغان ئادەمنى ئەترەت باشلىقى قىلىپ قويسا مەھسۇلات كەملەپ كەتمەي نېمە بولماقچى ئىدى. ئۆزى ئىشلىمەي خەقنى

ئۇرغانغىلا ئىش پۈتەمتى؟ شامۇت ئاخۇن ھازىر ‹‹قوش باي ››، بىرى بالىغا باي، يەنە بىرى قەرزگە باي... بولۇپ قالدى.

— يەنە نىمە پىكىرلەر بار، — دەپ باشقىلارنى بىر قانچە قېتىم پىكىر بىرىشكە دەۋەت قىلسىمۇ باشقىلار پىكىر بەرمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى كادىر ئاخىرىدا:

— شامۇت ئاخۇن ئەترەت باشلىقى بولغاندىن بۇيان گەرچە يىللىق مەھسۇلات كەملەپ كەتكەن، بەزى كىشىلەر تاياق يەپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزى يەپ- ئىچۋالمىدى. بۇ ئۇنىڭ ئاساسي تەرىپى، سادىر بولغان مەسىلىلەر بولسا تەجرىبىسىزلىكتىن كېلىپ چىققان. شۇڭا ئۇ داۋاملىق ئەترەت باشلىقى بولسا بولامدۇ؟

— دېسە، ئەزالارنىڭ ھەممىسى بىردەك ‹‹بولىدۇ›› دەپ ئاۋاز قوشۇپتۇ. ساۋۇت مەھەممەتنىڭ ھېلىقى تۇغقىنى بولسا ئورنىدىن تۇرۇپ:

— كادىرىمىز، مەنمۇ قوشۇلىمەن، مېنىڭ يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمنىڭ ھەممىسى يالغان، چاقچاق ئورنىدا سىناپ باققانىدىم. شامۇت دۈيجاڭ بولسا ناھايىتى ياخشى ئادەم، كۆپچىلىكنىڭ ھەققىنى ئېلىۋالاي- يېۋالاي دېمەيدۇ. ئۇنىڭ كۆچى بار، بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق ئەترەت باشلىقى بولىدىغان بولسا، بىزنىڭ ھال- كۈنىمىز چوقۇم كۈندىن- كۈنگە ياخشى بولۇپ كېتىدۇ... — دەپ بىر تاغار چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپتۇ. مەجلىس تۈگىگەندىن كېيىن دېھقانلار ئۇنىڭدىن سەن باياتىن بىر ئوبدان پىكىر بەرگەنىدىڭ، ئاخىرىدا گېپىڭدىن يېنىۋالدىڭغۇ؟ دەپ سورىسا:

— يېنىۋالدىم، مەن ئۇنى ئەترەت باشلىقلىقىدىن ئېلىۋېتەرمىكىن دەپ كۆچەپ پىكىر بەرسەم، ھېچقايسىڭ ئاۋاز قوشماي ئولتۇرۇشساڭ، داۋاملىق ئەترەت باشلىقى بولسا بولامدۇ؟ دەپ سورىسا، ھەممىڭ ‹‹بولىدۇ›› دەپ قول كۆتۈرۈشسەڭ،

گېپىمدىن يېنىۋالماي قانداق قىلىمەن! بىز يەنە شۇنىڭ بىلەن قالدىغان تۇرساق. شامۇتنىڭ خۇي-پەيلىنى ئوبدان بىلىمەن، ئۇنىڭ بىلەن ئۆچەكىشىپ، بازغاندەك مۇشتۇمىدا ئېزىلىپ ئۆلۈشنى خالىمايمەن — دە، ماڭىمۇ هاياتلىق كېرەك، بالا-چاقىلىرىمنى بېقىشىم كېرەك، — دەپتۇ.

— مانا مۇشۇنداق گەپ، — دېدى قاۋۇل ئاخۇن ئادەتتە پىكىر قىلغاندا كۆپرەك كۆپتۈرۈپ سۆزلەيدىغان ئادىتىنى بوگۈن ئېسىدىن چىقىرىپ قويدىمۇ ياكى يېنىدا ئەھۋال بىلىدىغانلار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن كۆچەپ يالغاننى قوشۇپ قويسا قادىرنىڭ ئالدىدا تېنىۋالماق تەس دەپ ئويلىدىمۇ-قانداق، ئەيتاۋۇر ئەھۋالنى ئەينەن بايان قىلدى.

— راست شۇنداق بولغانمۇ ياكى توقۇلغان گەپمۇ؟ — سورىدى قادىر ئەتراپىدىكىلەردىن.

— بۇ راست بولغان ئىش، — دېيىشتى ئۇلار.

— كېيىنچۇ؟

— كېيىنكى يىلىمۇ ئىشنى قاملاشتۇرالماي مەھسۇلات تېخىمۇ كەملەپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۈچ يىل ئۇدا ئەترەت باشلىقى بولۇپ يا ئەترەتنى، يا ئۆزىنى ئوڭشىيالماي ئاخىر ئەترەت باشلىقلىقىدىن قالدۇرۇلدى، — دېدى ساۋۇت مەھەممەت، — پىكىر بەرگەن ئادەم بىزگە يىراقراق تۇغقان كېلىدۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ قاۋۇل ئاخۇننىڭ پىكىر بەرگەن ئادەم ئۇنىڭ توغقىنى كېلىدۇ، دېگەن گەپنى تولا دەپ كەتكىنىگە ئاچچىقى كەلگەندەك هومىيىپ تۇرۇپ.

— مۇنداق دەڭلار؟ — دەپ قويدى قادىر.

ئۇ دېھقان خەق ساددا بولغان بىلەن ئىدىيىسى ئەجەب مۇرەككەپ بولىدىكىنا! بۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئېزىلىش پەيدا قىلغان روھىي هالەت مەسىلىسى بولۇشى مۇمكىن، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

قادىر، شامۇت دۆيجاڭنىڭ مەسىلىدىن دېھقان خەقنىڭ راست گەپ قىلمىقى ھەقىقەتەن قىيىنغا توختايدىكەن، بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلام بولغان مۇشۇ ئەترەتلەردە تېخىمۇ شۇنداق بولىدىكەن ئەمەسمۇ، بۇنداق كېتىۋەرسە قانداق بولغىنى! ئۇنداق ھەق-ناھەق مەسىلىلەردە بولۇپمۇ چوڭ-چوڭ ئىشلاردا، بىر-ئىككى ئادەمدىن قورقۇپ باشقىلار زىيانغا ئۇچراۋاتسا ھەرگىز سۈكۈت قىلىپ تورماسلىق كېرەكلىكىنى قايتا-قايتا تەكىتلەپ، يىغىننى شۇ يەردە تاماملىماقچى بولدى، لېكىن كۆڭلىگە بىردىنلا قۇناخۇن بىلەن زۆھرەخاننىڭ ئىشى كېلىپ قالدى — دە، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ بولغان ئادەملەرگە قاراپ :

— توختاڭلار، يەنە بىر ئىش بار، — دەپ ئولتۇرغۇزدى ۋە ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن گەپ ياساپ سورىدى :

— قۇناخۇننىڭ كېسەلگە چىدىماي ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغانلىقىنىڭ پۈتۈن جەريانىنى سىلەرگە قارىغاندا زۆھرەخان ئوبدان بىلىدىكەن؟! بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ياكى ئۇلار ئورۇق-تۇغقانمۇ؟

— ياق ئۇ تەرىپىنى تازا بىلىپ كەتمەيمىز، مۇشۇ قىيىنچىلىق يىللىرىدىن كېيىن بۇ ئىككىسىنىڭ بېرىش-كېلىش قىلىۋاتقانلىقىنى ئاز-تولا بىلىمىز. تۇغقانچىلىقى بار-يوقلۇقىنى تازا بىلمەيدىكەنمىز. مەھەممەت ساۋۇر بىلەن قۇناخۇننىڭ تۇغقانچىلىقى بار، زۆھرەخان بىلەنمۇ تونۇشىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى قاۋۇل ئاخۇن ئولتۇرغانلارغا ھەيبەتلىك كۆلكىسى بىلەن ھىجىيىپ قويۇپ.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشىگىلا قالغانلىرى:

— شۇنداق... بىز بۇ تەرەپلىرىنى ئانچە بىلمەيمىز، — دېيىشتى ئۇلار بۇ يەردىن تېزراق چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ.

— بولدى ئۇنداق بولسا، كەچمۇ بولۇپ قاپتۇ، ئارام ئالايلى، — دېدى قادىر ئالدى بىلەن ئۆزى ئورنىدىن تۇرۇپ. ئۇلار خۇددى ئۈستىدىكى ئېغىر يۈكنى ئېلىۋېتىپ، بىرەر بالا-قازادىن قاچقاندەك

ئىشكىتىن قىستىلىشىپ چىقىپ كېتىشتى. قادىر ئاخشىمى يېتىپ، دېهقانلارنى بەزىلەر بىر نېمىنى بىلمەيدۇ، دەيدۇ، بۇ بىكار گەپ، ئۇلار ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرىدىكەن، لېكىن ۋەزىيەتكە قاراپ ئىش قىلىدىكەن، ئۆز ئىچىدىكى ئىشلارنى مەخپىي تۇتىدىكەن، ئۆزگىگە مۇناسىۋەتسىز بولغان ئىشلارنى ئاسانلىقچە سۆزلەپ يۈرمەيدىكەن، شەخسىيەتچىلىكىنى دېمىسە ناھايىتى پاك-دىيانەتلىك خەقكەن بۇ!... دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۇخلاپ قالدى.

ئارىدىن ئاز ۋاقىت ئۆتۈپلا قادىر ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كەتتى، خىزمەت گۇرۇپپىسى ‹‹سىنىپىي كۈرەش›› قاپقىقىنى ئېچىپ ‹‹تۆت›› نى ئېنىقلاشنىڭ قاينىمىغا چۆكتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قۇناخۇن بىلەن زۆھرەخاننىڭ ئىشىنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى بىلىپ بېقىش قىزغىنلىقى بوشىدى، بۇ ئىشمۇ ئاستا-ئاستا ئۇنتۇلۇشقا باشلىدى.

## 6

ئارىدىن بەش ئايدەك ۋاقىت ئۆتتى. ‹‹سىنىپىي كۈرەش›› باسقۇچى ئاخىرلىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش باسقۇچى بولغان ئۈچىنچى باسقۇچ باشلاندى. ئەمدى سوتسىيالىستىك تەلىم-تەربىيە كادىرلىرىنىڭ ئىشى ئازىيىپ، دادۇي ۋە ئەترەتتىكى يەرلىك كادىرلار ئالدىراشچىلىقتا ئۆتمەكتە ئىدى. چوڭ-كىچىك ئىشلاردىن قەدەممۇقەدەم قولى بوشىغان قادىرنىڭ قۇناخۇن بىلەن زۆھرەخان توغرىسىدا ئۇ يەر-بۇ يەردىن ئاڭلىغان گەپلەرنى يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ بىلىپ باققۇسى كەلدى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن قادىر قىلغۇدەك تۈزۈكرەك ئىشى يوق زېرىكىپ ئولتۇرۇپ بىردىنلا مەھەممەت ساۋۇرنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ بىر چامداپ، ئىككى چامداپ مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە

ئورۇنلاشقان ماخوغا قاراپ ماڭدى. مەھەممەت ساۋۇر ئۇنىڭغا قوناخۇن بىلەن زۆھرەخانىنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى بىلدىغانلىقىنى تۇيۇلاتتى.

بۇ، 4 ـ ئاينىڭ باشلىرى بولۇپ، ئات ـ كالا، ئېشەكلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ئېلىپ چىقىپ كەتكەچكە، ماخودا پەقەت موزاي، تەخەيگە ئوخشاش ئۇششاق چارۋىلار قالغان ۋاقىت بولغانلىقى ئۈچۈن مەھەممەت ساۋۇرمۇ تۆزۆكرەك ئىشى يوق، ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ بىلەن ئەمەك بولۇپ تۇرغانىكەن.

مەھەممەت ساۋۇر باللارنىڭ ئۈچىنچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمائىل ساۋۇر ئىسىملىك چوڭ ئاكىسى، تىللاخان ساۋۇر ئىسىملىك ئاچىسى (قوناخۇننىڭ ئاپىسى) يەنە ئاۋۇت ساۋۇر، داۋۇت ساۋۇر ئىسىملىك ئىككى ئىنىسى، ئايىمخان ساۋۇر ئىسىملىك سىڭلىسى بار ئىدى. بۇ ئەترەتتىكى ئاھالىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى دېگۈدەك ساۋۇر ئىسىملىك ئادەملەر ئىگىلىگەچكە، ھەر قانداق ئادەم ئۇلارنى ئاسانلا ئارىلاشتۇرۇپ قوياتتى. قادىرلارمۇ خېلىغىچە بۇلارنى ئارىلاشتۇرۇپ يۈردى. ئۇ بىر كۈنى يىغىندا كىشىلەر يىغىلىپ بولغۇچە يېنىدا ئولتۇرغان قىرىلاردىن سوراپ، ساۋۇرلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر جەمەت كىشىلىرى ئەمەسلىكىنى بىلىۋالغانىدى.

مەھەممەت ساۋۇر جەمەتى بۇ ئەترەتتە خەقكە بوزەك بولمايدىغان، خەقنى بوزەكمۇ قىلمايدىغان ئائىلىلەردىن بولغاچقا، كىشىلەر ئارىسىدا خېلى چوڭ ئابرۇي، ئىناۋەتكە ئىگە ئىكەن.

مەھەممەت ساۋۇر يەر ئىسلاھاتى ئاكتىپلىرىدىن بولۇپ، كېيىنكى گۇڭشېلىشىش، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش ۋە بۇ قېتىمقى سوتسىيالىستىك تەلىم ـ تەربىيە ھەرىكىتىگىچە ئېپادىسى ياخشى بولۇپ كېلىۋېتىپتۇ.

ئۇ ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن گۇڭشېلىشىشتىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىزچىل ماخوچىلىق

قىلىۋېتىپتۇ.

ئۇ ناھايىتى ئىتتىك سۆزلەيدىغان ئادەم ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ بەزى گەپلىرىنى تولۇق ئاڭلىغىلى بولمايتتى. ئۇ دەسلەپتە ئاستا، ئۈزۈپ سۆزلەپ، سۆزلىگەنچە ئىتتىكلەپ قايناپ كېتەتتى. قايناپ كەتكەندە چىرايىنى سەتلەشتۈرۈپ ياكى جىددىيلەشتۈرۈپ ئەمەس بەلكى چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتكەندەك، لېكىن كۈلكە دېسە، كۈلكە ئەمەس بىر خىل ئالامەتلەرنى شەكىللەندۈرەتتى. چىرايى بۇغداي ئۆڭ بولۇپ، ئىككى قوۋۇزى ئىچىگە كىرىپ تۇرغانلىقتىن، كۆرگەن ئادەمگە ھەممە چىشلىرى چۈشۈپ كەتكەندەك بىلىنگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە چىشلىرى ساق ئىدى، لېكىن ئېزىق چىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۈپراپ يىلتىزلىرىلا قالغانلىقتىن قاتتىقراق نەرسە يېگەندە ئاغزىدا ئۈزۈنغىچە ئۆمەللەپ شورايتتى. ئۇنىڭ بويى ئېگىز، ئورۇق ئىدى. بەلۋېغىنى بېلىگە ئىككى يۆگەيتتى. يېشى ئاتمىشلاردىن ئاشقان بولسىمۇ تېخى قەددى ئېگىلمىگەنىدى. ئۇ يول ماڭغاندا خۇددى كەينىدىن بىرەر كىشى قوغلاۋاتقاندەك ئىتتىك ماڭاتتى. شۇڭا بىر كۈنى قادىر چاقچاق قىلىپ:

— مەھەممەت ساۋۇر، ئاۋۇ پۇتلىرىنى يەرگە دەسسىمەي تۇرۇپ ماۋۇ پۇتلىرىنى ئالدىكەنلا، ئۇنداق قىلسىلا ياشانغان ئادەم ئاسانلا يىقىلىپ چۈشمەملا ؟ — دېدى.

ئۇ كۈلۈپ كېتىپ:

— باشقىلار پۇتلىمىسا ئۆز پۇتىنىڭ بىر-بىرىنى يىقىتقۇدەكلىكىنى سىلى نەدە كۆرگەن ؟ مەن ئىتتىك ماڭسامۇ مۇشۇ ۋاقىتقىچە بىر پۇتۇم يەنە بىر پۇتۇمنى پۇتلاپ يىقىتقۇدەك. باشقىلارغۇ پۇتلاپ باقتى، لېكىن خۇدايىم ساقلىدى بولغاي، يىقىلمىدىم، — دېدى ئۇ ۋە ئاستىراق ئاۋازدا، — ئوتتۇردا بۇرۇن بولمىسا، بىر كۆز يەنە بىر كۆزنى يەپ كېتىدۇ، دېگەن گەپ بار ئىكەن، بۇنى راستىمكىن دەيمەن، — دەپ قوشۇپ قويدى.

ئـۇلار سـالام ـ سـائەتتىن كېيىن بىـردەم ئاشـۇنداق ئـۇنىڭ ـ بۇنىڭ پارىڭىنى قىلىشتى. مەھەممەت ساۋۇر ئۇيان ئايلىنىپ، بـۇيان ئـايلىنىپ ئـۆزى باققـان ئـات ـ كـالا، ئېشـەكلەرنىڭ سېمىز، ساغلام، ھەممىسـىنىڭ دېگـۈدەك ئىشـقا يارايـدىغانلىقىنىلا سـۆزلەيتتى. بىـر ئازدىن كېيىن قادىر گەپنى ئايلاندۇرۇپ :

— مەھەممەت ساۋۇر، قۇناخۇن چوڭمىتـى يـاكى سـىلىمۇ ؟ — دېدى.

— قۇناخۇن بىلەن زۆھرەخاننىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرى، سىلىنىڭ كالىلىرىغـا كىرىۋالـدى — ھـە زۇجـاڭ...؟ — دېـدى مەھەممـەت ساۋۇر كۆتەك چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلۈپ، ئۇ تۈيغۇن ئادەم ئىدى.

— قانداق دەيلا؟

— مەن خېلى ئۇزۇندىن بېرى تۈيۈپ يۈرىمەن.

— ئۆتكەنـدە بـاقى بىلـەن ئىككىمىزنىـڭ تـوغراق كەنتىگـە بارىدىغانلىقىمىزنى زۆھرەخانغا سىلى دەپ قويدىلىمۇ؟

— شۇنداق

— نېمىشقا دەپ قويدىلا؟

— سىلى بىلەن بولغان ھېلىقى پاراڭدىن كېيىنكى بازار كۈنى مەن ئۇ خوتۇن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. مـەن ئـۇنىڭغا ''خىزمەت گۇرۇپپىسـى قۇناخـۇنىڭ ئـۆلۈۋېلىش سـەۋەبىنى سۈرۈشـتۈرۈۋاتىدۇ، سـىلىنىمۇ ئىزدەيدىغانـدەك تۇرىـدۇ. ئەگـەر سـىلى ئـۇنىڭ سەۋەبىنى بىلسـىلە ئەمـدى ئىچلىرىگـە يۇتـۇپ يۈرمـەي، بـار گەپـنى قىلسـىلا، بولمىسا بەختاخۇنغا ئۇۋال بولـۇپ كېتىـدۇ'' دەپ نەسىھەت قىلـدىم. سىلىنىمۇ تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۈم. ئۇ ماقۇل دېدى، پەقەت ئۆلۈم ئىشىنىلا دەيمەن، بۇرۇنقى ئىشلارنى دېمەيمەن، سىلىمۇ جىق ئىشنى بىلىلا ، ئېغىزلىرىنــى ئۈششـۈتۈپ يۈرمىسـىلە، دەپ قايتـا ـ قايتـا جېكىلـەپ كەتتى.

— شۇ جىق ئىشلارنى دەپ بەرمەملا ؟

— سىلى كەلگىلى بەش، ئالتە ئاي بولۇپ قالدى. ھازىر بىز ئۇرۇق - تۇغقاندەك بولۇپ قالدۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلى دۆلەت كادىرى، دېمىسەم سىلىگە ئىشەنمىگەندەك بولىدىكەنمەن، دېسەم زۆھرەخانغا يۈز كېلەلمەسمەنمىكىن دەپ قورقىمەن، شۇڭا ناھايىتى خىجىللىقتا قېلىۋاتىمەن، — دېدى مەھەممەت ساۋۇر، ئۆزىنىڭ تەڭلىكتە قالغانلىقىنى بىلدۈرۈپ.

— ئەگەر سىلى خىجىللىقتا قالىدىغان ئىش بولسا بوپتۇ، — دېدى قادىر، ئۇ ئادەمنىڭ مىجەزىنى بىلگەچكە .

— شۇ ئىشلارنى ئاڭلىمىسىلا بولمامدۇ؟

— ئاڭلىمىساقمۇ بولىدۇ، لېكىن زۆھرەخان بىلەن سىلى بۇ ئىشنى قانچە سىرلىقلاشتۇرغانسېرى ئادەمنىڭ شۇنچە ئاڭلىغۇسى كېلىپ قالىدىكەن.

— مەنغۇ ھەممىنى بىلىپ كەتمەيمەن، بىلىدىغانلىرىممۇ شۇ ياشلىقتا بولىدىغان ئىشلار، باشقا يامان ئىشقۇ يوق. بۇ گەپلەرنى ياش ۋاقىتىدا سۆز - چۆچەك قىلماي، ئەمدى سۆزلەپ يۈرسەك تازا ياراشماي قالارمىكىن دەيمىز شۇ، بولمىسا سىلىگە دېمەيدىغان نېمىسى بار دەيلا !

— بۇلارنىڭ ئىشىنى سىلىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەمدۇ؟

— بىلمەيدىغان ئىش بولامدۇ؟ گەپ ھەر كىم ئۆزىنىڭ خوتۇنىنى باشقۇرۇشتا دېسىلە. خەقنىڭ خوتۇنى بىلەن خەقنىڭ نېمە كارى، لېكىن ئىنچىكە يەرلىرىنى خەقلەرنىڭمۇ بىلمەيدىغانلىقى راست، بەزى نازۇك يەرلىرىنى مەنمۇ تازا بىلىپ كەتمەيمەن.

— ئۇنداقتا بىلىدىغانلىرىنى ماڭا دەپ بېرەملا ؟

— مېنى دېدى دېمىسىلە — ھە.

— ھەي مەھەممەت ساۋۇر، سىلىمۇزە بەزى ۋاقىتتا شۇنداق چېچەن، تۇيغۇن بەزى ۋاقىتتا دۆتلىشىۋالىدىكەنلا !

— قانداق دەيلا ؟

ــ ئەگەر مەن بۇ ئىشلارنى بىلىپ قالسام زۆھرەخان سىلىدىن كۆرمەي، كىمدىن كۆرەتتى. يەنە تۆتىنچى بىر ئادەم بارمۇ يا ؟
ــ مانا مەن دىمىدىممۇ ئادەم خىجىللىقتا قالىدۇ دەپ.
ــ مەن ئاشۇ قېتىم زۆھرەخان ئاچام بىلەن سۆزلەشكەندە، بۇ ئايالنىڭ زادى دىمەيمەن دىگىنىگە قاراپ، بىرى، قىرىغاندا نومۇس قىلسا، يەنە بىرى، نىزىقاپراق تۇرۇۋاتقانلىقىنى سىزىپ قالدىم .
ــ ئۇ خۇلقى زىلراق ئايال .
ــ شۇنداقمۇ ؟
ــ شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن قۇناخۇن تاكى ئاتمىش ياشقىچە زۆھرەخاندىن مەيلىنى ئۈزەلمەي يۈردى ئەمەسمۇ ؟
ــ قانداق، بىلە ـ بىلمەس دەۋاتىلا ــ ھە؟ ئەمدى سىلىمۇ زۆھرەخان ئاچامدەك گەپنىڭ بىشىنى چىقىرىپ قويۇپ، ئايىغىنى تۈگۈۋالماي ھەممىسىنى دىسىلە !
ــ بۇ ئىشلارغۇ ”سىنىپىي كۈرەش“ كە كىرمەس، سىلى بىر نىمە يازاي دەملا يا ؟
ــ ھازىر ئەمەس، كىيىنمۇ يازالامدىمەن، يازالامدىمەن بىر نىمە دىمەك تەس. پەرەز قىلىشىمچە بۇ بىر تارىخىي كومېدىيىدەك تۇيۇلىدۇ.
ــ بولىدۇ، مەن بىلگەنلىرىمنى سىلىگە دەپ بېرەي، مىنىڭچە بىزنىڭ بۇ يۇرتتا بۇ ئىككىسىنىڭ ئىشىدەك ئىشلار كەم ئۇچرامدىكىن دەيمەن. باشقا يۇرتلاردا بارمۇ ـ يوق، مەنغۇ بىلمەيمەن. ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنىڭ بەزى تەرەپلىرىدىن ئادەم ھەقىقەتەن تەسىرلىنىدۇ. بۇرۇن مۇنداقلا چۈشىنىپتىكەنمەن، سىلى دىگەندىن كىيىن ئويلاپ كۆرسەم بۇنداق ئىشلارنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق قىممىتى بولىدىكەن. بۇلارنى مەن چۈشەنمىگەن يەردە ئەمەس، لېكىن سىلىنىڭ تاغىلىرىدەك بولۇپ قالغان ئادەم، بەزى گەپلەرنى قانداق دىيەلەيمەن، دەپ ئويلاپ قالدىم.

— ئىنىسى ئىزا تارتماي ئاڭلىغان يەردە، تاغىسىغا ئىزانى كىم قويۇپتۇ، — چاقچاق قىلدى قادىر ۋە گېپىگە ئۇلاپلا، — سىلى دېگەن بىزنىڭ غوللۇق ئاكتىپىمىز، ھېلىمۇ سىلى بىلەن دېيىشمەيدىغان گەپلىرىمىز قالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلى ئالدىراپ سۆزلىسىلىمۇ، لېكىن يالغان سۆزلىمەيلا، مۇشۇ بىر قانچە ئايدىن بۇيان سىلى قىلغان پىكىر، ئىنكاسلارنىڭ كۆپ قىسمى توغرا چىقتى. شۇڭا بىز سىلىدىن بەكمۇ رازى، بۇنداق بولغاندىن كېيىن مەن سىلىنى تاغام دېسەممۇ ، دوستۇم دېسەممۇ بولىدۇ. دوست دېگەننىڭ دېيىشمەيدىغان گەپلىرى بولمايدىغۇ ؟ — دېدى، قادىر ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈپ.

— بولدى، مەن سىلىگە ھەممىنى دەپ بېرەي — دېدى مەھەممەت ساۋۇر ئۈچىنچى قېتىم ۋەدە بېرىپ .

7

— زۆھرەخان ئەسلى ئويباغلىق بولۇپ، خېلى قول ئىلكىدە بار ئادەمنىڭ قىزى ئىدى. ھازىرقى ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيى ئۇنىڭ ئۈچىنچى ئېرىدىن قالغان، — دېدى مەھەممەت ساۋۇر سۆزىنى باشلاپ.

— زۆھرەخان ئۈچ قېتىم ئەرگە تەگكەنمۇ؟

— شۇنداق دېسەكمۇ بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى قېتىم تەگكەن ئەرلىرى يوق ھېسابتىكى بىر نىمىلەردىن بولۇپ چىقتى.

— قانداقچە ؟

— مەن گەپنى باشتىن باشلاي، بولمىسا سىلىگە ياخشى چۈشەندۈرۈپ كېتەلمەيمەن.

— مەن قۇناخۇن بىلەن مۇشۇ مەھەللىدە تۇغۇلۇپ، بىللە ئويناپ چوڭ بولغان. ئۇ مېنىڭ چوڭ ئاچام تىللاخاننىڭ تۇنجى

بالىسى ئىدى. ئىككىلىمىز ئوقۇمىغانىدۇق، شۇ چاغلاردىمۇ بىزنىڭ هازىرقى گۈگشي ئورگىنىنىڭ يېنىدا مەكتەپ بار ئىدى. ئاتا - ئانىلىرىمىز بەك نامرات خەقلەردىنمۇ ئەمەس ئىدى، لېكىن نېمە سەۋەبتىنكىن، بىزنى ئوقۇتمىغانىكەن. قۇناخۇن مەندىن بىر - ئىككى ياش كىچىك بولسىمۇ، مەن ئۇنىڭ هەم تاغىسى هەم دوستى ئىدىم.

ئون يەتتە - ئون سەككىز ياشلارغا كىرىپ قالغان چاغلىرىمىز ئىدى. بىر بازار كۈنى ئىككىمىز بازارغا باردۇق. بازاردا بىر نەرسە ئېلىپ يېگۈدەك پۇلىمىزغۇ يوق ئىدى. ناهايىتى شۇ ئۇنىڭغا — بۇنىڭغا قاراپ، قويىنىمىزغا سېلىۋالغان نېنىمىزنى چىمدىپ يەپ، ئىت تالاشتۇرغان، خوراز سوقۇشتۇرغان، كامارغا ياڭاق تاشلاپ ئويناۋاتقانلارنىڭ ئويۇنلىرىنى كۆرۈپ كەچ بولغاندا قايتىپ كېتەتتۇق. شۇ كۈنىمۇ شۇنداق قىلىپ، بىزنىڭ مەهەللىدىن بازارغا بارغانلارغا قوشۇلۇپ قايتايلى، دەپ تۇرساق بىز دېمەتلىك بىر قىز بالا بىزگە يېقىنلاپ كەلدى، بېشىغا سېلىۋالغان گىجىم ياغلىقىنىڭ بىر تەرىپىدە يۈزىنى توسۇپ تۇرۇپ :

— ئىككىلىرى خاپا بولماي، دادامغا ياردەملىشىپ ئاۋۇ بىر تاغار بۇغداينى ئېشەككە ئارتىشىپ بەرگەن بولسىلا، — دەپ ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى ئىككى ئېشەكنى تۇتۇپ تۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق، كېلىشكەن، كەكە ساقال ئادەمنى ئىما قىلدى. بىز بىر-بىرىمىزگە قارىشىۋالغاندىن كېيىن، قۇناخۇن، ماڭە ئارتىشىپ بېرەيلى، دېگىنىچە ماڭدى، مەن سەل تۇرۇپ قېلىپ ئاندىن ئەگىشىپ ماڭدىم. بىز تارتىنچاقلىق قىلىپ، ئۇ قىزغىمۇ قارىماي، گەپمۇ قىلماي، ئۇدۇل ئۇ كىشىنىڭ يېنىغا باردۇق. قولىمىزنى گىرە قىلىپ تاغارنى كۆتۈرگەن پېتىمىز توغرىلانغان چامبۇل ئېشەككە ئارتتۇق. بىز تاغار بىلەن تەڭ بېشىمىزنى كۆتۈرگەندە قارىسام هېلىقى قىز ئەمدى گىجىم ياغلىقىدا يۈزىنى ياپماي ئۇدۇلىمىزدا

تۇرغانىكەن، مەن ئۇنىڭ چىرايىنى چالا ـ بۇلا كۆرۈپ قالدىم ــ دە، لېكىن تارتىنغانلىقىمدىن دەرھال باشقا ياققا قارىۋېلىپ:

ــ تاغا بىز كەتسەك بولامدۇ؟ ــ دەپ سورىدىم.

ــ بولىدۇ ئۇكىلىرىم، رەھمەت سىلەرگە، ــ ئۇ دەرھال بېلىگە تۇگۈۋالغان سامسىدىن ئىككىنى ئېلىپ بىزگە تەڭلىدى. مەن ئالاي دەپ تۇرسام، قۇناخۇن قولۇمدىن تارتقىنىچە مېنى يېتىلىگەندەك ئېلىپ كەتتى.

ــ ھەي ئۇكىلىرىم، ئېلىڭلار... ــ دەپ، ئۇ ئادەم قولىنى سوزغىنىچە ئىزىدا تۇرۇپلا قالدى. قۇناخۇن" رەھمەت ئاكا، قورسىقىمىز توق" دەپ جاۋاب بېرىۋېتىپ، كەينىگە بىر قاراپ قويۇپلا ئالدىمدا مېڭىپ كەتتى. بىز ئىتتىك مېڭىپ بازاردىن يانغانلارغا يېتىشىۋېلىپ قايتىپ كەتتۇق، بىز يولدا كېتىۋاتقاندا مەن قۇناخۇنغا :

ھېلىقى قىز، ئەجەبمۇ چىرايلىق ئىكەن، مەن تاغارنى كۆتۈرگەندە ئۇدۇلۇمدا تۇرۇپتىكەن يۈزىنى كۆرۈپ قالدىم، ــ دېدىم.

ــ شۇنداق مەنمۇ غىل ـ پاللا كۆرۈپ قالدىم، ئىزا تارتىپ ئۇزاق قارىيالمىدىم، ــ دېدى قۇناخۇنمۇ.

ــ شۇنىڭدىن كېيىن بازارغا بارساقلا ئۇ قىزنىڭ كىملىكىنى بىلگىمىز كېلىپ بازارنى قويماي ئارىلاپ قىزلارغا سىنچىلاپ قاراپ يۈردۇق، لېكىن بىز ئۇ قىزنى ئىككى بازار ئۇدا ئۇچرىتالمىدۇق.

ــ زۆھرەخانغا شۇ ۋاقىتتا سىلىنىڭ كۆزلىرى بۇرۇن چۈشۈپتىكەن ــ ھە؟ ــ چاقچاق قىلدى قادىر.

ــ ئۇ بىز تېخى ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان چاغلار ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئادەم بالاغەتكە يېتەي دېگەندە چىرايلىققا قارايدىغان ئوخشايدۇ، شۇڭا ئىككىمىز تەڭ قاراپتۇق دېسىلە. كېيىنكى بازار كۈنى يەنە ئىزدىدۇق. بىز بازار ئارىلاپ كېتىۋېتىپ بىردىنلا ئاشلىق

ساتىدىغان جايدا ئىككى - ئۈچ تاغاردەك ئاشلىقنى چۆرىدەپ خېرىدار چاقىرغاندەك ھەر بىر ئۆتكەن ئادەملەرگە بىر نىمىلەرنى دەپ تۇرغان ھېلىقى ئادەم بىلەن يېنىدا تۇرغان بىر ئايال ۋە يەنە شۇ كىيىمنى كىيىپ، شۇ گىجىم روملىنى ئارتىۋېلىپ ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرغان ھېلىقى قىزغا كۆزىمىز چۈشتى.

— ھېلىقى قىز بالا ئەنە ئاۋۇ يەردە تۇرىدۇ، — دېدى قۇناخۇن بېشى بىلەن ئىما قىلىپ. بىز ئۇزاق قاراپ تۇرۇۋشتىن ئىزا تارتىپ كەينىمىزگە يانايلى دەپ تۇرساق، ھېلىقى ئادەم بىزنى كۆرۈپ قىلىپ:

— ھوي ئۇكىلىرىم، سىلىمىدىڭلار؟ بازارغا كەلگەنمۇ؟ بۇ يەرگە كېلىڭلار، — دەپ بىزنى چاقىردى.

— بۇ كۈنىمۇ ئۆتكەن قېتىمدىكىدەك ئادەملەر خېلى شالاڭلاشقان ۋاقىت بولۇپ، بازارغا كېلىۋاتقانلار يوق دېيەرلىك، ئىشنى تۈگىتىپ كېتىۋاتقانلار توپ - توپى بىلەن ئىدى.

— قۇناخۇن گەپ قىلماي يەرگە قاراپ تۇردى. مەن:

— تاغا، بازارغا بۇغداي ساتقىلى كەلگەنمىدىلە، — دېدىم.

— ياق ئۇكام، ئىككى تاغار قوناق ساتقىلى كەلگەنىدىم. بىر تاغىرىنى ساتتىم، ئۇنىڭغا ئازراق پۇل قوشۇپ بىر تاغار بۇغداي ئالدىم. بۇ بىر تاغار قوناققا خېرىدار چىقمايدىغاندەك تۇرىدۇ. بىر دەم تۇرۇپ بېقىپ سېتىلماي قالسا ئەكىتىپ، ئۆزىمىز ئۇن تارتىپ يەيمىز، — دېدى ۋە ماڭا قاراپ، — ئۇكام سىلى گۇلباغلىقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق بىز گۇلباغلىق، ئىككىمىزلا ساۋۇر جەمەتىدىن، ماۋۇ بالىنىڭ ئېتى قۇناخۇن. مېنىڭ ئېتىم مەھەممەت!

— قايسى ساۋۇرلار ئۇرۇقىدىن، دۆڭ مەھەللىدىكىمۇ؟

— شۇنداق.

— ئىسمائىلنىڭ ئۇكىسىمۇ سىز؟

— شۇنداق.
— مەن ئاتىڭىزنى، ئاكىڭىزنى تونۇيمەن! بۇ بالىچۇ؟
— قۇناخۇن مېنىڭ چوڭ ئاچامنىڭ ئوغلى بولىدۇ، ئاتىسىنىڭ ئېتى ئىبراھىم.
— تىللاخاننىڭ ئوغلىمۇ؟
— شۇنداق.
ئۇ ئادەم بىزنىڭ چوڭلار بىلەن ئۆزىنىڭ تونۇش چىقىپ قالغىنىغا ئىككىمىزنىڭلا خۇش بولۇپ كەتكىنىمىزنى بىلدىمۇ ياكى بىزنى ئىزا تارتىپ سوراشقا پېتىنالمايۋاتىدۇ، دەپ قالدىمۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆزىنى تونۇشتۇردى.
— بىز ئويباغلىق ئۇكىلىرىم، بۇ خوتۇنۇم بولىدۇ. بۇ قىزىم زۆھرەخان بولىدۇ. مېنىڭ ئېتىممۇ ئىبراھىم، — دېدى ئىبراھىم ئاخۇن ئاكا خۇشخۇيلۇق بىلەن.
بۇ ۋاقىتتا قۇناخۇنمۇ، مەنمۇ تەڭلا ئىبراھىم ئاخۇن ئاكىمىزنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا ئەگىشىپ ئالدى بىلەن زۆھرەخاننىڭ ئاپىسىغا، ئاندىن زۆھرەخانغا قارىدۇق. زۆھرەخانغا قارىغىنىمىزدا ئۇ بىزگە بىلىنەر-بىلىنمەس كۈلۈپ قويدى.
— ئەگەر بازاردىن يانسىلا تاغارلىرىنى ئارتىشىپ بېرەيلىمۇ؟ — دېدى قۇناخۇن بۇ قېتىم مەندىن بۇرۇن گەپ ئېچىپ.
— بولىدۇ ئۇكىلىرىم! كەچ بولاي دېگەنسېرى بازارمۇ سۇسلاپ قالدى. بۇ قوناقمۇ سېتىلمايدىغان ئوخشايدۇ، بىزنىڭ مەھەللىدىن كەلگەنلەرمۇ قالمىغاندەك قىلىدۇ. ئۆتكەن قېتىممۇ بىزنىڭ مەھەللىدىن كەلگەنلەر كېتىپ قېلىپ، قىزىم بىلەن قاملاشتۇرالماي ئىككىڭلارنى ئاۋارە قىلغانىدىم، يەنە توغرا كېلىپ قالغىنىنى دېمەمسىلەر! لېكىن ئۆتكەن قېتىم سامسا تەڭلىسەم ئالغىلى ئۇنىمىدىڭلار، بۇ ئىشىڭلار بولمىدى، مەنمۇ، قىزىممۇ بىر قىسما بولۇپ قالدۇق، — دېدى ئىبراھىم ئاخۇن بىزگە ھال ئېيتىپ.

— ئۇنداق ئەمەس ئاكا! — دېدى قۇناخۇن مۇلايىملىق بىلەن، — بىز ياش بولغاندىن كېيىن ئۇنچىلىك ئىشنى قىلىشىپ بەرگەننگە نېمە بولىدۇ، ئۇنىڭغىمۇ ھەق ئېلىپ يۈرسەك سەت ئەمەسمۇ؟

— ئۇنىغۇ ھەق دەپ كەتكىلى بولمايدۇ، مەن سىلەرنىڭ ياۋاش - مۇلايىملىقىڭلارنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ كېتىپ تەڭلىگەنىدىم. مەن سىلەرنى يەنە بىر قېتىم ئىشقا سالىدىغان بولدۇم — دە! — دېدى ئىبراھىم ئاخۇن خوتۇنىغا ئورۇقراق ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى تاغار ئارتىدىغان ئىككى ئېشەكنىڭ بېشىنى بىزگە نۆۋەت بىلەن تۇغرىلاپ بېرىپ.

بىز پارانىڭ سىلىۋاتقاندا زۆھرەخان بىلەن ئاپىسى گەپكە ئارىلاشماي جىم تۇردى. لېكىن ماڭا زۆھرەخان بىردە ماڭا، بىردە قۇناخۇنغا تويدۇرماي قاراۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. مەن بىلمىدىم، مەيدەسەپسالدىم، زۆھرەخاننىڭ ئاپىسىمۇ چىرايلىق ئايال ئىكەن. ئاتىسى — ئىبراھىم ئاخۇنغا سىنچىلاپ قارىسام، كۆزۈمگە بۇ ئادەم شۇ زاماننىڭ ئادەملىرى ئىچىدە ھەقىقەتەن كېلىشكەن، تەمكىن، سالاپەتلىك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ بۇغداي ئۆڭلۈك بولۇپ، كاپكازچە قويۇلغان بۇرۇتى ئۇنىڭغا باشقىچە ئىسكەت بېرىپ تۇراتتى. گەپ سۆزلىرىدىن مەرد ئادەملىكى چىقىپ تۇراتتى.

زۆھرەخان بىلەن ئاپىسىنىڭ چىرايى بىر - بىرىگە بەكمۇ ئوخشايدىكەن. بىز ئىزا تارتىپ سىنچىلاپ قارىيالمىساقمۇ، ئۇلارنىڭ چىرايلىرىنىڭ ئاق سېرىق، كۆزلىرىنىڭ چوڭلۇقىنى بىلىۋالغانىدىم.

بىز تاغارلارنى ئارتىپ بېرىپلا ئۆتكەن قېتىمكىدەك خوشلىشىپ كېتىپ قالدۇق. ئۇلارمۇ قوزغالدى، بۇ قېتىم مەن بۇرۇلۇپ ئارقامغا قارىغانىدىم، ئۇلارنىڭ ئۇدۇل كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۇم. زۆھرەخان ئاپىسى بىلەن ئاتىسىدىن تارتىنىدى بولغاي، ئۆتكەن قېتىمدىكىدەك قايرىلىپ قاراپ قويمىدى.

— زۆھرەخان شۇ ۋاقىتتا قايسىڭلارغا بەكرەك قىزىقتى؟
— قىزىققۇ سىلى قادىر زۇجاڭ، ئۇ چاغدا قايسىمىزغا قىزىققانلىقىنى كېيىنكى ئىشلار ئىسپاتلىمامدۇ؟
— مەن مۇشۇ يېرىدىن گۇمانلىنىۋاتىمەن، — دېدى قادىر چاقچاقنى داۋاملاشتۇرۇپ، — چۈنكى قۇناخۇنغا قارىغاندا سىلى ھەر ئىككىلا قېتىم ئۆزلىرىنى بەكرەك كۆرسەتكەن تۇرسىلا.
— ھەي، سىلىنىڭ دېمەيدىغان گەپلىرى يوق جۇمۇ، قارىسىلا مېنىڭ مۇشۇ ئەپتىمگە، — دېدى ئۇ ئېڭەك، ساقاللىرىنى يەڭگىل سىيلاپ قويۇپ، — ياش ۋاقتىمدىمۇ مۇشۇنداق ئىككى قوۋۇزۇم ئىچىگە كىرىپ كەتكەن، ئاستىنقى ئېڭىكىم يۇقىرىغا چىقىپ تۇرغان ئۈچلۇق ساقال بىر نېمە تۇرسام زۆھرەخان ماڭا قارامتى؟ مەن كىچىكىمدىن تارتىپ ئانچە تارتىنىپ كەتمەيتتىم. گەپنى تېز قىلغاندىن تاشقىرى كۆپ سۆزلەيتتىم. كېيىن ئويلىسام ياش ۋاقتىمدا قىزلار ئالدىدا ئۆزۈمنى كۆرسىتىشكە ئامراق ئىكەنمەن. قۇناخۇن كېيىنرەك ماڭا:» زۆھرەخان ھەر ئىككى قېتىمدا ماڭا قاراپ تەبەسسۇم قىلدى« دېگەنىدى، قۇناخۇننى سىلى كۆرمىگەن، ئۇ ناھايىتى چىرايلىق، تەمكىن يىگىت بولۇپ، كىچىكىدىن تارتىپ تارتىنچاق، كەم سۆز بولغىنى بىلەن چىرايىدىن كۈلكە كەتمەيتتى. شۇڭا بىزنىڭ مەھەللىدىكى نۇرغۇن قىزلارنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلغانىدى. ئۇنىڭ دائىم.كۈلۈپ تۇرىدىغان بۇلاقتەك ئىككى كۆزى مۇلايىم سەمىمىي بالا ئىكەنلىكىنى مانا مەن دەپ ئىسپاتلاپ تۇرسا، زۆھرەخان بىزنى بىكارغا تاغار ئارتىشقا چاقىرغان دەمدۇ؟ ئۇ كۈنى ئىككىمىز يول بويى ئۇلارنىڭ ئىككى قېتىم بىزگە تاغار ئارتقۇزغانلىقىغا ئۆزىمىزچە ھەيران قىلىشىپ، پاراڭ بىلەن قايتىپ كەلدۇق.
يېرىم يولغا كەلگەندە قۇناخۇن توساتتىنلا :
— زۆھرەخان ئەتىۋارلىق، يالغۇز قىز ئوخشايدۇ، بۇ ئادەمنىڭ

ئوغلى يوقمىدۇ؟ — دەپ قالدى. مەن چاقچاق قىلىپ:

— ئوغۇل بولغۇلۇق كەلدىمۇيا؟ ئوغۇلچىلاپ كىرسەڭ ياق دېمەسلىكى مۇمكىن، — دېدىم.

— مەنمۇ يالغۇز ئوغۇل تۇرسام، — دېدى قۇناخۇن.

ئىش مانا شۇنداق باشلاندى. بارا ـ بارا قۇناخۇننىڭ قورسىقىغا ”جىن“ كىردى بولغاي، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ماڭا دېمەي بازارغا ئۆزى يالغۇز كېتىدىغان بولۇۋالدى، بەزىدە خۇشال قايتىپ كەلسە، بەزىدە كۆڭلى غەش قايتىپ كېلەتتى.

بۇ كۈزنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى ئىدى. شۇ يىلى قاتتىق ياغقان بىر قېتىملىق كۈز يامغۇرى بىلەن سوغۇق بالدۇر چۈشۈپ كەتتى. مەلۇم بىر بازار كۈنى بىز قىشلىق كىيىملىرىمىز بىلەن بازار ئارىلاپ كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز زۆھرەخاننى ئۇچرىتىپ قالدۇق. قۇناخۇن مېنى نوقۇپ، ئاۋۇ يەردە زۆھرەخانلار تۇرىدۇ، دېگىنىچە قەدىمىنى تېزلىتىپ ئالدىغا كەتتى. مەنمۇ ئەگىشىپ باردىم. بۇ قېتىم قىزنىڭ يېنىدا ئاتىسى يوق ئىدى. ئۇ ئاپىسى ۋە مەھەللىسىدىكى ئىككى ـ ئۈچ نەپەر ياشانغان كىشىلەر بىلەن تۇرۇۋېتىكەن، بىزنى كۆرۈپلا زۆھرەخانمۇ، ئاپىسىمۇ تەڭلا:

— بازارغا كەلگەنمىدىڭلار؟ — دېدى كونا تونۇشلاردەك.

— بازارغا كەلگەنىدۇق، يىراقتىن ھەر قايسىلىرىنى كۆرۈپ كېلىشىمىز، بىز ياردەملىشىدىغان ئىش ـ كۈش بارمىكىن؟ — دېدىم مەن قۇناخۇنغا گەپ بەرمەي، قۇناخۇن بولسا زۆھرەخانغا قارىغىنىچە مۇلايىم كۈلۈپ جىم تۇراتتى.

— ئاتىسى شەھەرگە كەتكەنىدى. قىزىم بىلەن مەھەللىدىكىلەرگە قوشۇلۇپ بازار ئايلىنىپ كېلەيلى دەپ چىققانىدۇق. ھەر قايسىلىرىغا قىلدۇرغىدەكمۇ ئىش يوق. قىزىم ھېلى قۇناخۇنغا دەيدىغان گېپىم بار ئىدى دەۋاتاتتىڭ، دېمەمسەن قېنى؟ — دېدى ئاپىسى بوشراق ئاۋاز بىلەن بېشىنى بىر تەرەپكە

قايرىپ تـوُروُپ، ئـوُنىڭ گىپىنى مەھەللىسىدىن بىرگـە كەلگـەنلەر ئاڭلىمىدى.

— باشـقا گەپـقوُ يـوق، — دىـدى زوٚھرەخـان كـوٚزلىرىنى قوُناخوُندىن ئوُزمەي، — ئوٚتكـەن بـازار كوُنـى قوُناخـوُن، قىلىـدىغان ئىشلار بولسا مـەن بىرىپ قىلىشىپ بىرەي، دىگـەنىتىڭغوُ ئاپا؟ — زوٚھرەخـان بـوُ جوُملىلـەر بىلـەن مـەن قوُناخـوُن بىلـەن يالغـوُز كوٚروُشمىدىم يىپىنمدا ئاپام بار ئىدى دىگىنىنى بىلدوُرمەكچى ئىدى، — ئاتام ماڭىدىغان چاغدا:" مەن كەلگوُچە سوغوُق چوُشوُپ كىتىپ قالسـا، ئىغىلنـى شـاخ بىلـەن يىپىـۋىتىڭلار" دىگـەنىدى. شـوُڭا قوُناخوُنىنىڭ قايسى كوُنـى ۋاقتـى بـاركىن، ئوُچرىشىپ قالساق شوُنى سـوروُۋالاي دىگـەنىدىم، — دىـدى ئـوُ، ئـون نەچچـە تـال قىلىـپ ئوٚروُۋالغـان چىچىنىـڭ ياغلىقتىن چىقىـپ قالغـان تـالليرىنى ئوينـاپ بىردە ئاپىسىغا، بىردە بىزگە قارىغىنىچە.

ئەمەلىيەتتـە بـوُ زوٚھرەخانىنـىڭ ئاتىسـى ئوٚيـدە يـوق ۋاقتىـدا قوُناخوُننى ئوٚز ئوٚيىگە تـەكلىپ قىلىـپ ئاپىرىش مەقسىتىدە ئـويلاپ تاپقان ئويوُنى ئىدى.

ئاپىسى بوُ ئويوُننى بىلىپ توُرسىموُ بىلمەسكە سىلىپ :

— ھە، راست ئاتاڭ شوُنداق دىگەندەك قىلىۋاتاتتى، — دەپ قويدى.

مـەن بوُگـوُن بىـز توُيوُقسـىز ئوُچراشقاندەك قىلغـان بىلـەن بـوُ ئوُچرىشـىش ھەرگـىز توُيوُقسـىز ئەمـەس ئىكـەن دىگـەننى جەزملەشـتوُردوُم ۋە ئەجەبمـوُ چىچـەن قىزكىنـا، ھـىچ ئىشـنى چاندوُرمايۋاتـدوُ. دىگـەنلەرنى ئـويلاپ قوُناخـوُن ئوُچـوُن جـاۋاب بەردىم:

— قاچانلا بولسا بولىدوُ، قوُناخوُننىڭ ۋاقتـى بـار، يىتىشمىسە مەنموُ ياردەم قىلىمەن...

— ئەمىسـە ئوٚگـوُنلوُككە بارايمـوُ؟ — دىـدى قوُناخـوُن

خۇشاللىقىدىن مۇلايىمغىنا مىيىقىدا كۈلۈپ، ئاندىن ماڭا سىڭىنچە قانداق ؟ دېگەندەك قاراپ قويدى.
— قاچانلا بارسىلا بولىدۇ ئۇكام، — دېدى ئاپىسى كەينىدىنلا بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك، — ۋاقىتلىرى بولسا سىلىمۇ بارسىلا، — دەپ قوشۇپ قويدى ماڭا قاراپ، لېكىن زۆھرەخان قوشۇلمىغاندەك ئاپىسىغا ھېسسىياتسىز قاراپ قويدىيۇ، گەپ ـ سۆز قىلمىدى.
— ئەمدى ئىش خېلى ئاشكارا بولغانىدى. مەن يول بويى خوشلۇقۇم تۇتۇپ كېتىپ، قۇناخۇنغا :
— زۆھرەخان ھەقىقەتەن تولىمۇ ياخشى، ئەقىللىق قىز ئىكەن، سىڭنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنى ئېنىق، بارساڭ ئەتىگەنرەك بېرىپ، ئوبدانىراق ئىشلەپ بەرگىن، — دەپ ئۇنى ئىلھاملاندۇرىدىغان گەپلەرنى قىلدىم، لېكىن ئۇ تۇرۇۋېرەك بىرەر ئېغىز گەپمۇ قىلالماي كۈلۈپلا تۇرۇۋالدى.
ئۆگۈنى قۇناخۇن ئەتىگەن چىقىپ كېتىپ قاراڭغۇ چۈشكەندە ئاندىن ئويىباغدىن قايتىپ كەلدى. ئۇ ماڭىدىغان چاغدا ئاغزىنىڭ ئۇچىدا ‹‹بىللە بارامسەن›› دەپ قويغان بىلەن چىڭ تۇتمىدى، چىڭ تۇتسىمۇ مەن بارمايتتىم.
ئۇ قايتىپ كېلىپ، خۇشاللىقىدىن تېرىسىگە پاتمىغاندەك روھلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يېگەن ـ ئىچكىنىدىن باشقا ھېچ نەرسە دېگىلى ئۇنىمىدى. ئۇ كىچىكىدىنلا كەم سۆز بولغانلىقى ئۈچۈن ئىچىدىكىنى ئاسانلىقچە سىرتقا چىقارمايتتى.
— مەنچۇ قارىسىلا قادىر زۇجاڭ، — دېدى مەھەممەت ساۋۇر، — چىرايىم سەترەك بولغىنى بىلەن كىچىكىمدىنلا خېلى چېچەن، تۈيغۇن ئىدىم. مەن ئاشۇ كۈندىكى ئىشتىن كېيىن خېلى جىق نەرسىلەرنى سېزىۋالدىم. قۇناخۇن بارغانسېرى ئۆيدە ئولتۇرالمايدىغان، ئىشى بولسىمۇ، بولمىسىمۇ بازارغا چاپىدىغان، تۈرلۈك باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئويىباغقا كۆپ بارىدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. مەن خىيالىمدا ئۇلار خېلى يېقىنلىشىپ قالدى

بولغـاي، دەپ يۈرۈپـتىمەن، لـېكىن بىـر كۈنـى قۇناخـۇن سالپـيىپ كىرىپ كەلدى.

ــــ نېمـە بولـدۇڭ سالپـيىپ قاپسـەنغۇ؟ ــــ دەپ سـورىدىم ھەيران بولۇپ.

ئۇ ئۇھ تارتقاندىن باشقا لام-جىم دېمەي ئولتۇرۇپ كەتتى.

ــــ گەپ قىلساڭچۇ؟ مەن سېنىڭ بـۇ ئـادىتىڭنى ياقتۇرمايمەن ھەم ئىچىم پۇشىدۇ. گەپ بولسا ۋاچ-ۋاچ قىلمامسەن؟ ـــ دېدىم.

ئۇ تەستە زۇۋانغا كەلدى.

ــــ زۆھرەخانىنـىڭ ئاتىسىنىڭ باشـقا ئويـى بـار ئوخشايدۇ، ــــ دېدى ئۇ تومتاقلا.

ــــ نېمە دېگىنىڭ ئۇ؟

ئۇ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ بېشىنى كۆتۈرمەي تـۇرۇپ، بولغان ئىشنى پەس ئاۋاز بىلەن سۆزلىگىلى تۇردى.

## 8

قۇناخۇن كۆپ سۆزلىدى. ئۇ جامائەت ئالدىدا تېخـى ئوچۇق-ئاشـكارا بىـر نېمـە دېمىگىنى بىلـەن زۆھرەخـاننى بىرىنچـى قېتىم كۆرگـەندىن بـۇيان ئـۇنىڭغا كـۆيۈپ-پىشـىپ، ئاشـىق بولـۇپ يۈرگەنلىكىنى، زۆھرەخانىڭمۇ ئۇنىڭغا مەيلى بارلىقىنى، ئـۇنى چىن دىلىـدىن ياخشـى كۆرىـدىغانلىقىنى، زۆھرەخانىـڭ ئاپىسـىنىڭ قۇناخـۇننى خـۇددى ئـۆز كۈيئوغلىـدەك ھۆرمـەت-ئىززىتىنـى قىلىـپ كېتىـدىغانلىقىنى، لـېكىن ئىككىسـىنىڭ ئوتتۇرىسـىدا ئاشـىقلىق بولمايدىغان بىر داۋان باردەكلا بىلىنىپ تۇرىـدىغانلىقىنى، بـۇ داۋان ئىبـراھىم ئاخـۇن ئاكـا بولـۇپ، بـۇ ئـادەم گـەرچە قۇناخـۇننى يامان كۆرۈپ، ئۇنداق-مۇنداق دېمىسىمۇ، لېكىن كۈيئوغۇل قىلىش نىيىتى يوقتەكلا كۆرۈنىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ مېنىڭمۇ كۆڭلۈم لاسسىدە بولۇپ قالدى.

مېنىڭ باشقىچە بولۇپ گەپ قىلماي ئولتۇرۇپ كەتكەنلىكىمنى كۆرۈپ ئۇ تېخىمۇ بوشاپ كەتتى.

مەن زۆھرەخاننىڭ ئاتىسى ئىبراھىم ئاخۇن ئاكىنى خېلىلا چۈشىنىپ قالغانىدىم، ئۇ كۆڭلى- كۆكسى كەڭ، مەرد ئادەم بولغىنى بىلەن ئۆزى بىر قارارغا كېلىپ بولغان ئىشتا ئاسانلىقچە سالاغا كۆنمەيدىغان ئادەم ئىكەن، قۇناخۇن بۇ ئادەمنى ئاشقىلى بولمايدىغان داۋانغا ئوخشاتقاندىن كېيىن، مېنىڭ بېشىم ئۇنىڭكىدىنمۇ بەك قاتتى.

— مانا ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟

— مەن ئويلا - ئويلا ئاخىر قۇناخۇنغا ئۈمىدلىك گەپلەرنى قىلدىم :

— بىز سۈنى كۆرمەي ئۆتۈك سالمايلى قۇناخۇن، يا چوڭلارغا دەپ ئەلچى ئەۋەتەيلى، ياكى ئەتە - ئۆگۈن ئىككىمىز ئويباغقا بېرىپ ئىبراھىم ئاكامنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقساق قانداق؟ — دېدىم.

— شۇنداق قىلساق بولارمۇ؟

مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قارىسام كۆزلىرى ئىچىگە كىرىپ، ئورۇقلاپ شۈمشىيىپ قالغاندەكلا بىلىنىپ كەتتى — دە، تېخىمۇ ئىچىم ئاغرىدى.

— چوڭلارغا دەپ ئەلچى ئەۋەتەيلىمۇيا؟!

— چوڭلارغا دېمەي تۇرايلى، — دېدى ئۇ ناھايىتى ئىشەنچسىز ھالدا.

— ئەمىسە ئىككىمىز بېرىپ بىر ئۇقۇشۇپ كۆرەيلىمۇ؟

قۇناخۇن بېشىنى لىڭشىتتى.

ئەتىسى ئىككىمىز زۆھرەخاننىڭ ئاتىسى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئويباغقا قاراپ ماڭدۇق. يېرىم يولغا بارغاندا قۇناخۇن بىر

ئىشنى ئويلاپ ـ ئويلاپ يېڭىۋاشتىن چۈشىنىپ قايتا قارارغا كەلگەن ئادەمدەك، كېتىۋاتقان يولدىن شىپپىدە توختىدى ـــ دە:

ـــ مەھەممەت، بىز بارمايلى، مۇشۇنداق بىرىش ئۆرپ ـ ئادەتكىمۇ، قائىدە ـ يوسۇنغىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدىغاندەك تۇرىدۇ. بىز ئۇيغۇرلاردا نەدىمۇ كۆيئوغۇل بولىدىغان يىگىت ھېچنېمىدىن ـ ھېچنېمە يوق قېيناتا بولىدىغان ئادەمنىڭ ئالدىدا مۇنداق يوسۇندا كۆرۈنۈشكە بارىدىغان ئىش بار؟ ئۇ ئادەمنىڭ غۇرۇرى كۈچلۈك، ئاچچىقى يامان، ئەگەر بىز ئەپلەشتۈرەلمەي ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويىدىغان بولساق، بىزنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىشتىن يانمايدۇ. ئۇ ۋاقىتتا مەن بىراقلا تۈگىشىمەن. ماڭ، كېتەيلى، ـــ دېدى ئۇ قولۇمدىن تارتىپ تىترەپ تۇرۇپ.

ـــ ئۇنداقمۇ بولماس، ـــ دېدىم مەن ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ راستلىقىنى بىلىپ تۇرساممۇ، كۆڭلىنى ياساش ئۈچۈن.

ـــ كۆزۈم يەتمەيدۇ، كۆڭلۈم تۇيۇپلا تۇرىدۇ، ـــ دېدى ئۇ، بىز ئۇيباغ كەنتىنىڭ ئېغىزىغا كەلگەندە كەينىگە بۇرۇلۇپ، ـــ بارمايلى، ئەلچى ئەۋەتكىنىمىز تۈزۈكتەك قىلىدۇ. بۇنداق بارساق قانداق بولىدۇ؟ خۇددى خەقنى كۆزگە ئىلمىغاندەك، ماڭە كېتەيلى!

بىز كەينىمىزگە ياندۇق، بىر تۇرۇپ ئۇنىڭ دېگىنىمۇ راست دەپ ئويلايمەن، بىر تۇرۇپ ئاچچىقىم كېلىپ كايىپ كەتتىم.

ـــ سەن ئۇنىڭغا ئاشىق بولسەنۇ، لېكىن ھېچ ئىش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايسەن. ھەتتا ئاتا ـ ئانىسىغا كۆرۈنۈشكە، بىر قانچە ئېغىز گەپ قىلىشقىمۇ پېتىنالمايسەن. خەق قىزىنى ئالدىڭغا ئەكىلىپ ئىككى قوللاپ سۇنۇپ بېرەمتى، نەدىمۇ سەندەك يىگىت بولسۇن؟

ـــ سەن ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن بىز بېرىپ نېمە دەيمىز؟ ئۇيغۇرلاردا كۆيئوغۇل بولىدىغان بالا قىزنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ”قىزىڭىزنى ماڭا بېرىڭ“ دەيدىغان ئادەت بولمىسا.

ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن ئاتىسىدىن قورقۇۋاتىمەن، ئۇ بەك سۈرلۈك ئادەم ئىكەن، ئۇ ”ياق“ دەپلا بىر ئېغىز گەپ قىلىدىغان بولسا پۈتۈن ئىش تۈگەيدۇ، زۆھرەخان بىلەن ئاپىسى مىنىڭ قىلىپمۇ ئۇنى كۆندۈرەلمەيدۇ، — دېدى قوناخۇن.

— مۇشۇلارنى بىلگەندىن كېيىن ئەلچى ئەۋەتەيلى دېسەم ئۇنىمايسىنا ؟

ئۇ يەنە گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى.

— ئەمسە بولدى قىل، ئېغىز ئاچمايلى، بىزنىڭ مەھەللىدىكى قىزلار ئىچىدىمۇ ياكى ئۆز جەمەت قىزلار ئىچىدىمۇ نى- نى چىرايلىق، ياخشى قىزلار بارغۇ ؟ — دېدىم ئۇنى سىناش مەقسىتىدە.

ئۇ گەپ - سۆز قىلماي چىقىپ كەتتى.

ئارىدىن بىر ئايمۇ ئۆتمىگەنىدى، بىر كۈنى كەچلىك تامىقىنى يەپ بولۇپ، كالا سۇغارغىلى ئېرىق بويىغا چىقسام، ئۇ مېنىڭ سىرتقا چىقىشىمنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا ئۆيى تەرەپتىن روھى چۈشكۈن ھالدا ھېلىلا يىغلىۋېتىدىغاندەك قىياپەت بىلەن پوكاندەك ئېسىلىپ كېلىپ :

— مەھەممەت، ئىش چاتاق بولدى، ئاڭلىسام زۆھرەخانغا چاي ئىچۈرگۈدەك، ئەمدى قانداق قىلىمىز ؟ — دېدى دۇدۇقلاپ .

— كىمدىن ئاڭلىدىڭ ؟

— زۆھرەخاننىڭ ئۆزىدىن.

— نېمە !؟ قاچان كۆرۈشتۈڭ ؟

— ئاخشام ئۇيباغقا بېرىپ، قوشنىسى تۇراقنىڭ ئۆيىگە چاقىرتىپ كۆرۈشتۈم. ئاۋۇ كۈنى كەينىمىزگە يېنىپ كەتكىنىمىز ئۈچۈن پۇشايمان قىلغانلىقىمنى، ئۇنىڭدىن ئەمدى قانداق قىلساق بولىدىغانلىقى ھەققىدە مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىمنى دېيىشىمگىلا ئۇ، يېرىلغۇدەك بولۇپ ھەم يىغلاپ، ھەم ماڭا بوتناپ خاپا بولۇپ كەتتى. مەن نېمە بولدىڭىز؟ دەپ قايتا — قايتا

سورىسامۇ كۆزلىرىدىن تارام ــ تارام ياش تۆكۈپ گەپ قىلماي يىغلاپ تۇرۇۋالدى. كۆڭلۈم تۇيغاندەك قىلىپ: نېمە گەپ بولسا دەك زۆھرەخان، مەن قەتئىي قارارغا كەلدىم. ئىسمائىل تاغام باشلىق بىر قانچە كىشىنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ سىزنى ئالدىغانلىقىمنى ئاتىڭىزغا دېگۈزىمەن، ــ دېدىم.

زۆھرەخان ئاچچىقىدىن يىرىلىپ كېتەي دېدى:

ــ سىز بىر مۆرىمەس كالا، مۆرەيدىغان چاغدا مۆرىمەي، ئەمدى ئالىمەن دېگىنىڭىزنىڭ نېمە پايدىسى، ئاتام بىر قارارغا كېلىپ بولغاندىن كېيىن بېشىڭىزنى تاشقا ئۇرغان بىلەنمۇ بىكار. مانا ئەمدى باشقا بىرىگە چاي ئىچۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، ــ دەپلا ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى.

ــ بۇ گەپنى ئاڭلاپ بېشىم پىرقىراپ، يۈرىكىم خەنجەر سانجىلغاندەك ئېچىشتى، زۆھرەخاننى ھازىرلا بىرى يېنىمدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك، ياق، مەن ...مەن سىزنى ھەرگىز قولۇمدىن چىقارمايمەن، ھازىرلا ئاتىڭىزنىڭ ئالدىغا كىرىپ يالۋۇرىمەن، ئەگەر ئۇنىمىسا، سىزنى بىر ئامال قىلىپ ئېلىپ قاچىمەن، دەپ ۋارقىراپ تۇرۇپ يىغلىۋېتىپتىمەن.

ــ زۆھرەخان ئۇنىڭ ھېچقايسى پىكرىگە ئۇنىماپتۇ›› قولىڭىزغا كىرگۈزىدىغان چاغدا ئالدىراڭ دېسەم غەم يېمەيسىز، ئاتىڭىزدىن قورقىمەن دەيسىز، ئەمدى ئاتامنىڭ ئالدىغا كىرىدىغان بولسىڭىز، چاتاقنىڭ چوڭىنى تېپىۋالىسىز، تېخى قاچايلى دەيسىز، بۇ سىزنىڭ قولىڭىزدىن كېلەمتى؟ كەلگەن ھالەتتىمۇ مەن نومۇس قىلىمەن، چۈنكى مەن يالغۇز قىز، ئۇنداق قىلىدىغان بولسام، ئاتام ئاپامنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايدۇ...‹‹ دەپ تۇرۇۋاپتۇ زۆھرەخان.

ــ قۇناخۇن، ئەمىسە قانداق قىلىمىز ؟ دەپ تۇرۇشىغا زۆھرەخاننىڭ ئاپىسى ئۇنى چاقىرىپ قاپتۇ. زۆھرەخان ئالدىراپ چىقىپ كېتىۋېتىپ :

— تېخى بۈگۈن ـ ئەتىلا بولىدىغان ئىش بولمىغاندىن كېيىن بىر گەپ بولار، چارە تېپىلىپ قالار، — دەپلا يۈز ـ كۆزلىرىنى ئېرتىپ چىقىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇناخۇن بىر ئاز ئولتۇرۇپ يېنىپ كەپتۇ.

مەن ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى جاسارىتىگە ھەيران قالدىم، قارىسىلا قادىر زۇجاڭ، مەن ئۇنىڭدىن، سەن ئۇنى قانداق چاقىرتىپ چىقتىڭ؟ دەپ سورىسام ، ئۇ :

— زۆھرەخان تۇراقنىڭ سىڭلىسى ھۆرنىسا بىلەن دوست، شۇ چاقىرىپ بەرگەنىدى، — دېمەمدۇ.

— ھوي ساڭا ئەمدى جان كىرگىلى تۇرۇپتۇغۇ ؟ بۇرۇنراق شۇنداق قىلساڭ بولماسمىدى، ئەتىدىن ـ كەچكىچە قىز بالىدەك تارتىنىپ ئۇنىڭدىن قورۇنۇپ، بۇنىڭدىن ئۈركۈپ، بېشىڭنى ئىچىڭگە تىقىپ يۈرگۈچە، ئاشۇ كۈنى قورقماي بارساق مۇشۇنداق ئىشمۇ يوق ئىدى، — دېدىم دوق قىلىپ. ئۇ گەپ ـ سۆز قىلماي جىممىدە تۇرۇپ كەتتى.

— ئۇنىڭغا يىگىت بولىدىغان كىمكەن ئۇ ؟ — سورىدىم مەن .

— ئويباغلىق ئابلىمىت ئىمامنىڭ ئوغلىمىش.

— قايسى ئوغلىكەن ؟

— ئۇنى سورىماپتىمەن.

— سەنچۇ قۇناخۇن، ئۆتۈپ كەتكەن بىغەم ، كالا مىجەز بىر نېمىكەنسەن، گەپنىڭ بېشىنى ئاڭلاپلا ھودۇقۇپ يۈگۈرۈپ كەلگۈچە، ھامان سورىغاندىكىن ئۇچۇقراق سورىساڭ بولماسمىدى ؟ ئابلىمىت ئىمامنىڭ ئىككى ئوغلى تۇرسا، — دېدىم مەن كايىپ.

قۇناخۇن بىردىنلا چېچىلىپ:

— خەقنىڭ نەچچە ئوغلى بولۇشى بىلەن مېنىڭ نېمە كارىم، ھېلىغۇ ئىككى ئوغلى بار ئىكەن، ئون ئوغلى بولسىمۇ مەن ھەرگىز

زۆھرەخانىنى ئۇلارغا تارتقۇزۇپ قويمايمەن، — دېدى مەيدىسىگە مۇشتلاپ.
— كۆرەرمىز، سېنىڭ مۇشۇ ھالىڭ بىلەن ... — دېدىم مەن ئۇنى مەسخىرە قىلغاندەك ئاغزىمنى پۇرۇشتۇرۇپ، لېكىن جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكتىن ئۆزۈممۇ نېمە دېيىشىمنى، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالغانىدىم، چۈنكى، بۇ چاغدا مېنىڭمۇ كاللام ھېچ نەرسىگە ئىشلىمەيلا قالغانىدى.
قۇناخۇننىڭ بىردىنلا چىرايى تاتىرىپ، لەۋلىرى تىترەپ، كۆزلىرىدىن تارامlap ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ ئەمدى خۇددى ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەۋاتقاندەك:
— زۆھرەخان مەندىن بەك خاپا بولدى، — دېدى.
— سەندىن خاپا بولماي كىمدىن خاپا بولاتتى ؟ — دېدىم تېخىچە بېشىم گاڭگىراپ قالغانلىقتىن ئاچچىقلىنىپ.
قۇناخۇننىڭ دېيىشىچە، زۆھرەخان يەنە مۇنداق دەپتۇ:
— مەن سىزنى بىر قانچە قېتىم سۈرۈشتۈرسەم ئۆگىمىدىڭىز، ئاتىڭىزدىن قورقۇۋاتىمەن دېدىڭىز، مەن بۇنىڭدىن سىزنىڭ ماڭا ئانچە مەيلى يوق ئوخشايدۇ دەپ قالدىم. ئەمدىلىكتە مۇنچە جىددىيلىشىپ كېتىۋاتىسىز.
قۇناخۇن زۆھرەخاننىڭ بۇ گەپلىرىنى ماڭا دەۋېتىپ يەنە ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى.
قۇناخۇن يىغىدىن توختىغاندىن كېيىن گويا مەندىن بىر نىجاتلىق تىلەۋاتقاندەك ماڭا تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى. شۇ چاغدا ئۇ خۇددى قاتۇرۇپ قويغان ھەيكەلنىڭ ئۆزىلا ئىدى.
ئۆتكەن قېتىم ئۇ يېرىم يولدىن مېنى قايتۇرۇپ كەلگەندىلا ئاچچىقىم كەلگەنىدى. ھازىر زۆھرەخاننىڭ ”بىر قانچە قېتىم سۈرۈشتۈرسەم ئۆگىمىدىڭىز“ دېگىنىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ئاچچىقىم كەلدى، چۈنكى زۆھرەخاننىڭ سۈرۈشتۈرگىنىنى ئۇ بۇرۇن ماڭا دەپ

باقمىغانىدى.

— قۇناخـۇن بولـدى قىـل، يـا سـىنىڭ قـەتئىي بىـر ئىـرادەڭ بولمىسا، يا زۆھرەخانىنىڭ قارارى بولمىسـا، ماڭـا قـاراپ تـۇرۇۋالغىنىڭ بىلەن، مەن قانداق قىلىمەن، — دېدىم چىچىلىپ.

— ياق، بولدى قىلمايمەن، زۆھرەخانغا ئىرىشەلمىسەم ئۆلىمەن، — دېدى ئۇ تۇيۇقسىزلا خۇددى شىردەك ھۆركىرەپ، مۇشتۇمى بىلەن ئۆز كاللىسىنى مۇشتلاپ تۇرۇپ.

مەن ئۇنىڭ مىجەزىنىڭ بىردىنلا مۇنداق ئۆزگەرگىنىگە ھەيران قېلىپ گـەپ قىلمـاي قـاراپ تۇرسام، ئـۇ خـۇددى بىرەرسـى كـۆرۈپ قالىدىغانـدەك تـۆت ئەتراپـىغا قاراۋاتمامـدۇ. باشـقىدىن غۇژژىـدە جۇدۇنۇم تۇتتى — دە:

— ھـەي، قۇناخـۇن! شـۇ ھالىـڭ بىلـەن خوتـۇن ئالىمـەن دەمسـەن؟ سـېنىڭ بۇنـداق تارتىنچـاق، قورقـۇنچاق مىجـەزىڭ بولىدىكەن، ھېچ نەرسىگە ئىرىشەلمەيسەن، — دېدىم.

— سەن كۆرۈپ تۇر، مەن يا ئۇنى ئالىمەن. يا ئۆلىمەن، — دېـدى ئـۇ ئەتراپـىدا ھېچكىمنىـڭ يوقلـۇقىنى كـۆرۈپ باشـقىدىن جانلىنىپ.

ئـۇ مېنىـڭ گېپـىمدىن نـارازى بولغانلىقـىدىن، بىـردىنلا كۆڭلۈمگـە، ئـۇ ئەمـدى تـەلۋىلىك قىلـىپ بىـرەر ئىـش تۇغـدۇرۇپ يۈرمىسۇن دېگەن ئوي كەلدى — دە:

— سەن زۆھرەخـانىنى ھـەقىقىي ياخشـى كۆرىـدىغان بولسـاڭ، ئۇمـۇ سېنى چىـن قەلبىـدىن سۆيىدىغانلا بولسـا، بـۇنىڭغا بىـر چـارە تېپىلىپ قالار، مەن ساڭا ئاخىرغىچە ياردەم قىلىمەن، — دېدىم.

ئۇ يەنە پەسكويغا چۈشكەندەك بولدى. مەن ئىچىمدە، ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە ئەمدى نېمە قىلغىلى بولاتتى؟ "تۇگىدى"، "ھەممە ئىش تۈگىدى" مانا بـۇ سېنىڭ گـوللۇقۇڭنىڭ، تارتىنچاقلىقىڭنىـڭ، ئاقىۋىتى، دەپ ئويلىدىم. ئاشۇ كۈنى ئۇنى ئالمايلا ئىبراھىم ئاخۇن

ئاكام بىلەن ئۆزۈم كۆرۈشىدىغان ئىش ئىكەن، دېگەنلەرنىمۇ كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزدۈم. ئۇ ئۆز ئۈمىدىنى مەندىنلا كۈتۈۋاتقاندەك، ماڭا مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىغا قاراپ يەنە ئىچىم ئاغرىپ كەتتى.

— مەن ئەتە - ئۆگۈنىنىڭ ئىچىدە ئۇيباغقا بېرىپ ئىبراھىم ئاكام بىلەن كۆرۈشىمەن. ئىككىڭلارنىڭ ئىشىنى ئۇنىڭغا دەيمەن، ئۇنى كۆندۈرۈشكە تىرىشىمەن. تاغىلىق، دوستلۇق بۇرچىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بولسىمۇ... — دېدىم.

ئۇ سەل جاللاندى. سۇ ئىچىپ بولغان كالىنى ئۆي تەرەپكە يېتىلەپ مېڭىشقا تەمشىلىپ تۇرسام :

— چوڭلاردىن بىرەرىنى ئېلىۋالامسەن يا؟ — دېدى.

— بايا دېدىمغۇ ھازىرچە ئالماي باراي.

— سەن بىلەن بىزنى ھېسابقا ئالارمۇ ئۇ ئادەم ؟

— ئالدى بىلەن مەن بىر ئۇقۇشۇپ كۆرەي، ئۇلارنىڭ مەقسىتىنى بىلمەي تۇرۇپ ئەلچى ئەۋەتسەك، تونۇش — بىلىشلەر ئارىسىدا ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قالمىسۇن، ئۆيدىكىلەر سىېنىڭ ئىشىڭدىن تېخى خەۋىرى بولمىسا.

مەن بۇ ئىشنىڭ ئەپلەشمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرساممۇ پەقەت ئۇنىڭ كۆڭلى ئۈچۈنلا شۇنداق دەۋاتاتتىم.

ئەتىسى مەن بارالمىدىم، ئۇ مېنىڭ كەينىمگە كىرىۋالدى. ئۆگۈنى باردىم. ئىش مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك بولۇپ چىقتى. ئىبراھىم ئاخۇن ئاكا ئەھۋالنى ئۇقۇپ خاپا بولمىدى، بەلكى ناھايىتى سىپايىلىق بىلەن سىلىق سۆزلەرنى قىلىپ :

— مەن بۇ ئىككىسىنىڭ ئەھۋالنى خوتۇنۇمدىن ئۇقتۇم. قۇناخۇن بولسا ياخشى بالا ئىكەن، ئۇ بالىغىمۇ مېھرىم چۈشۈپ قالغانىدى. لېكىن بىز چوڭلار ئابلىمىت ئىمامنىڭ كىچىك ئوغلى سىيىتجانغا زۆھرەخاننى بېرىشكە خېلى بۇرۇنلا دېيىشىپ

قويغانىدۇق. ئابلىمىت ئىمام بولسا ئۆز يېزا، ئۆز مەھەللە، ئۆز جەمەتىمىزدىن. ئۇلاردىن ئەلچى كېلىۋاتقان تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز بۇ ئىشنى خېلى بۇرۇنلا دېيىشىپ قويغان تۇرساق، ئۇلارغا بەرمەي يات كەنت، باشقا جەمەت كىشىلىرىگە ياتلىق قىلساقمۇ بولماس. قارىسىلا ئۇكام بىزمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا بىر چوڭ جەمەت خەق، ئابلىمىت ئىمامنىڭ ئوغلى سېيىتجانمۇ ياخشى بالا بولدى. زۆھرەخان ئۇنى لايىق كۆرەمدۇ ــ كۆرمەمدۇ، بۇنىسى ماڭا نامەلۇم، قىز بالا ئەمەسمۇ ؟ كۆڭلىدىكىنى بىلمەك تەس، لېكىن خوتۇن بىلەن ئىككىمىز قىزىمىزنىڭ ئۇنى ياقتۇرمىغانلىقىنى سەزمىدۇق، ئاۋۇ كۈنى سېيىتجان بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەنىدى، قىزىمىز بەك ئۆزىنى قاچۇرۇپمۇ كەتمىدى. قىزمۇ يالغۇز بالا، يىراققا بېرەلمەيمىز، شۇڭا بۇ ئىشقا ئەمدى باشقىچە ئېغىز ئېچىشمايلى، بۇ گەپلەر سىرتقا ئاڭلىنىپ قالسا سەت بولىدۇ. ئەگەر ئىككى قىزىمىز بولسىغۇ چوقۇم بىرىنى قۇناخۇنغا بەرگەن بولاتتۇق، ــ دەپ گەپنى ئۈزۈپلا مېنى چىرايلىق يولغا سېلىپ قويدى.

مەن بۇرۇنراق ئېغىز ئاچساق بولۇپتىكەن دېسەم، ئىبراھىم ئاكا دەرھاللا :” ياق، بۇرۇن دېسىڭىزمۇ بولمايتتى، بۇ پۈتۈپ بولغان ئىش ئىدى“ دېدى.

مەن يولدا كېتىۋېتىپ غەمگە چۆكتۈم. بۇنى قۇناخۇنغا قانداق دەرمەن ؟ دېسەم ئۇ نېمە بولۇپ كېتەر ؟ دېمىسەمچۇ ... مەن يول بويى مۇشۇنداق خىياللارنى قىلىپ قايتىپ كەلدىم، ئۇ مېنىڭ كېلىشىمنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇرغانىكەن.

مەن خېلىلا ھودۇقۇپ تۇرساممۇ گەپ ياساپ ئايلاندۇرۇپ يۈرۈپ دېدىم :

ــ سىڭىلىڭ زۆھرەخانغا يوشۇرۇن كۆيۈپ- پىشىپ يۈرگەندىن باشقا قولۇڭدىن تۈزۈكرەك ئىش كەلمىگەنىنىڭ نەتىجىسى چىقتى مانا ئەمدى. ئۇنىڭ ئىگىسى بار ئىكەن ئەمەسمۇ. خەقلەر بىزدىن بۇرۇن

ئىغىز ئىچىپ پۇتۇشۇپ قويغانىكەن، ئەمدى بولدى قىلايلى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار قىزنى يىراق - يات مەھەللىگە بەرمىگۈدەك، بىزمۇ ئۆز يېنىمىزدىكى قىزلاردىن تاللايلى، سەن قايسىسىغا ئىغىز ئاچساڭ مەن ئىبراھىم ئاكام ۋە ئاچام، ئاكاملارغا دەپ شۇنى ساڭا ئېلىپ بېرەيلى، — دېدىم.

ئۇ بىردىنلا ھۆكرەپ ئۆز - ئۆزىنى كاچاتلاپ، يىغلاپ كەتتى. "مەن ئىشەنمەيمەن، سېنىڭ گېپىڭگە ئىشەنمەيمەن" دەپ بىر ھازاغىچە ماڭا ئۆكتەملىك قىلىپمۇ باقتى. چۈنكى زۆھرەخانىنىڭ ئۆزىگە كۆڭلى بارلىقىغا، ئۆزىنى ھەر قانداق ئادەمدىن بەكرەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ئۇ ئىشىنەتتى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ كۆڭلى ھېچنېمىگە دال بولالمىدى. ئىش بۇ ئىككىسىنىڭ دېگىنىچە بولسا مۇنچە كۆپ گەپ كەتمەيتتى — دە، شۇڭا مەن ئۇنى ھەر خىل چىرايلىق گەپلەر بىلەن زۆھرەخاندىن سوۋۇتۇپ، ئۆز مەھەللىمىزدىكى قىزلارغا قىزىقتۇرۇشقا ئۇرۇندۇم . ھازىر ئۇنىڭدا ئوتلۇق مۇھەببەتتىن باشقا بىرەر چارە قالمىغانىدى. ئۇ ئاستا - ئاستا پەسكويغا چۈشتى . تەن بېرىشنى ياكى بىرەر يولنى تېپىشنى بىلەلمەي گاڭگىرىغان پېتى ئولتۇرۇپ كەتتى .

مەن يەنە ئۇنى ئۆزىمىز تەرەپكە قىزىقتۇردۇم .

— قوناخۇن مەن ساڭا بىر گەپنى دەي ، سەن بىرىگە ئىپتىقۇچى بولما ، ئاتام - ئاپام مەسلىھەتلىشىپ سەمەتكامنىڭ چوڭ قىزى ھۆرىگۈلنى ماڭا دېيىشىۋاتىدۇ. مەنمۇ ماقۇل بولدۇم. ئۇمۇ ماقۇل بولدى. ئىككىمىزنىڭ ئاتا - ئانىلىرى كېلىشىسلا بۇ يىل كۈزدە تويىمىزنى قىلىدىغان بولدۇق. سەنمۇ بىرسىنى تېزراق تاللا، ئىككىمىز تويىنى بىر كۈندە قىلايلى، — دېدىم. مەن ھازىرقى ئايالىم ھۆرىخانىنىڭ ئىسمىنى تۇنجى قېتىم ئىغىزغا ئېلىپ گەپ قىلىشتىكى مەقسىتىم ، قوناخۇنغا " ئۆز مەھەللىمىزدىن تاپساڭ ئىش ئاسانغا چۈشىدۇ " دېگەننى بىلدۈرۈش ئىدى .

ئۇ ئولتۇرۇپ كېتىپ خېلىدىن كېيىن :

— زۆھرەخاننى ھازىرچە ئالالمىساممۇ ئۆلگۈچە ئۇنىڭدىن ۋاز كەچمەيمەن، مېھرىم مەڭگۈ ئۈزۈلمەيدۇ، ئۇنىڭغا كۆيگىنىم كۆيگەن، — دېدى زەردە بىلەن .

— خام خىيال بىلەن چوڭ گەپ قىلماي ، نەق گەپنى قىلىشايلى ، قۇناخۇن، — دېدىم مەن ئۇنىڭ چىدىمايۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپ .

كېيىنكى ئەمەلىيەتلەر راستتىنلا ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولدى ، قارىسىلا قادىر زۇجاڭ ، ئۇ گەپ قىلماي تۇرۇۋالغان بىلەن دېگىنىنى قىلىدىغان نېمىكەن ئەمەسمۇ ، — دېدى مەھەممەت ساۋۇر ، ھېكايىسىنى يەنە داۋاملاشتۇردى :

— بىر كۈنى قۇناخۇن بازاردىن خېلى تېتىك قايتىپ كەلدى . چۈنكى ھېلىقى كۈندىكى پاراڭدىن كېيىن ئۇ باشقىلار ئالدىدا ئانچە چاندۇرمىسىمۇ ، لېكىن مېنىڭ ئالدىمدا خۇددى ئۆلۈكتەكلا يۈرەتتى .

ئۇ مېنى كەچقۇرۇن سىرتقا چاقىرىپ چىقىپ ، بىر خىلۇەت بۇلۇڭغا باشلاپ باردى :

— زۆھرەخان ھېلىقى تۇراپىنىڭ سىڭلىسى ھۆرنىسادىن گەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ، ئەمدى تەقدىرگە تەن بەرمىسەك بولمىغۇدەك، بۇ تويى مېنىڭ مەيلىمچە بولمىغىنى بىلەن، مېنىڭمۇ ھېچ ئىلاجىم يوق، ئەسكىلىك قىلاي دېسەم نومۇستىن قورقىمەن، ئەل ـ جامائەت، ئاتا ـ ئانىلار ئالدىدا ھەر ئىككىمىزگە سەت بولىدىكەن، قۇناخۇن قاچايلى دېگىنى بىلەن ئۆزى ياۋاش، بەك تارتىنچاق ئىكەن. بۇ ئىش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، شۇنداق قىلغان تەقدىردىمۇ بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ، بۇنىمۇ بىلىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن يالغۇز قىز، مەيلى قېچىپ قۇتۇلايلى ياكى قۇتۇلمايلى، ئاتام ئاپامنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايدۇ. بىچارە ئاپامغا ئىچىم ئاغرىيدۇ،

شۇڭا قۇناخۇن مېنى ساقلىمىسۇن، مەن ئۇنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرەتتىم. ھېلىمۇ ئۆلگۈچە كۆڭلۈمدىن چىقارمايمەن، بۇ دۇنيادا مۇراد ـ مەقسىتىمىزگە يېتەلمىسەك ئۇ دۇنيادا يېتىۋالارمىز، دەپتۇ، ــ دېدى ئۇ كەينى ـ كەينىدىن ئۇھ تارتىپ تۇرۇپ .

لېكىن بۇ قېتىم ئۇ يىغلىمىدى. گەرچە ھازىرغىچە زۆھرەخاننىڭ ئوتىدا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان بولسىمۇ، ئاستا ـ ئاستا تەقدىرگە تەن بېرىشكە باشلىغان بولسا كېرەك .

ــ تووۋا خۇدايىم، ــ دەپ ياقىسىنى تۇتتى مەھەممەت ساۋۇر قىسقا سۈكۈتتىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ــ دۇنيادا ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشلار بولىدىكەن، بىز ئۆز ۋاقتىدا قۇناخۇننى بەك ياۋاش، مىجەزى ئېغىر، ھەددىدىن زىيادە تارتىنچاق دەپ ئەيىبلەپ يۈرسەك، بۇنىڭ ئەكسىچە زۆھرەخان دەل ئۇنىڭ مۇشۇ خىلدىكى مىجەزىگە كۆيۈپتىكەن ئەمەسمۇ، زۆھرەخان كېيىنكى كۈنلەردە دوستى ھۆرنىساغا :

ــ مەن قۇناخۇننىڭ نېمىسىگە كۆيمەن بىلەمسەن؟ سىلەر مېنى يالغۇز ئۇنىڭ كېلىشكەن بوي ـ بەستىگە، قاپقارا قېشى، مۆلدۈرلەپ تۇرىدىغان بۇلاقتەك قوي كۆزلىرىگىلا كۆيەمدىكىن دەپ قالماڭلار، ئەڭ مۇھىمى مەن ئۇنىڭ غەمكىنىدەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئىچ ـ ئىچىدىن مۇلايىملىق چىقىپ تۇرىدىغان سىلىق ـ سىپايە مىجەزىگە، ھەر قانداق ئىشتا يالغان سۆزلىمەيدىغان سەمىمىي ساداقىتىگە، چوڭلارنىڭ ئالدىدا ئەدەپ ساقلايدىغان، قىز بالىلارنى كۆرگەندىمۇ توغرا نىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان، ئىززەتلەيدىغان، ھۆرمەتسىزلىك قىلمايدىغان ئېسىل خىسلىتىگە ھەممىدىن بەكرەك كۆيمەن دەپتىكەنمىش. قارىسىلا قادىر زۇجاڭ، مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئىچىمدە زۆھرەخان شۇ ۋاقىتلاردىمۇ كىچىك بولغان بىلەن مال تونۇيدىغان "كاداڭ" لاردىن ئىكەن، دەپ قالغانىدىم .

# 9

— زۆھرەخان ئۈزۈن ئۆتمەي ئابلىمىت ئىمامنىڭ كىچىك ئوغلى سىيىتجانغا ياتلىق بولۇپ كەتتى، — دېدى مەھەممەت ساۋۇر ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئابلىمىت ئىمام، ئىبراھىم ئاكا ھەر ئىككىلىسى قول ئىلكىدە ئاز — تولا بار ئادەملەر بولغانلىقى ئۈچۈن توينى خېلى ھەشەمەتلىك قىلدى. ئۇلار ئىسمائىل ئاكام، قۇناخۇن بىلەن مېنى تويغا ئېيتىپتۇ، مەن بۇنى شۇ ۋاقىتتا زۆھرەخاننىڭ گېپى بىلەن بولغان ئىش دەپ قالغانىدىم. ئىسمائىل ئاكامنى ئاتىسى ئېيتىسىمۇ، قۇناخۇن بىلەن ئىككىمىزنى چوقۇم زۆھرەخان ئېيتقان، ئىسمائىل ئاكام بىلەن ئىككىمىز قۇناخۇننى ئىزدەپ باردۇق. قۇناخۇن ماڭا : ” مەن نېمىدەپ بارىمەن ؟ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي بىرەر چاتاق چىقىرىپ قويسام، زۆھرەخاننىڭ ئالدىدا سەت بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغاندەك بولۇپ قالىمەن، مەن رازىلىق بەرگەن تۇرسام، ئەمدى قوپۇپ ئۇنى رەنجىتسەم بولمايدۇ “ دەپ بارغىلى ئۇنىمىدى.

زۆھرەخاننىڭ تويى بولۇپ يېرىم يىلدەك ئۆتكەندىن كېيىن قۇناخۇننىڭمۇ تويى بولدى. ئىككىمىزنىڭ توينى ئۇرۇق — تۇغقانلار بۇ ئىككىسى كىچىكىدىن قوشماق ئاكا — ئۇكىدەك چوڭ بولدى، دەپ بىر كۈندە قىلىپ قويدى.

قۇناخۇن مەھەللىمىزدىكى رېشىت ئاخۇن دېگەن كىشىنىڭ ئەمدىلا ئون ئالتە ياشقا كىرگەن كىچىك قىزى ھاۋاخاننى ئالدى، ھاۋاخانمۇ چىرايلىق قىز ئىدى، چىراي — شەكلىدە زۆھرەخاندىن قېلىشمىسىمۇ، لېكىن زۆھرەخاندەك شوخ، گېپى ئۈچۈق جەلپ قىلارلىق ئەمەس ئىدى. خۇلقى كەمرەك، كۆڭۈل ياساشنى ئانچە بىلمەيتتى. ئۇ ئەرگە تەگكىنىگىمۇ ئىزا تارتقاندەك دائىم بېشىنى

سىلىپ دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ قالغاندەك يۈرەتتى. ئەتىدىن ـ كەچكىچە هاردىم ـ تالدىم دىمەي، تەرلەپ ـ پىشىپ باش كۆتۈرمەي ئىشلەيتتى. مىجەزىمۇ ئىبغىر بولۇپ باشقىلارغا ئانچە كۆپ گەپ قىلمايتتى. باشقىلار پاراڭ سىلىشىپ ئولتۇرغاندا گەپ ـ سۆزسىز ئاڭلاپ تۇراتتى. بەزىدە گەپتىن ـ گەپ چىقىپ ئۇنىڭغا قارىتىلغان گەپلەر بولۇپ قالسا، گەپ ياندۇرالماي تىرنىقىنى تاتىلىغىنىچە بىلىندۇرمەستىن ئۈن ـ تىنسىز ياش ئاققۇزۇپ قوياتتى.

— مىجەزى قۇناخۇنغا ئوخشايدىكىنا؟ — دىدى قادىر گەپ ئارىلاپ.

— تارتىنچاقلىقى ئوخشايدۇ، لىكىن كىيىنچە قۇناخۇن شوخلىشىپ كەتتى دىسىلە، قادىر زۇجاڭ — دىدى مەھەممەت ساۋۇر.

— ئۇنى زۆھرەخان شوخلاشتۇرۇۋەتتى دىسىلە؟

— هاۋاخاننىڭ ئاتا ـ ئانىسى قۇناخۇننى ناهايىتى چوڭ بىلىپ كەتتى، لىكىن قۇناخۇن زۆھرەخانغا قىلغاندەك قىلىپ كەتمىدى. گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە دىۋالاي، قۇناخۇن ئۆمرىدە خوتۇن خارلىغان بەندە ئەمەس، ئۇ زادى خوتۇن ئۇرمايتتى. مەيلى هاۋاخان بولسۇن ياكى كىيىنكى خوتۇنى شەرۋان بولسۇن، ئۇلارغا كۆز ئالايتسا ئالايتتىكى قول سىلىپ ئۇلارنى ئۇرغان ئەمەس، ئەگەر ئۇلار بىلەن گىپى بىر يەردىن چىقمىسا گەپ تاكاللاشماي ئاستا سىرتقا چىقىپ كىتەتتى ياكى لام ـ جىم دىمەي سۈكۈت ئىچىدە تۇرۇپ ئايالى سۆزلەپ بولغاندا، گەپ تۈگىدىمۇ، بولدى، سىز دىگەندەك بولسۇن دەپ قويۇپ ئۆز ئىشىنى قىلىۋېرەتتى. ئۆزىمىزنىڭ گىپىگە كەلسەك، ئۇ هاۋاخاننى سەت كۆرۈپمۇ كەتمىدى ياكى ئۇنىڭغا بەك ئامراق بولۇپمۇ كەتمىدى. قانداقلا بولمىسۇن بۇ ئارىلىقتا بىر مەزگىل ئۇ ئويىغا قاتىرىمىدى، لىكىن ئۇ ئۇزاققا بارمايلا، هاۋاخاننىڭ ئىبغىر مىجەز، يىشى كىچىك، ساددا

تەرەپلىرىدىن پايدىلىنىپ، يەنە ئويباغقا چاپىدىغان بولۇۋالدى.

هاۋاخان هېچ نەرسىنى سەزمىدىمۇ ياكى سەزسىمۇ قۇناخۇننى يامان كۆرمىگەندىكىن ئەتەي كارى بولمىدىمۇ ئىش قىلىپ قۇناخۇن زۆھرەخان بىلەن هاۋاخاننىڭ ئوتتۇرىسىدا قاتراپ يۈرگەن ئاشۇ كۈنلەردە، مەن هاۋاخان ۋە باشقا ئۇرۇق- تۇغقانلارنىڭ ئاغزىدىن قۇناخۇن بىلەن زۆھرەخان توغرىسىدا بىر نېمە دېگىنىنى ئاڭلىمىدىم.

— قازاننىڭ گۇۋاهچىسى چۆمۈچ، ئاڭلىسىلىمۇ ئاڭلىمىدىم دەيلا دە؟ — چاقچاق قىلدى قادىر.

— راست، بىچارە هاۋاخان هېچ ئىشنى بىلمىگەن هالدا بۇ ئالەمدىن كەتتى دېسىلە!

قادىر گەپ قىلمىدى، مەھەممەت ساۋۇر سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىر كۈنى چىڭقى چۈش ۋاقتىدا سۇ چېچىپ سالقىنلاتقان ئۆز هوجىرىمىزدا كەڭرىنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان كۆرپە ئۈستىدە هۆرىخان بىلەن ئىككىمىز يانمۇيان يانپاشلاپ يېتىپ، قىزغىن مۇھەببەتلىك گەپلەرنى قىلىشىۋاتقانىمىزنىڭ ئۈستىگە قۇناخۇن كىرىپ كەلدى. ئۇ ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ بىزنىڭ گەپلىرىمىزنى خېلىغىچە ئاڭلىۋېلىپ ئاندىن ئىشىكنى ئۇرۇپتۇ، بۇ، ھەممە ئادەم ئاشۇنداق سۇ سەپكەن سالقىن ئۆيلەردە راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ چۈشلۈك ئارام ئېلىۋاتقان تومۇز كۈنلەر ئىدى. هۆرىخان دەرهال بېرىپ ئىشىكنى ئېچىپ قۇناخۇننى كۆرگەندىن كېيىن ئىزا تارتقاندەك قىلىپ چىقىپ كەتتى. قۇناخۇننىڭ چېكە تومۇرلىرى ئۆرلەپ چىرايى تۇتۇلۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بېشىغا يەنە بىر مۈشكۈلچىلىك چۈشكەنمۇ نېمە؟ دېگەن ئوي بىلەن مەن :

— نېمە بولدۇڭ چۈشتە ئۇخلىماي دوكۇلداپ كىرىپسەنغۇ؟ — دېدىم ئۇنىڭغا توك تېگىپ.

— سىلەرنىڭ ئىشىڭلارنى بۇزۇۋەتتىممۇ؟ ئەجەبمۇ چېچىلىپ كەتتىڭغۇ؟ — دېدى باشقا گەپ ـ سۆز قىلماي.

ئۇ باش ـ ئايىغى يوقلا گەپ باشلاپ : «زۆھرەخان تەلەيسىز چىقىپ قالدى. مەن ساڭا دەي دەپ يۈرگىلى خېلى كۈنلەر بولغانىدى. بۈگۈن زادى ئىچىمگە پاتقۇزالماي ساڭا دەۋاتىمەن» دېدى ئۇ خۇشال بولغىنىنى ياكى ئىچ ئاغرىتقىنىنى بىلگىلى بولمايدىغان تەلەپپۇز بىلەن.

— نېمە دېگىنىڭ ئۇ؟ — دېدىمەن ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمەي.

ئۇ بىر دەم تۇرۇپ كېتىپ، بىردە ماڭا، بىردە ئىشىككە قاراپ قويۇپ:

— ھېلىقى سىيىتجان دېگەن بىر نېمەڭ بىلى بوش نېمىكەن ئەمەسمۇ؟ — دېدى.

— قانداقچە مېنىڭ بىر نېمەم بولىدىكەن، تېخى ياش تۇرسا چوڭ بولغانسېرى بىلى چىڭىمامدۇ؟

— مەھەممەت، چۈشىنىپ تۇرۇپ خۇپسەنلىك قىلما سەن، ئۇ ئاياللارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان نېمىكەن ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئۇ ئۆز تەلىيىنىڭ ئۆگىدىن كەلگەنلىكىنى نامايان قىلغاندەك، چىرايىغا مەنستەمەسلىك كۈلكىسىنى يۈگۈرتۈپ.

— ئۇنداق بولسا ساڭا بولۇپ بېرىپتۇ ـ دە؟ بۇ ساڭا پايدىلىق ئىش ئىكەنغۇ؟ بۇنىڭغا خۇشال بولماي ئەجەب چېچىلىپ كېتىپسەنغۇ؟

— زۆھرەخاننىڭ باشقىلار بىلەن توي قىلىشىغا ئىچ ـ ئىچىمدىن چىدىمىسامۇ، مەن ئۇنى بەختلىك بولسىكەن دېگەنىدىم. ئەمدى ئىچىم ئاغرىپ قالدى ئۇ بىچارىگە، قىز بالا ئۆچۈن بۇنىڭدىنمۇ چوڭ تەلەيسىزلىك بولامدۇ؟ — دېدى قۇناخۇن خۇددى ئۆزى ئەيىبكاردەك.

— سەن يەنە زۆھرەخان بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىپ يۈردۈڭمۇ؟ — دېدىمەن ئۇنىڭ باردى ـ كەلدى قىلىپ يۈرگىنىنى

بىلسەممۇ بىلمەسكە سېلىپ.

— بۇنى باردى ـ كەلدى دېگىلى بولامدۇ؟ زۆھرەخان ھۆرنىسادىن بىر كېلىپ كەتسۇن دەپ گەپ ئېيتىپ بەرگەنىكەن، مەن جۈمە كۈنى تۇراق بىلەن بىللە ئۇيباغقا بارغانىدىم. تۇراقنىڭ ئۆيىگە كىردىم، زۆھرەخاننىڭ ئاتىسى ئۆيدە يوق ئوخشايدۇ، ھۆرنىسا ھايال ئۆتمەي ئۇنى چاقىرىپ چىقتى. زۆھرەخان ئازنا قىلىش ئۈچۈن ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەلگەنىكەن، ئۇ تۇراقنىڭ ئۆيىگە ئىنتايىن سۇس كەيپىيات، سولغۇن چىراي بىلەن كىرىپ كەلگەندىلا بىر نەرسىنى سەزگەندەك قىلغانىدىم. بىر دەملىك پاراڭدىن كېيىن ئىككىمىز يالغۇز قالغاندا ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ پۈتۈن ھال ئەھۋالىنى ئەينەن ئېيتىپ بەردى. ئۇنىڭ يىغىسىنى كۆرۈپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى.

— يالغان گەپ قىلما، خوش بولغانسەن ھەقچان، ماڭا تەۋە بولدى دەپ...— دېدىممەن بايا دېگەن گېپىمنى يەنە تەكرارلاپ.

— مەھەممەت ئۇنداق دېسەڭ ماڭا ئۇۋال قىلغان بولىسەن، مەن ھەرگىز ئۇنداق ئويلىمىدىم. ئۆزۈڭ ئويلاپ كۆر، ئۇ ئۇنىڭ نىكاھلىق ئېرى تۇرسا، ئىككىمىز ئىككى جايدا تۇرساق، ئايدا ـ يىلدا بىر كۆرۈشۈپ، بىر دەم پاراڭ قىلىشىپ يەنە ئايرىلىدىغان ئىش نېمىگە ھېساب بولىدۇ دەيسەن؟ ياش يىگىت ـ قىزلار ئۈچۈن بۇنىمۇ ھاجەتتىن چىقتى دېگىلى بولامدۇ؟

— سەن راستىنلا كۆرۈشكەندە پاراڭ بىلەن بولدى قىلدىڭمۇ؟

— مەن ساڭا قەسەم قىلىپ بېرىمەن. زۆھرەخان رازى بولمىغۇچە ھەرگىز ئۆزۈمنى ئۇنداق ئىشقا ئاتمايمەن.

بىز شۇنداق پاراڭلىشىۋاتقاندا كۆڭلۈمدە بىر گۇمان پەيدا بولدى:

— ھەي قۇناخۇن، زۆھرەخان سېنى دەپ ئۇنىڭغا قارا چاپلىغان بولمىسۇن يەنە، ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا ھەر

ئىككىڭلار ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيالىقتا ئوخشاش قارا يۈزلەردىن بولۇپ قالىسىلەر.

— زۆھرەخاننى ئاشۇنداق قىزلاردىن دەمسەن؟ سەنمچۇ مەھەممەت، ئاغزىڭغا كەلدى دەپلا سۆزلەپ يۈرىدىكەنسەن. بۇ گەپنى باشقا ئادەم دېسىغۇ مەيلى، سەن ئۇنداق دېسەڭ قانداق بولىدۇ؟ زۆھرەخاننى سەن چۈشەنمەيدىغان يەردىمۇ؟ ئۇ شوخ، كۆڭلى تۈز، گېپى ئۇچۇق بولغىنى بىلەن ھەرگىز بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان قىزلاردىن ئەمەس، بۇنى بىلىپ قوي... — دېگىنىچە ئۇ قايناپلا كەتتى. مەنمۇ قىلغان گېپىمگە پۇشايمان قىلغاندەك ئويلىنىپ جىم بولۇپ قالدىم.

— زۆھرەخاننىڭ دېيىشىچە، — دېدى قۇناخۇن ماڭا تېخىمۇ ئۇچۇق چۈشەندۈرۈپ، — سىيىتجان باشقا تەرەپلەردە بولىدىغان يىگىت ئىمىش. زۆھرەخاننى ناھايىتى ھۆرمەتلەيدىكەن ھەم ئۇنىڭغا كۆيۈنىدىكەن. لېكىن ”ھېلىقى تەرىپى“ بولغىنى ئۈچۈن زۆھرەخاننىڭ ئالدىدا تىلى قىسىلىپ قاپتۇ. شۇڭا ئۇ دائىم زۆھرەخانغا يېلىنىپ، خۇشامەت قىلىپ يۈرىدىكەن. بۇنداق بولغاندىن كېيىن زۆھرەخانمۇ سىيىتجاننى بىر نېمە دېيىشكە تىلى بارمىغان ئوخشايدۇ، ھەممە ئىشنى ئىچىگە سىغدۇرۇپ كەپتۇ.

— ھوي، ئۇنداق بولسا زۆھرەخان تېخى قىز پېتىچە تۇرغان ئوخشىمامدۇ؟ — دېدىم ئۇنىڭ گېپىگە ھەيران قېلىپ.

— ئۇنداققۇ ئەمەس، — دېدى قۇناخۇن خۇددى گۇناھكاردەك بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي.

— سەن ئېرىشتىڭمۇ؟

قۇناخۇن مېنىڭ بۇ گېپىمگە لام-جىم دېمەي ئولتۇرۇۋالدى. كاللامدا بولسا ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىۋاتاتتى. شۇڭا چاچراپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كېتىپ:

— ھوي مۇناپىق، سېنى ياۋاش، تارتىنچاق، سەممىي دېگەن

ئادەمنىڭ ئاغزىغا مىڭ كاچات، سەن تېخى ھېلىلا قەسەم قىلمىدىڭمۇ؟

— خەقنىڭ كارى بولمىسا سەن نېمانچە ئۇجۇر-بۇجۇرنى سوراپ كېتىسەن. زۆھرەخانىنىڭ ماقۇللىقى بىلەن دېدىمغۇ، — دېدى قۇناخۇن غاراڭ-غۇرۇڭ ئاۋازدا.

— راستىنلا خەقنىڭ كارى يوقمىكەن، — دېدىم مەن تېخىمۇ ھەيران قىلىپ.

— ئۆزى يارىمىغاندىن كېيىن، ”خوتۇنۇم بار“ دەپلا يۈرسە بولمىدىمۇ؟

— قۇناخۇن مەن بۇ ئىشقا ساڭا ئىچى تارلىق قىلىپ ياكى باشقا مەقسەت بىلەن چېچىلىۋاتقىنىم يوق، ئەگەر كۆنلەردىن بىر كۈنى بۇ ئىش سېزىلىپ قالسا چاتاقنىڭ چوڭى چىقىدۇ جۇمۇ...

— چاتاق چىقسا كۆرمەمدۇق، مەن بۇ گەپلەرنى ساڭا دېمەي كىمگە دەيتتىم؟ — دېدى ئۇ ئەمدى يۈزىنى قېلىنلاشتۇرۇپ.

— مەن سېنى ئەمدى تونۇدۇم، تازا ئەسكىنىڭ ئەسكىسى ئىكەنسەن ئەمەسمۇ؟ — دېدىم ھەيرانلىق ئىچىدە چىرايىمنى ئۆزگەرتمەي، كۆڭلۈمدە بولسا، بوپتۇ، ھەي، بىچارە زۆھرەخان، بۇنداق ئەھۋالدا سىزگىمۇ تەس - تە، لېكىن بىرەر چاتاق چىقىپ قالمىسا بولاتتىغۇ...دېگەنلەرنى ئويلىدىم.

— بۇ ئىشلاردىن زۆھرەخانىنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ خەۋىرى بارمىكەن، — يەنە سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— ئاپىسىنىڭ خەۋىرى بار ئوخشايدۇ، لېكىن ئىبراھىم ئاكامنىڭ خەۋىرى يوق ئىكەن.

— مېنىڭ كەيپىياتىم تېخى بېسىلمىغانىدى، شۇڭا :” ما ئىشنى كۆرۈڭ، ياپىر! دۇنيا نېمىدېگەن خىلمۇ خىل قىسمەتلەرگە تولغان - ھە!‹ كۆرگىنىڭدىن كۆپتۇر كۆرمىگىنىڭ، كۆرمىگەننى كۆرەرسەن ئۆلمىگىنىڭ › دېگىنى شۇ ئىكەن - دە“ دەۋەتتىم ئۆز-ئۆزۈمگە.

— ئەمدى قانداق قىلماقچىسىلەر؟ — دېدىم قۇناخۇنغا سوئال نەزىرىم بىلەن تىكىلىپ.

— زۆھرەخانغا، سىزمۇ ئاجرىشىپ كېتىڭ، مەنمۇ ئاجرىشىپ كېتەي دېدىم، — دېدى قۇناخۇن، — ئۇنداق ئادەم بىلەن قانداقچە بىر ئۆمۈر ئۆتەلەيسىز، بىز ئەمدى بىللە ئۆتەيلى، بۇ ئىشنى ئىبراھىم ئاكام ئاڭلىسا قوشۇلۇپمۇ قالار، ئۆتكەندە يەنە بىر قىزىم بولسا قۇناخۇنغا بېرەتتىم دەپتىكەنغۇ؟

— سىيىتجان بىلەن ھاۋاخانغا ئۇۋال قىلساق بولمايدۇ، — دەپتۇ زۆھرەخان، — ئۇلار بىزگە پۇتلاشمىسا، بىز ”ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك“ دېگەندەك نېمە ئۇچۇن ئۇلارنى خورلايمىز، مەن توي قىلغىلى تېخى بىر يىل بولمىسا، سىز توي قىلغىلىمۇ ئۇزاق بولمىدى، بۇنداق قىلىدىغان بولساق خەلقئالەم نېمە دەيدۇ؟ يا بۇ گەپلەرنى خەقنىڭ ئالدىدا ئوچۇق-ئاشكارا دېگىلى بولمىسا، سىز نومۇس قىلمىغان بىلەن مەن دېگەن قىز بالا، مەن نومۇس قىلىمەن، ئۇ ۋاقىتتا كىشىلەر ھەر ئىككىمىزنى بۇزۇقتىن بۇزۇققا چىقىرىۋېتىدۇ. ھەر قانداق ئىشنى ئويدان ئويلاپ، ئالدى-كەينىمىزگە بېقىپ قىلمىساق بولمايدۇ. كونىلاردا ”كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس“ دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ؟ ھازىرچە مۇشۇنداق ئۆتۈپ تۇرايلى، كېيىنچە قاراپ باقمامدۇق.

— مەھەممەت سەن زۆھرەخاننى ھەر نېمىدەپ باقتىڭ، مېنىڭچە ئۇ بەك ئاق كۆڭۈل، نومۇسچان ھەم قانائەتچان قىز جۇمۇ، قارا يەنە ھېلىقى بېلى بوشقا ئىچ ئاغرىتىۋاتقىنىنى...؟ — دېدى قۇناخۇن.

— قۇناخۇن داۋاملىق بۇنداق قىلىپ يۈرسەڭ بولمايدۇ. مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولساڭ ئاخىر چاتاقنىڭ چوڭى چىقىدۇ، سېنىڭمۇ بىر ئويدان، مۇلايىم خوتۇنۇڭ بار، زۆھرەخاننى ئالالمىغاندىكىن بولدى قىل، — دېدىم مەن نەسىھەت قىلىپ.

— سەن بىلمەيسەن مەھەممەت، زۆھرەخان ئەقىل - پاراسەت جەھەتتە سەن بىلەن مەندىن ئۈستۈنرەك تۇرىدۇ. ئۇنىڭ دېگىنىچە ئىش قىلسام ھەرگىز چاتاق چىقمايدۇ. شۇڭا مەن ئۇنىڭ گېپىنى يىرالمايمەن، ئۇ دېگەن چېچەن، زېرەك، دانا، پەرىزات دېگىنە! — ئۇ تازا ھەددىدىن ئاشقىلى تۇرۇۋىدى، ئۇشتۇمتۇت ھۆرىخان كىرىپ كەلدى. ئۇ جىممىدە بولۇۋالدى.

— ئېتىزغا چىقىدىغان ۋاقىت بولدى، ئۆيدىكىلەر چىقىپ كەتتى، — دېدى ھۆرىخان ئىككىمىزگە كۆز يۈگۈرتۈپ.

قۇناخۇن بىزگە قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى - دە، يېنىكلەپ قالغاندەك گەپمۇ قىلماستىن ئىشقا ماڭدى.

## 10

ھەش - پەش دېگۈچە زۆھرەخانىنىڭ توي قىلغىنىغا بىر يىلدىن ئېشىپ قالدى. ئىككىنچى يىلى نورۇز كۈنلىرى يېتىپ كەلگەندە زۆھرەخانىنىڭ سېيىتجان بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىنى قۇناخۇندىن ئاڭلىدىم. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، سېيىتجانىنىڭ ئەيىبىنى ئۆزاقتا قالمايلا ئىبراھىم ئاكام ئاڭلىغانمىش. ئۇ ئادەم دەسلەپتە تازا ئىشەنمەي كۆيئوغلى بىلەن ئارىغا ئىشەنچلىك ئادەم قويۇپ يۈزلەشتۈرۈپتۇ، سېيىتجان مەن ئۇنچە يارىماسلاردىن ئەمەس دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئۇ ۋاقىتتا تەكشۈرىدىغان دوختۇر بولمىغاندىن كېيىن نېمە چارە دەيلا؟

شۇنىڭ بىلەن يەنە خېلى كۆپ ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ، بۇ گەپ تەكرارلىنىۋەرگەندىن كېيىن سېيىتجانمۇ خوتۇنىغا كۆڭلى بولغىنى ۋە ئۇنى تولىمۇ ياخشى كۆرگىنى بىلەن، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى بولغاچقا، ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئامالىنىڭ يوقلۇقىنى ئاخىر ئىقرار قىلىپتۇ. ئىبراھىم ئاكا قىزىغا ئىچى ئاغرىپ، كۆز يېشى قىلىپ

تۇرۇپ ناماقۇل بولۇپتۇ. لېكىن ئۇلار بىر جەمەت خەق بولغانلىقتىن داۋراڭ قىلماي، يەڭ ئىچىدە بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن كۆپ باش قاتۇرۇپتۇ. ئىبراھىم ئاكا ئابلىمىت ئىمامنى تېپىپ ئىككىسى يالغۇز سۆزلىشىپتۇ. ئىبراھىم ئاخۇن ئابلىمىت ئىمامغا :

— ئەگەر بۇنداق ئەھۋالدا قىز بالا «بۇزۇلۇپ كەتسە» يۇرت ـ جامائەت ئالدىدا ماڭىمۇ سەت، سىلىگىمۇ سەت. بۇنداق ئىشنى ئازراق ئەقلى بار ئادەم ئاخىر بىلمەي قالمايدۇ. بىز ئۇرۇق ـ تۇغقان خەق، ياخشىلىق بىلەن بىر تەرەپ بولۇشۇپ كېتەيلى، — دەپتۇ.

گەرچە سىيىتجان خېلى تارتىشقان بولسىمۇ زۆھرەخاننىڭ ئۆز ئەيىبىنى ئاچمىغان ياخشىلىقى ئۈچۈن، ئۆز مەنپەئىتىنى دەپ زۆھرەخاننىڭ بەختىگە ئولتۇرۇشنى لايىق كۆرمەي ئاخىر ماقۇل بولۇپتۇ. ئابلىمىت ئىمام بىلەن ئايالى بالىسىنىڭ «مىجەزى» نى بۇرۇنلا بىلىدىكەن، ئۆيلەپ قويساق تۈزۈلەرمىكىن دېگەن ئۈمىدتە ئىكەن، زۆھرەخان بىر يىلغىچە داۋراڭ قىلمىغاندىن كېيىن ئۆزلىرىچە خاتىرجەم بولۇپ قاپتىكەن، مانا ئەمدى ئۇلارمۇ بىر نەرسە دېيەلمەپتۇ. ئاخىرىدا ئۇلار «زۆھرەخان تۇغماس چىقىپ قالدى» دېگەن باھانە بىلەن ئاجرىشىدىغان بولۇپتۇ، بۇنىڭغا زۆھرەخانمۇ قوشۇلۇپتۇ. زۆھرەخان سىيىتجانغا، سەن ماڭا يامانلىق قىلمىغاندىكىن مەنمۇ ساڭا يامانلىق قىلمايمەن دېگەندەك قىلىپ ئەقىل كۆرسىتىپ:

— مەن سىزنىڭ ئەيىبىڭىزنى ئۆلگىچە ئاغزىمدىن چىقارمايمەن، ئەگەر سىز مېنىڭ بۇ ئىشىم ئاشكارا بولۇپ قالمىسۇن دېسىڭىز، مەن بىلەن ئاجراشقاندىن كېيىن باشقا يۇرتلاردىن تەس كۆندە قالغان، بويىدا بار خوتۇندىن بىرنى ئېلىپ تەييار بالىغا ئىگە بولۇڭ، مانا مۇشۇنداق قىلسىڭىز ئۆمۈر بويى پۇشايمان قىلمايدىغان ئىش بولىدۇ، دەپتۇ، — دېدى مەھەممەت ساۋۇر زۆھرەخاننىڭ ئاجرىشىش ئەھۋالىنى قىسقىچە بايان قىلىپ كەينىدىنلا:

— قارىسلا قادىر زۇجاڭ، بۇ زۆھرەخان ياش ۋاقتىدىمۇ بەك چېچەن قىز ئىكەن. شۇنداق چىگىش ئىشنى ئۆز يولىدا بىر تەرەپ قىلىۋېتىش ئاسان ئىشمۇ؟ ئەگەر ئۇ كېيىنرەك تۇغۇلۇپ پارتىيىمىز كەلگەندە ياش قىزلاردىن بولۇپ قالغان بولسا چوقۇم چوڭ ئىش تەۋرىتىدىغان قابىلىيەتلىك ئايال كادىرلاردىن بولۇپ چىقامدىكىن دەپ قالىمەن، شۇنداقتىمۇ ئۇ يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدا قىرىق ياشلارغا يېقىنلىشىپ قالغان ئايال بولۇشىغا قارىماي، ياشلار بىلەن بىرگە كەچ كۇرسلارغا بېرىپ ئوقۇپ ساۋات چىقىرىپ، خېلى مەنمەن دېگەن ئەرلەرنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئۇچىنچى ئېرى ئۇنى تولۇق ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ئارىلاشتۇرىسىمۇ، ئۆزىنىڭ كادىرلىقتىن كۆڭلى قالغان ئادەممىكىن ـ تاڭ، زۆھرەخانىنىڭ كادىر بولۇشىغا زادى قوشۇلمىدى. بولمىسا ھازىر ھېچ بولمىغانىدا گۇڭشې ئاياللار مۇدىرى بولۇپ قالاتتىمىكىن دەيمەن.

— قۇناخۇننىڭ ئېيتىشىچە، — دېدى مەھەممەت ساۋۇر زۆھرەخاننىڭ ئاجراشقاندىن كېيىنكى ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ، — ئۇ ئاجراشقاندىن كېيىن قۇناخۇننى ئۇيباغقا ئانچە كۆپ بارغۇزماپتۇ. ئۇ: ” ئۇنداق قىلسىڭىز خەقنىڭ ئالدىدا يامان ئاتلىق بولۇپ قالىمەن“ دەپ تورۇۋاپتۇ، قۇناخۇن:

— ھاۋاخان بىلەن ئاجرىشىپ ئەمدى چوقۇم سىزنى ئالىمەن، — دېسە، زۆھرەخان ئۇنىڭغىمۇ ئۇنىماي:

— ھاۋاخان سىزگە شۇنچە سادىق تۇرسا، سىز ئۇنىڭغا نېمدەپ باھانە ـ سەۋەب كۆرسىتەلەيسىز؟ ئۇنداق قىلسىڭىز تېخىمۇ بولمايدۇ. مەنمۇ خەقنىڭ ئېرىنى بۇزۇپ، خوتۇننى قويدۇرۇۋېتىپ تېگىشۋالدى... دېگەن سۆزنى ئاڭلاشنى ھەرگىزمۇ خالىمايمەن، ئەگەر ھاۋاخاننى قويۇۋەتسىڭىز، مەن سىزگە تەگمەيمەن ھەم ئىككىنچى يۈزىڭىزگە قارىمايمەن، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. يۇقىرىدا

ئاڭلىدىلا، قۇناخۇن دېگەن زۆھرەخاننىڭ گېپىنى خۇددى «قانۇن» دەك بىلگەچكە، ھېچ ئىلاج قىلالماي يۈردى، — دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى مەھەممەت ساۋۇر، — بۇ ۋاقىتتا ئۈلارنىڭ مۇناسىۋىتى مۇتلەق ئۈزۈلۈپ كەتمىسىمۇ بۇرۇنقىدەك ئانچە قويۇقمۇ بولۇپ كېتەلمىدى. ئۇ زۆھرەخاننىڭ ئاتىسى ئۆيىدە يوق ۋاقىتلارنى پەملەپ تۇرۇپ، كۈندۈزى ياكى ئاخشاملىرى تۇراقنىڭ ئۆيىدە بىر دەم-يېرىم دەم مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ كەلگەنلىكىنى دەپ يۈردى. بۇ گەپلىرىنىڭ راست-يالغانلىقىغا مەنمۇ بىر نەرسە دېيەلمەيمەن.

— زۆھرەخان سىيىتجان بىلەن ئاجرىشىپ بىر يېرىم يىلدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ يەنە تويى بولدى. زۆھرەخان ئىككىنچى ئېرىگە تەگمەيمەن دەپ چىڭ تۇرسىمۇ سىيىتجاننىڭ ئىشى قاتتىق تەسىر قىلغانلىقتىن ئىبراھىم ئاكام بۇ ئادەمنىڭ بەستىگە قاراپ ھەممە ئەزاسىنى پۈتۈن كۆردىمۇ زورلاپ دېگەندەك بېرىۋەتتى.

— سىلى بۇ ئادەمنىڭ كىملىكىنى بىلەمىلا؟ — دېدى مەھەممەت ساۋۇر قادىرغا قاراپ كۈلۈپ كېتىپ، ئارىلىقتا بىر ئاز جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن يەنە ئۆزى جاۋاب بەردى:

— ئۇنىڭ ئىككىنچى ئېرى يەنە شۇ ئويباغلىق، ھازىر ۋەزىپىسىدىن چۈشۈپ دېھقان بولۇپ كەتكەن گۆشىپىنىڭ بۇرۇنقى كاسسىرى ئارىپ شوپاڭ دېگەن ئادەم ئىدى. زۆھرەخان ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ بىر يىلدەك بولغاندا قۇناخۇننىڭ ئايالى ھاۋاخان تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتتى.

— بالىچۇ؟ — دەپ سورىدى قادىر دەرھاللا بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆزىنى يوغان ئېچىپ.

— بالىمۇ ئۆلۈپ قالدى، چۈنكى بالا ئانىسىنىڭ قورسىقىدا ئاللىقاچان تۇنجۇقۇپ قالغاچقا، ھاۋاخان تۇغالماي ئۆلۈپ قالغان. ئۇ

زامانـدا دوختـۇر بولمىغانـدىن كېيىن، ئـۇ بالىنىـڭ ئوغـۇل ياكـى قىـز ئىكــەنلىكىنى بىلەلمــەيلا ئانــا ـ بالىنىـــڭ ئــاخىرەتلىكىنى بىرگـــە قىلىۋەتتۇق.

قۇناخۇن بىچارە بۇ ۋاقىتدا تۇلگىشىپلا كەتتى. نەچچە كۈنگىچە گــېلىدىن تامـاق ئۆتمـەي، كۆزىگـە ئۇيقـۇ كەلمـەي يـۈردى، تــالاي كۈنلــەرنى ئۇنىســىز يىغـلاپ ئـۆتكۈزۈۋەتتى. ھاۋاخــان ئىككــى قــات بولغانـدىن كېيىن قۇناخۇن ھاۋاخانغا باشقىچە ياخشى قارايدىغان ۋە ئـۇنى تولىمـۇ ئاسـرايدىغان بولـۇپ قالغانــدى. ئـۆي ياكـى تالانىـڭ ئىشى بولسۇن ھەممىسىگە ئۆزى پايپاسلاپ چېپىپ يۈرۈپ ئۇنى بىرەر ئىش قىلدۇرمايتتى. ھەر بازار كۈنى ئۇنىڭغا ياخشى يېمەكلىكلـەرنى ئەكىلىپ بېرىپ تـۇردى. مـەن ئـۇنىڭغا قـاراپ كۆڭلۈمـدە، ئەمدىغۇ سىېنىڭ كـۆڭلۈڭ جايىغا چۈشـۈپ تىنچلانغانـدۇ... ئەمـدى ئوينـاپ باقـە قېنــى؟ دەپ ئـويلاپ قالغانــدىم. چۈنكــى ئــۇ يەنــە ئويباغقـا چاپمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

بىر كۈنى مەن قۇناخۇننى بۇ ھەقتە گەپكە سالسام ئۇ:

ــــ زۆھرەخاننىڭ ماۋۇ ئېرى ئارىپ شوپاڭ ناھايىتى كۈنلـەمچى بىــر نېمىكــەن. بىــر كۈنــى بــازاردا زۆھرەخــان ئـۇنىڭ بىلــەن بــازار ئايلىنىپ يۈرگەندە تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قالدۇق، زۆھرەخـان بىلـەن تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىشىمىزغىلا ئارىپ شوپاڭ كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ ماڭغۇ بىر نەرسە دېيەلمىدى، لېكىن زۆھرەخاننىڭ قولىنى قوپاللىق بىلـەن سىلكىپ تارتقىنىچـە توختاتمـاي ئـېلىپ كـەتتى. شـۇنىڭدىن كېيىن زۆھرەخانغـا خاپـىلىق تېپىــپ بەرمـەي دەپ ئــۇ تەرەپلەرگە بارمىدىم. تۇراقتىن ئاڭلىسام ئـۇ زۆھرەخـاننى ئانىسىنىڭ ئۆيىگـىمۇ كـۆپ بـارغىلى قويمايدىكـەن. ئازنىلىقا بارغاندىمـۇ ئـۆزى بىرگە بىللە بېرىپ، بىللە ئېلىپ كېلىدىكـەن دەيـدۇ، دېگـەنىدى. پەمىچە، زۆھرەخان بىلەن قۇناخۇننىڭ مۇناسىۋىتى مۇشـۇ مەزگـىلدە بىر ـ ئىككـى يىـل ھەقىقەتـەن ئۈزۈلـۈپ قالـدى بولغـاي، ھاۋاخانىنىڭ

يىلى توشقاندىن كېيىنمۇ قۇناخۇن ئۆيدىكىلەرنىڭ شۇنچە زورلىشىغا قارىماي، زادى ئۆيلەنگىلى ئۇنىمىدى. ئۇ يەنىلا زۆھرەخانغا تارتىشۋاتاتتى، چۈنكى ئارىپ شوپاڭ ھەم ھاراق ئىچىدىغان، ھەم قىمار ئوينايدىغان، سۈپەتسىز، ئەسكى مىجەزلىك ئادەم چىقىپ قاپتۇ، زۆھرەخانىنىڭ ئۆيدىكىلەر بارا-بارا ئۇنى چۈشىنىپ، ئىبراھىم ئاكا يەنە پۇشايمان قىلىپ زۆھرەخاندىن ئەپۇ سوراپتۇ. ئۇلار بىر قارارغا كېلىپ ئاجرىشىپ كېتىمىز دېيىشىپ تۇرغان كۈنلەردە زۆھرەخانىنىڭ بويىدا قاپتۇ، بۇنى ئاڭلىغان ئىبراھىم ئاكا بىر نەۋرە كۆرۈش ئارزۇسىدا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ھەممە قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئاجراشمايدىغان بولۇپتۇ ۋە زۆھرەخانغا نەسىھەت قىلىپ:

— ھەر قانچە بولسىمۇ چىداپ تۇر، قىزىم، بالا تۇغۇلۇپ قالسا بالىنىڭ مېھرى بىلەن ئېرىڭ ئوڭلىنىپ قالار، — دەپتۇ.

زۆھرەخانمۇ ئاتىسىنىڭ گېپىنى يىرالماي ئۆز نىيىتىدىن يېنىپ، بۇنىڭ بەزى ئەسكى قىلىقلىرى بولسىمۇ قانداقلا بولمىسۇن ئەرگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قورسىقىمدا قالدى ئەمەسمۇ، دەپ كۆڭلىنى تىندۇرۇپتۇ.

بۇ ئىشلارنى ئۇققان قۇناخۇن زۆھرەخاننى ئالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئاخىر ئاتا جەمەتىدىن بولغان تۇداخۇن دېگەن ئادەمنىڭ بىر ئەردىن چىققان شەرۋان ئىسىملىك قىزىنى ئالدى. ئۇ بۇ چوكاننى ئېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي غىڭشىپ يۈردى. چۈنكى شەرۋان چىراي-شەكلى ئانچە سەتلەردىن بولمىسىمۇ، لېكىن يولسىزراق، نېمىلا بولسا گۇمان بىلەن گەپ قىلىپ، گۇمان بىلەن ئۆزىنىڭ دېگىنىنى يورغىلىتىدىغان چوكان ئىكەن. شۇنداقتىمۇ قۇناخۇن ئۆيدىكىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئىبراھىم ئاكامنىڭ بېسىمى بىلەن ئوچۇق-ئاشكارا بىر نەرسە دېيەلمەي چىشلەپ ئۇنىڭ بىلەن ئەلەڭگۈ-سەلەڭگۈ ئۆتۈپ يۈردى. شۇنداق يۈرگەن كۈنلەردە شەرۋان بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن قۇناخۇننىڭ

ئۆيىدىكىلىرى ئالدىدا شەرۋاننىڭ ئۇرنى ئالاھىدە كۆتۈرۈلدى. ئەمدى ئۇ چوڭ-چوڭ گەپ قىلىدىغان، دائىم كىيىم جىبدىلى قىلىدىغان، تاماقنىڭمۇ ياخشىسىنى تاللاپ يەيدىغان بولۇۋالدى. قۇناخۇنمۇ بالىنىڭ رايى بىلەن پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ بۇرۇنقىدەك گەپلەرنى قىلىپ يۈرمەيدىغان بولدى. لېكىن كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئۇ يەنىلا زۆھرەخاننى ئويلايتتى. دەل مۇشۇ مەزگىلدە زۆھرەخاننىڭ ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم، لېكىن بۇ ئىشنى مەن بۇ قېتىم قۇناخۇندىن بۇرۇن ئاڭلىدىم، ھەم ئۇنىڭغا مەن ئېيتتىم. بۇنىڭغا يەنە شۇ ئېرى سەۋەبچى بولغانىكەن، چۈنكى ئۇ قىمار ئويناپ، ئۇتتۇرۇۋېتىپ، جان ئاچچىقىدا ھاراق ئىچىپ كېلىپ زۆھرەخان بىلەن گەپ تالىشىپ قورسىقىغا بىرنى تېپىۋەتكەنىكەن، بىر قانچە كۈن ئۆتمەي بالا چۈشۈپ كېتىپتۇ. زۆھرەخان شۇ قېتىم يامانلاپ كەتكىنىچە ئۇنىڭ ئۆيىگە قايتا بارغىلى ئۇنىماپتۇ. ئاتىسى ئىبراھىم ئاكاممۇ ئەمدى نەۋرە كۆرۈش ئۈمىدى ئۈزۈلگەندىن كېيىن يالغۇز قىزىنى ئۇرغانلىقىنى قاتتىق ھار ئېلىپ، ئاچچىقىدا ئۆز جەمەتىدىكى يېقىن تۇغقانلىرىدىن بىر قانچە كۈچلۈك يىگىتلەرنى ئەگەشتۈرۈپ بېرىپ، كۈيئوغلىنى قاتتىق ئۇرغۇزۇۋەتكەندىن تاشقىرى، جامائەت ئالدىدا مەيدىسىگە مۇشتلاپ قايناپ كېتىپتۇ:

— مەن بۇ ياشقا كەلگۈچە ئۆز ئايالىمنى تاك ئېتىپ باققان، قىزىمغا بولسا ئالىيىپ باققان بەندە ئەمەسمەن. مەن مۇشۇنداق ئەزىزلەپ چوڭ قىلغان بىردىنبىر قىزىمنى ساڭا بەرسەم، ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە سەن ئۇنى خورلاپ ئۇرغۇچى بولدۇڭمۇ؟ سېنىڭ شۇنچە كۆپ ئەيىبىڭنى كۆرمەسكە، بىلمەسكە سېلىپ، سېنىڭ ياخشى گەپ، يالغان ۋەدە، پېتىر خۇشامەتلىرىڭگە ئالدىنىپ، ساڭا قىز بەرگەن مەندەك ئىبراھىمغا لەنەت، كۆرمەس بولۇپ قالغان كۆزۈمگە، ئاڭلىماس بولۇپ قالغان مۇشۇ قۇلىقىمغا

لەنـەت، لەنـەت. . .! ـــ دەپ ئـۆز ئېڭـەكلىرىنى شاپىلاقلاپ، ئـۆز كـۆزىنى قـوللىرى بىلـەن نـوقلاپ غەزىپـىنى باسـالماي چـېچىلىپ كەتكەنمىش.

ـــ ئىبـراھىم ئاكامنىـڭ ئادەتتـە كىشـىلەر بىلـەن چىقىشـقاق، ناھەقچىلىك بولمىسا ئاسانلىقچە بىـر ئىشـقا چېچىلمايـدىغان دۇرۇس ئادەملىكىنى ھەممەيلەن ئوبدان بىلگەچكە، جامائەتمۇ، ھۆكۈمەتمۇ، شەرىئەتمۇ ئۇ ئادەمنىڭ گېپىنى قىلىپ شۇنىڭ بىلەن زۆھرەخاننى مەجبۇرىي ئاجراشتۇرۇۋېتىپتۇ.

مەھەممەت ساۋۇرنىڭ ھېكايىسى مۇشـۇ يەرگـە كەلگـەندە قوشـقا قاتقـان كـالىلار، ھارۋىغـا قوشـقان ئـاتلار، سـۆرەم ۋە قـىغ توشۇشـقا ئىشـلەتكەن ئېشـەكلەرنى دېھقـان يىگـىتلىرى كـەينى ـ كەينـىدىن ھەيـدەپ ماخوغـا ئەكەلگـىلى تـۇردى. مەھەممـەت سـاۋۇر ئەمـدى ئولتۇرالمـىدى. ھېلـى ئـۇ كەلسە، ئەمـدى بـۇ كـېلىپ گـەپ گـەپ بولماي قالدى.

قادىر سائەتكە قارىغانـدى، ۋاقتمۇ خېلـى بىـر يەرگـە بېرىـپ قاپتۇ، ئۇ مەھەممەت ساۋۇر بىلەن خوشلىشىپ، ھېكايىنىڭ داۋامىنـى ئەتە ئاڭلايدىغان بولۇپ قايتىپ كەتتى.

## 11

ئەتىسى قادىرغا بـۇ ھېكـايىنى داۋاملىـق ئـاڭلاش ئىمكـانىيىتى بولمىدى. بىر كۈنى قادىرنىڭ ئىشى چىقىـپ قالسا، يەنـە بىـر كۈنـى مەھەممەت ساۋۇرنىڭ قولى بوشىماي، ئارىدىن يېرىم ئايـدەك ۋاقىـت ئۆتۈپ كەتتى.

مەھەممـەت سـاۋۇرنىڭ نېمىلـەرنى ئويلىغـانلىقىنى بىلمـەيمىز، بىر ـ ئىككى قېتىم تولغىنىشۋېلىپ:

ـــ بـۇنىڭ كەينىمـۇ مۇشـۇنداق ئىشلار قـادىر زۇجـاڭ، بولـدى

قىلمايلىمۇ؟ ــ دەپ باقتى، لېكىن قادىر ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ يۈرۈپ، ئاخىر بىر كۈنى ماخونىڭ ئالدىدىكى ئېتىزدا قوناق تاقلاپ يۈرگەن جايدىن ئۇنى تېپىپ ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى سۆزلەتتى،
قادىر چاقچاق قىلىپ:
ــ سىلىمۇ زۆھرەخان بىلەن كۆرۈشۈپ قوناخۇندەك ئۇنىڭدىن ‹‹يولىيورۇق›› ئاپلا ــ ھە، قېچىپ يۈرگەنلىرىگە قارىغاندا، ــ دېدى.
ــ ياق، ئۇنداققۇ ئەمەس، سىلىمۇ كولاپ سوراۋەردىلە، مەنمۇ بىلىپ ـ بىلمەي قاملاشمىغان گەپلەرنىمۇ قويماي دېۋېتىپتىمەن، شۇڭا سەل ئىزا تارتىپ قالدىم.
ــ ئەينى زاماندىكى ئىشلارنى ئەسلىگەندىن كېيىن ياشلىقلىرىغا يېنىپ كۆڭۈللىرى باشقىچە بولۇۋاتامدۇ يا؟
ــ ياقەي، ئەمدى بۇ ياشقا كەلگەندە ئۇ دەۋرگە قايتىپ بارىمەن دەپمۇ قاملاشتۇرغىلى بولمايدۇ دېسىلە.
ــ سىلى بۇ ھېكايىنى ياخشى سۆزلىدىلە، ئەگەر ياشلىقلىرىغا يانسىلا نېمە يامىنى بار؟ مۇشۇنداق ئىشلارنى ئەسلەپ ياشىرىپ كەتسىلە ھۆرىخان ئاچام چېنىپ قالىدۇ دەۋاتاملايا؟ ــ دېدى قادىر ئۇنىڭ ھۆرىخان بىلەن سۇ سەپكەن ئۆيدىكى يېقىنچىلىق قىلىشىپ ئولتۇرغان ۋاقتىدا قوناخۇننىڭ ئۇنى بوزۇۋەتكەنلىكىنى ئۇنىڭغا ئەسلىتىپ.
ــ سىلىزە چاقچاققا بەك ئۇستا جۇمۇ؟ شۇ يېرىنى تۇتۇۋاپلا ــ ھە! ــ دېدى مەھەممەت ساۋۇر كۆتەك چىشلىرى كۆرۈنگۈدەك كۈلۈپ تۇرۇپ.
ــ قېنى ئەمىسە، ــ دېدى قادىر ھېكايىنى باشلاڭ دېگەننىڭ ئىشارىتىنى قىلىپ.
ــ سىلىزە مېنى ماختاپ يۈرۈپ ئاخىر يەنە سۆزلىتىدىغان بولدىلا ــ ھە، ــ دېدى ئۇ تامىقىنى قېقىپ قويۇپ دەرھاللىققا

سۆزلەپ نەگە كەلگەنلىكىنى ئەسلىيەلمەي، — نەگە كەلگەنتۇق؟ — سورىدى قادىردىن.

— زۆھرەخان ئىككىنچى ئېرى ئارىپ شوپاڭدىن ئاجرىشىپ كەتتى، قۇناخۇننىڭ ئىككىنچى ئايالى شەرۋان پاقلاندەك ئوغۇلدىن بىرنى تۇغدى...دېگەن يېرىگە كەلدۇق، — دېدى قادىر.

— شۇنداق قىلىپ بۇ ئارىلىقتا قۇناخۇن زۆھرەخان بىلەن يەنە تېپىشىۋالدى، لېكىن قايسى دەرىجىگە يەتكەنلىكى ماڭا نامەلۇم، بۇنى نەدىن بىلدىڭ دېسىلە، قۇناخۇن ئويباغقا يەنە تولا قاترايدىغان بولۇۋالدى، ئۇلار بازاردا ئۇچرىشالمايتتى، چۈنكى شەرۋان قۇناخۇننى بازارغا ھەرگىز يالغۇز بارغۇزمايتتى. بازارغا بارىمەن دېسىلا مەنمۇ بارىمەن دەپ بىرگە باراتتى.

ئىبراھىم ئاكا دەسلەپتىلا قىزى زۆھرەخاننى قۇناخۇنغا بەرمىگەنگە پۇشايمان قىلىپتۇمىش، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ، قۇناخۇننى ئۇ يەر، بۇ يەرلەردە كۆرسە ناھايىتى يېقىنچىلىق قىلىپ ئۇنى-بۇنى سوراپتىمىش، بىر قېتىم ئۇنىڭ خوتۇنى بار-يوقلۇقىنى سوراپتۇ تېخى. قۇناخۇن بىر بالام بار دېگەنىكەن، ياخشى بولۇپتۇ ئۇكام، دەپتۇيۇ، لېكىن لاسسىدە بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، بۇ ۋاقىتتا شەرۋان قۇناخۇن بىلەن تولا جېدەللىشىدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇ گۇمانخور بولغانلىقتىن ئۇنى ھەر قانداق ئەھۋالدا كۈنلەيتتى. لېكىن بىرەر پاكىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ جېدىلى ئۆز ھۇجرىسى ئىچىدىلا بولاتتى. بۇ كۈنلەردە قۇناخۇن بازارغا يالغۇز بارالمىغاندەك زۆھرەخانمۇ بۇ تەرەپكە كېلەلمىدى. ئۇنىڭ بىزنىڭ گۈلباغدا يىراقراق تۇغقانلىرىدىن بىر قانچىسى بولۇپ، پەقەت بىر ئۆرۈك پىششىقىدا ئاتا-ئانىسى بىلەن مېھمان بولۇپ كەتكەنىدىن كېيىن قايتا كەلمىگەنلىكىنى مەن قۇناخۇندىن ئاڭلىغانىدىم.

بۇ كۈنلەردە ئۇ ئاغىنىسى تۇراقنىڭ ئۆيىگىمۇ ئانچە كۆپ بارالمايدىغان بولۇپ قالدى. نېمىشقا دېسىلە، تۇراقنىڭ سىڭلىسى،

زۆھرەخاننىڭ دوستى ھۆرنىسا ياتلىق بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ ئۆيگە بېرىش ئەمدى بىئەپ بولغانىدى.

قۇناخۇن مۇشۇ مەزگىلدە قورسىقى تولغاپ ئاغرىپ بوشىتىدىغانغا يەر تاپالمىغان ئادەمدەك تېپىرلاپ كەتتى. ئۇ زادىلا ئولتۇرالمايتتى، خوتۇنى بولسا تاپ باستۇرماي ئەگىشىپ يۈرەتتى. لېكىن قارىسىلا قادىر زۇجاڭ، كۆيۈك ئوتى دېگەن باشقا بىر نېمە ئوخشايدۇ، قۇناخۇن بارغانسېرى قاراملىق قىلىشقا باشلىدى، لېكىن زۆھرەخان ئۇنى تىزگىنلەپ ئىزىغا سېلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ يەنىلا ئويلىغانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇنداق ئىزدىنىپ، مۇنداق ئىزدىنىپ يۈرۈپ ئاخىر يەنە زۆھرەخان بىلەن ئۇچرىشىدىغان بىر ماكاننى تېپىپتۇ، ئۇ كىيىنكى كۈنلەردە خېلى ئۇزۇنغىچىلىك زۆھرەخاننىڭ ئاپىسىنىڭ...

— زۆھرەخاننىڭ ئاپىسىنىڭ ئىسمى نېمىتى؟ — سىلىدىن سورايمەن دەپ نەچچە قېتىم ئېسىمدىن چىقىرىپ قويۇپتىمەن — دېدى قادىر گەپ ئارىلاپ.

— زۇمرەمخان ئىكەن، مەنمۇ كېيىنرەك قۇناخۇندىن سوراپ بىلىۋالغانىدىم. ئۇلار شۇنداق قىلىپ 2 ـ دادۈي قارىباغنىڭ ئويىاغقا تۇتاش بىر ئەترىتىدە ئولتۇرۇشلۇق تۇل سىڭلىسى — مەرەمنىساخان دېگەننىڭ ئۆيىدە ئۇچرىشىپ يۈرۈپتۇ، بۇ ۋاقىتتا زۆھرەخان تۇل بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ تەرەپكە كېلەلمىگەن بىلەن ئۇ تەرەپتە سەل ئەركىن بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، بەزىدە مەرەمنىساخاننىڭ تېخى ياش قورامىغا يەتمىگەن ئوغلى مەھەممىسىدىكىلەر بىلەن تاغقا ئوتۇنغا كەتكەندە ئارىلاپ قونۇپىمۇ قاپتىمىش.

— بۇ ئايال ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىپ يۈرگىنىنى ھار ئالماپتىمۇ؟ — سورىدى قادىر ھەيران بولغاندەك گۇمانلىنىپ.

— بۇ ئايال زۆھرەخاننى بەكلا ياخشى كۆرەرمىش، ئاچامنىڭ يالغۇز قىزى دەپ ھېچ نەرسىسىنى ئايىمايمىش، لېكىن شۇنداقتىمۇ

دەسلەپتە هار ئىلىپ ناھايىتى كايىپتۇ. زۆھرەخانغا: ئىبراھىم ئاكامغا دەيمەن، سەن نىمە ”بۇزۇقچىلىق“ قىلىپ يۈرسەن دەپتۇ، قۇناخۇنغا ئاياللىق بار تۇرۇقلۇق بۇ نىمە قىلىقىڭ، قولۇڭدىن كەلسە، ئۇنى ئەمرىڭگە ئىلىپ نىمە قىلساڭ قىلمامسەن. خەقنى يولدىن ئازدۇرغۇچە، ئىككىنچى بوسۇغامغا دەسسىگۈچى بولما، بولمىسا ئاياللىغا دەپ رەسۋايىڭنى چىقىرىۋىتىمەن، — دەپ قاتتىق كايىپتۇ، لىكىن سىلى هازىر زۆھرەخاننى خىلى چۈشىنىپ قالدىلا، يەنە هەممە ئىشنىڭ ئىپىنى شۇ قىلىپتۇ، زۆھرەخان هاما ئاچىسىغا، قۇناخۇن بىلەن دەسلەپكى كۆرۈشكەندىن تارتىپ كىيىن كۆيۈشۈپ-پىششىپ يۈرگەنگىچە، هەتتا سىيىتجان بىلەن ئاجرىششىنىڭ سەۋەبىدىن تارتىپ قىزلىقىنىمۇ ئۇنىڭغا تەقدىم قىلغانغىچە ۋە ئاخىر بىر كۈن ئىلىشىپ-تىگىشىمىز، ئەر-خوتۇن بولىمىز دىگەنگىچە سۆزلەپ بىرىپ ئۇنى ئىشەندۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خوتۇننىڭ بۇ ئىككىسىگە ئىچى ئاغرىپ، بولۇپمۇ زۆھرەخاننىڭ سىيىتجان بىلەن بولغان ئىشىغا ئىچى سىيرىلغاندەك بولۇپ ئۇلارغا يول قويۇپتۇ، ئاخىر قۇناخۇننى خۇددى كۈيئوغلىنى كۈتكەندەك كۈتىدىغان بولۇپتۇ. ئۇلار زۆھرەخان تاكى ئۈچىنچى ئىرى قاسىم ئەپەندىگە تەگكۈچە ئاشىق-مەشۇقلۇقنى ئەنە شۇنداق داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

— مەھەممەت ساۋۇر سىلىنىڭ گەپلىرىنىڭ مۇشۇ يەرلىرىگە تازا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ، زۆھرەخان هاما ئاچىسىنىڭ ئۆيىدە قۇناخۇن بىلەن قونۇپ يۈرسە بويىدا قالمامدۇ، شەرۋانچۇ؟ ئۇ گۇمانلانمامدۇ؟ — دىدى قادىر مەھەممەت ساۋۇرنىڭ ھىكايىسىنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى نازۇك جايلىرىدىن راستىنلا گۇمانلىنىپ.

— مەنمۇ بۇ ئىشقا تۇۋا دەيمەن، مەن دەسلەپتە قاتتىق ئەندىشە قىلدىم دىسىلە، ئۇنىڭ دىگەنلىرىنى ئاڭلاپلا چۆچۈپ، قۇناخۇنغا سەن ئۇنداق قىلما، ئەگەر بويىدا قالىدىغان بولسا

خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋا بولىسلەر، دەپ نەچچە قېتىم ئەسكەرتتىم. قوناخون بولسا ئەگەر ئۇنداق بولىدىغان بولسا تېخىمۇ ياخشى، ئۇنىڭ بىلەنمۇ تويي قىلىمەن، دەپ يۈردى، لېكىن خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن زۆھرەخان شۇ قېتىم بويىدىن ئاجراپ كەتكەنىدىن كېيىن زادىلا تۇغمىدى. ئۇنداق بولمايدىغان بولسا ئۇلارنىڭ بۇ ئىشى پۈتۈن يۇرتقا ئاشكارىلىنىپ، ھېكايىلىق قىممىتىنى يوقاتقان بولاتتى.

— ئۇنداقتا بۇلارنىڭ ئىشىنى تۇراقمۇ بىلىدۇ دېسىلە؟

— ياق، ئۇ گۆشىۋاش نەرسە، لېكىن شەرۋان توپىلاڭ كۆتۈرگەندە بىزنىڭ ئۆيدە قونغىنىنى راست دەپ گوۋاھلىقتىن ئۆتۈپ تۇردى.

— ئۇمۇ گۆشۋاش ئەمەسكەن...

— ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى! — دېدى مەھەممەت ساۋۇر ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — زۆھرەخاننىڭ ئۈچىنچى ئېرى قاسىم ئەپەندى ئەسلى بۇ يۇرتلۇق ئەمەس ئىدى، كېيىن ئاڭلىشىمىزچە، ئۇ جىق ئوقۇغان بىلىملىك، ياخشى بىر ئادەم بولۇپ، نۇرغۇن يۇرتلاردا قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ يۈرۈپ، ئاخىر ئۈرۈمچىدە بىرگە ئوقۇغان بىزنىڭ يۇرتلۇق بىر ساۋاقدىشىنىڭ ياردىمى بىلەن ھازىرقى 3 ـ دادۈي — توغراقلىق كەنتىگە ئورۇنلىشىپ، كەنتتىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە تاكى ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر مۇئەللىملىك قىلدى.

ئوقۇغان ئادەم باشقىچە بولىدىكەن. ئۇ ئادەم بەكمۇ سىلىق ـ سىپايە ئادەم ئىدى. شۇڭا ئۇزاققا قالمايلا ئۆز ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە يۇقىرى ئىناۋەت، ئابرۇي تىكلەپلا قالماي، يۇرت ئىچىدىمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەم بولۇپ قاپتۇ. ئۇ زۆھرەخاندىن ئون ياش ئەتراپىدا چوڭ ئىكەن. ئۇ ئادەمنىڭ زۆھرەخان بىلەن توي قىلغان ۋاقتى تولۇق ئېسىمدە يوق. پەرەز قىلىشىمچە، 1946 ـ 1947، ـ يىللىرىغا توغرا كېلەمدىكىن دەيمەن. زۆھرەخاننىڭ ئاتىسى ئىبراھىم ئاكىمۇ

ئوقۇمۇشلۇق ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن قاسىم ئەپەندىنىڭ خىسلەتلىرى كۆڭلىگە يېقىپ قاپتۇ ــ دە، ئەلچىلىككە كەلگەنلەرگە ھېچقانداق شەرت قويمايلا، ماقۇل بولۇپتۇ.

ئىبراھىم ئاكا زۆھرەخاننىڭ دەسلەپتىكى ئازراق غىڭشىشىغا قارىتا:

— بالام سەن ئىككى قېتىم تۇرمۇشلۇق بولۇپ بەختىڭنى تاپالمىدىڭ، بۇنىڭغا ئاتاڭ ئەيىبكار، پەمىمچە بۇ ئادەم دۇرۇس ئادەمدەك قىلىدۇ، يېشى چوڭراق، بىزنىڭ يۇرتقا موساپىر بولسىمۇ، ئۇ چوقۇم كۆڭلۈڭدىكىدەك ئادەم چىقىپ قېلىشى مۇمكىن، ئانچە ئا سىرەشتە بولمىغىن، — دەپ ئۇنى قايىل قىلىپتۇ.

زۆھرەخان قاسىم ئەپەندى بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن ھەقىقەتەن خاتىرجەم بولۇپ قالدى. چۈنكى قاسىم ئەپەندى ئۇنى ئەمرىگە ئالغاندىن كېيىن، ئادەتتە ئۇنىڭغا قاتتىقراق گەپمۇ قىلىپ باقماپتۇ. زۆھرەخانغا بەكمۇ ھۆرمەت قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا كۆيۈنىدىكەن. زۆھرەخانمۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە كۆيۈنۈپ سەممىيلىك بىلەن خىزمەت قىلىپتۇ، زۆھرەخان قاسىم ئەپەندى بىلەن توي قىلىپ بىر يىلدەك ئۆتكەندىن كېيىن بىر كۈنى قۇناخۇنغا: ”بىر يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغان كۈندىكىدەك ئىززەت-ئىكرام قىلىشىپ ئۆتۈۋاتىمىز“ دېگەنىكەن، قۇناخۇن بۆلەكچىلا بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ، كېيىنكى كۈنلەردە زۆھرەخان يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا قارىماي بارغانسېرى روھلۇق-جۇشقۇن بولۇپ كەتكەنىدى. بۇرۇن بىلمەيدىغان جىق نەرسىلەرنى بىلىدىغان، سۆزمەن، كىشىلەرگە تېخىمۇ سىلىق-سىپايە مۇئامىلە قىلىدىغان، خۇشخۇي، خۇلقلىق بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭدىكى بۇنداق خىسلەت، ياخشى ئادەتلەر قاسىم ئەپەندىدىن يۇققان دېيىشكە بولاتتى.

— مەن بەزىدە ئويلاپ قالىمەن، — دېدى مەھەممەت ساۋۇر،

— ياخشى ئادەم يىنىڭدا بولسا، نۇرغۇن تەرەپلىرىگنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدىكەن، قاسىم ئەپەندى ئۆزىنىڭ ياخشى خىسلەت، ئېسىل ئەخلاقى ئارقىلىق زۆھرەخاننىڭ دىلىنى ئاقارتىشتىن تاشقىرى قۇناخۇن ۋە شەرۋانلارنىڭمۇ دىلىنى يورۇتقان دېسىلە...

بۇ مەزگىلدە زۆھرەخان بىلەن قۇناخۇن باردى ـ كەلدىسىنى ئۈزمىدى، لېكىن ئەمدى ئۇلار ئاشىق ـ مەشۇقلاردىن دوستلارغا ئايلانغانىدى. بۇ دوستلۇق يالغۇز زۆھرەخان بىلەن قۇناخۇن ئوتتۇرىسىدىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى كېيىنرەك ئۇلارغا قاسىم ئەپەندى بىلەن شەرۋانمۇ قوشۇلدى.

مەن دەسلەپتە يەنە بۇرۇنقى كۆز قارىشىم بويىچە قۇناخۇنغا ناھايىتى ئاچچىقلاپ: «سەن ناھايىتى پەس بىر نېمىكەنسەن، ئەمدى يەنە پەدەڭنى يۆتكەپ ، ئالدىدا ئېرى بىلەن دوست بولۇپ، ئاندىن كېيىن خوتۇنى بىلەن دوست بولىدىغان ۋىجدانسىز ئادەملەرنىڭ يولىنى تۇتۇپ داۋاملىق زۆھرەخان بىلەن ئوينىماپ، ئەمدى قاسىم ئەپەندىنىمۇ ئاياغ ئاستى قىلغىلى تۇردۇڭمۇ؟ بىز ھەممىمىز بالىلىق بولۇپ قالغان ئەرلەردىن تۇرساق نومۇس دېگەننى بىلمەمسەن؟ قاسىم ئەپەندى ئەۋلىيا، خىزىر سۈپەتلىك ياخشى ئادەم تۇرسا، نېمانداق قارا يۈزلۈك قىلىسەن؟» دەپ چېچىلدىم، لېكىن قۇناخۇن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ:

— مەن زۆھرەخان بىلەن باردى ـ كەلدى قىلغىنىم بىلەن «يىقىنچىلىق» قىلىدىغان ئىشلارنى قىلمىدىم، زۆھرەخانمۇ قەتئىي نىيەتكە كەپتۇ: «بىز ئەمدى قاسىم ئەپەندىگە خىيانەت قىلمايلى، پەقەت كۆڭۈلمىزدىلا بىلىشىپ دوستلاردىن بولايلى. قاسىم ئەپەندىمۇ خۇددى سىلىدەكلا ئاق كۆڭۈل ئادەم، مېنى بەك ھۆرمەت قىلىدۇ، ئىززەتلەيدۇ. ئەمدى ئۇنداق قىلساق سەت بولىدۇ» دەپ تۇرۇۋالدى. مەنمۇ زۆھرەخاننى پات ـ پات كۆرۈپ تۇرغانغا شۈكۈر قىلىپ ئاستا ـ ئاستا بۇ يولدىن توختاپ قالدىم، دەپ

مېنى ئىشەندۈرمەكچى بولدى. مەن ئۇنىڭ گېپىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي يۈرگەنىدىم، قارىسام بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار ئۆرۈك پىششىقى، قوغۇن پىششىقى، ھېيت ـ بايرام كۈنلىرى پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن باردى ـ كەلدى قىلغىلى تۇرۇشتى. بەزىدە قۇناخۇن خوتۇن ــ باللىرىنى ئېلىپ قاسىم ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە بارسا، بەزىدە قاسىم ئەپەندى بىلەن زۆھرەخان قۇناخۇنلارنىڭ ئۆيىگە كېلىدىغان بولدى. بۇنىڭدىن كېيىن مەنمۇ ئۇلارنىڭ راست دوستلارغا ئايلانغانلىقىغا ئىشىنىشكە باشلىدىم. چۈنكى بۇ ئارىلىقتا كېيىنكى پاجىئە بولغانغا قەدەر مەيلى شەرۋان بولسۇن ياكى قاسىم ئەپەندى بولسۇن ئۇلاردىن باشقىچە گەپ چىقمىدى. بەزىدە تېخى زۆھرەخان بىلەن شەرۋان بىر ـ بىرىنى ئاچا ـ سىڭىل دېيىشىپ يۈردى. زۆھرەخان شەرۋاننى ئۆزى بىلەن تەڭ كۆرۈپ كەتمىسىمۇ، قۇناخۇننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتىدۇ دەپمۇ قالاتتىم. قاسىم ئەپەندى بىلەن قۇناخۇن راستتىن ھەقىقىي دوستلاردىن بولۇپ، زۆھرەخان بىلەن قۇناخۇننىڭ بۇرۇنقى مۇناسىۋىتىدىن باشقا دېيىشمەيدىغان گېپى قالمىغانىدى. قاسىم ئەپەندى خۇددى زۆھرەخانغا نۇرغۇن ياخشى خىسلەت، ياخشى ئادەتلەرنى يۇقتۇرغاندەك قۇناخۇنغىمۇ يۇقتۇرغانىدى. قۇناخۇن دېھقانلار ئىچىدە ھۆكۈمەت ئىشى، بالا ئوقۇتۇش توغرىسىدا گەپلەر بولغاندا قاسىم ئەپەندىنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، ھۆكۈمەت نېمە ئۈچۈن قاسىم ئەپەندىدەك ئادەمنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتمەي ئاران ئىلمىي مۇدىر قىلىپ قويىدىغاندۇ. ھېلىقى مەكتەپ مۇدىرى بولغان بىر نېمە ھەدېسىلا باللارنى ئۇرغۇدەك، ئاتا ـ ئانىلارنىمۇ سوراق، قىستاققا ئېلىپ، دائىم ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرگۈدەك، قاسىم ئەپەندى بۇنىڭ ئەكسىچە باللارغا خۇددى ئۆز باللىرىدەك ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ، ئاتا ـ ئانىلىرىنى ئۆز تۇغقانلىرىدەك ھۆرمەتلەيدۇ، مۇئەللىملەر بىلەنمۇ شۇنداق ئىناق ئۆتۈۋاتسا، بەزى كەمبەغەللەرنىڭ باللىرىغا

تېخى ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ دەپتەر، قەلەم ئېلىپ بېرىۋاتسا، باللار مەكتەپكە كەلمەي قالسا ئۆيلىرىگە بېرىپ باللىرىدىن تارتىپ ئاتا ـ ئانىسىغىچە نەسىھەت قىلىپ قايىل قىلىۋاتسا، دەپ ماختاپ ئاغزى بېسىلمايتتى، ئۇلارنىڭ بۇ مۇناسىۋىتى ئازاد بولغاندىن كېيىنمۇ داۋاملىشىپ، تاكى1959 ـ يىلى قۇناخۇننىڭ ئائىلى شەرۋان بىلەن سەككىز ـ توققۇز ياشقا كىرىپ قالغان ئوغلى قاۋۇلجان يۇرتىمىزدا كېزىك كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر داۋاملاشتى.

— مۇشۇ يىلى پۈتۈن گۇڭشې بويىچە ناھايىتى كۆپ ئادەملەر ئۆلۈپ كەتتى، — دېدى مەھەممەت ساۋۇر قايغۇغا چۆمگەن ھالدا، — شەرۋاننىڭ ئۆيدىكىلىرىدىن ھېچكىم قالمىدى. پەقەت ياقا يۇرتقا ياتلىق بولۇپ كەتكەن بىر ئاچىسىلا قاپتۇ. بۇ ئايال ھازىرمۇ ھايات، بىزنىڭ جەمەتتىمۇ ئىسمائىل ئاكام، سىڭلىم، بەختاخۇننىڭ ئاپىسى ئايىمخانلارمۇ ئۆلۈپ كەتتى. قۇناخۇننىڭ ئاتىسى ئىبراھىم ئاكام بىلەن قۇناخۇنمۇ تاس ـ تاس قالدى. ئاغرىپ يېتىپ كەتكەنلەرنىڭ شۇنچە كۆپلۈكىدىن ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلەتتى ھەم ئىچى سىيرىلىپ كېتەتتى. ھەر كۈنى دېگۈدەك ئىككى ـ ئۈچ ئادەمنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلدى. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن بىزنىڭ ئۆيدىكىلەردىن ھۆرىخان بىلەن ئىككىمىزگىلا بۇ كېسەل يۇقمىدى.

— قارىسىلا، مەن بۇنداق ئوررۇق تۇرغىنىم بىلەن ئۆمرۈمدە كېسەل بولۇپ باقمىغان ئادەم. بىرىنچى بالىمىزمۇ شۇ قېتىم قاتتىق ئاغرىپ، ئاخىر ساقىيىپ كەتتى، ئۇ ھازىر ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولدى، بۆلەك قىلىپ قويدۇم.

— جۇماخۇنمۇ، — دېدى قادىر ئۇنىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمىنى چىقىرىپ.

— جۇماخۇننىڭ مېنىڭ ئوغلۇم ئىكەنلىكىنى بىلىۋاپلا — ھە؟

— ھوي، مەھەممەت ساۋۇر، — دېدى قادىر ئېتىراز

بىلدۇرۇپ، ــــ بىز ھازىر بۇ يەرگە كەلگىلى ئالتە ئايدەك بولۇپ قالغان تۇرسا، شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى جۇماخۇننىڭ سىلىنىڭ ئوغۇللىرى ئىكەنلىكىنى بىلمىسەك قانداق بولىدۇ؟ بىز ھازىر بۇ ئەترەتتىكى ھەممەيلەننىڭ ئىپتىنلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ بالا ـ چاقىلىرى، ئائىلە ئەھۋالى، ئىدىيىۋى ئەھۋالى ۋە ئۆزلىرىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىدىن تارتىپ بىلىپ كەتتۇق، بەزىلەرنىڭ تېخى ھۇجرىسىدىكى ئىشلارنىمۇ بىلىمىز دېسىلە! مەسىلەن، جۇماخۇن بىلەن تۇرسۇنخاننىڭ قىزىق ـ قىزىق ئىشلىرىنىمۇ بىلىمىز جۇمۇ.

ــــ ئۇ نېمىلەرنىڭ مەن ئاڭلىمىغان ئىشلىرىمۇ بارمىكەن؟

ــــ بولماي، تۇرسۇنخاننىڭ جۇماخۇننى دائىم باشقىلاردىن گۇمان ۋە پەرەز بويىچە ئاساسسىز كۆنلەپ، جېدەللىشىپ، جۇماخۇن كېچىدە سۇ تۇتقىلى چىقسا، بىر ياشقا كىرگەن بالىسىنى قوينىغا سېلىۋېلىپ بىرگە سۇ تۇتقىلى چىققانلىقىنى، تاغقا ئوتۇنغا بارغاندا بىر قېتىم بىرگە بارغانلىقىنى، خامان باققاندا بىر كېچىمۇ ئۇنى يالغۇز قالدۇرماي بىرگە يۈرگەنلىكىنى، ئورما ئورغاندا جۇماخۇن ئەرلەر بىلەن سول ئېلىپ ئورما ئورۇۋاتسا، تۇرسۇنخان ئاياللار بىلەن سول ئالغىلى ئۇنىماي، يېنىدا بولمىسام يىراقتىن بولسىمۇ باشقا ئاياللارغا قاراپ كۆز بېقىشىدۇ، دەپ ئۇنىڭ يېنىدىن سول ئالغانلىقىنىمۇ بىلىمىز دېسىلە!

ــــ يائاللا زۇجاڭ، سىلە بىزنىڭ تىتاڭ تومۇرىمىزدىكى ئىشلارنىمۇ بىلىۋاپىلا ـ ھە؟ باشقا گەپلەرنىغۇ ئاز ـ تولا ئاڭلاپ يۈرگەنىدىم، ھېلىقى ئوتۇنغا بارغىنى بىلەن ئورمىدا سول ئالغاندىكى ئىشلارنى بۈگۈن سىلىدىن ئاڭلاۋاتىمەن. ھەر قايسىلىرى بۇنى قانداق بىلىۋالدىلا؟ ــــ دېدى ئۇ كۈلۈپ كېتىپ ئىككى قولى بىلەن ئىككى يوتىسىغا بىر قانچىنى شاپىلاقلاپ.

ــــ بىر قېتىم ئۇ ئىككىسى ئۇرۇشۇپ قالغاندا جۇماخۇن داۋاغا كىرىپتىكەن، ئۇ ئايلىنىڭ ئۆزىنى سەۋەبسىز قاتتىق

كۈنلەيدىغانلىقىنى، ھەر قانداق ئايال بىلەن سۆزلەشتۈرمەيدىغانلىقىنى، ئايالللار توغرا كېلىپ قالسا يەرگە قاراپ ئۆتمىسە ئۆيىگە بارغاندا، سەن ئۇنىڭغا قارىسىدىڭ، كۈلدۈڭ، دەپ جېدەل چىقىرىدىغانلىقىنى جۇماخۇن ئۆزى دەپ بەرگەنىدى.

— بۇ قىز بالا شۇنداق چىقىپ قالدى، ئۇ جۇماخۇنغا بەك كۆيىدىغان ئوخشايدۇ، ئۆيىدىمۇ ئۇنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەيدۇ، ئۇ يەنە ھامىلىدار بولۇپتۇ، ھازىر ئېغىرلىشىپ قالدى، شۇنداقتىمۇ بىكار تۇرماي ئىشلەيدۇ. ئۆزى سەترەك بولغان بىلەن كۆڭلى ياخشى، جۇماخۇن ماڭا ئوخشاش سەت ئەمەس، ئاپىسىغا ئوخشاش خېلى چىرايلىق، شۇڭا بىزنىڭ بۇ كېلىنىمىز ئاشۇنداق دەككە ـ دۈككىدە يۈرەمدىكىن، جۇماخۇننى تاپ باستۇرمايدۇ. بازارغا بارسىمۇ بىرگە بېرىپ بىرگە كېلىدۇ، ئاڭلىساق جۇماخۇن بازاردا ھاجەت قىلغىلى كىرىپ كەتسە، ھاجەتخانىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ ساقلاپ تۇرغانىمىش، — دېدى ئۇ يەنە كۆتەك چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلۈپ، — ئۇنداق قىلغىنىمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولۇپتۇ، بولمىسا قۇناخۇندەك بولۇپ قالسا جىق ھەلەكچىلىك تارتىپ ياكى خاتىرجەم ئۆي تۇتالمىغان ياكى ئۆمۈر بويى مەقسىتىگە يېتەلمىگەن بولاتتى. قۇناخۇن بىچارىنىڭ زۆھرەخانىنىڭ تەمەسىدە شۇنچە يىللار قىلمىغان قىلىقى، ماڭمىغان يولى قالمىدى دېسىلە، بالىلارنىڭ ئاپىسى كېلىنىمىزنىڭ بۇ ئىشلىرىغا سەل نارازى بولغانىدى، مەن ئۇنى توسۇپ، — نېمە قىلاتتىڭ، كەينىگە كىرىۋالسا، كىرىۋالمامدۇ، دېسەم، ئۇ ئاچچىقلىنىپ جۇماخۇن يا بۇزۇقچىلىق قىلمىسا، چوپچوڭ بىر ئوغۇل بالىنى دوست ـ ئاغىنىلىرى ئالدىدا ئىزاغا قويسا بولامدۇ، ھېلىمۇ مەھەللىدىكىلەر جۇماخۇننى كۆرگەن يەردە زاڭلىق قىلىدىكەن، ھەتتا تۇرسۇنخانىنىڭ يېنىدىمۇ زاڭلىق قىلىدىغان بولۇپتۇ، تۇرسۇنخان بولسا تېخى” نېمە كارىڭ ئۆزۈمنىڭ ئېرى، ئەر دېگەننى چىڭ تۇتمىسا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، ئاپام شۇنداق دېگەن

ماڭا» دەپتۇمىش، دەيدۇ.

مەن ھۆرىخانغا:

— ھەي ئەخمەق، سەنمۇ مېنى ياش ۋاقتىمدا شۇنداق چىلىك تۇتاتتىڭغۇ، مانا ئەمدى ئۆمۈرلۈك بولۇپ قالدۇق ئەمەسمۇ، كېلىنىڭ ئوغلۇڭنى چىلىك تۇتسا نېمە يامىنى، بولمىسا قۇناخۇن... — دەپلا ئاغزىمنى تۇتۇۋالدىم. ئۇ: «قۇناخۇن نېمە بولۇپتۇ دەپ» بىپەرۋالىق بىلەن سورىماسمۇ، چېكەمدىن پۇررىدە تەر چىقىپ كەتتى، ئىچىمدە ئىم! دەپ قىلىپ دەرھال گەپ يۆتكەپ:

— قۇناخۇن ئىككى قېتىم ئۆيلىنىپمۇ ياخشىراق ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولالمىدى...؟ شۇڭا دەيمىنا، — دەپلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ سىرتقا چىققىلى ماڭسام ئۇ: «قاچان مەن سىلىنى چىلىك تۇتۇپتىكەنمەن، ئاشۇ ئەپتىلىرى بىلەن قوللىرىدىن كەلسىچۇ چوكان ئوينىسىلا، ئويناپ-ئويناپ يەنە مۇشۇ ئۆيگە قايتىپ كەلمىگەنلىرىنى مەن بىر كۆرۈپ باقاي...» دېمەمدۇ «ھەي سىڭىمۇ تىلىڭ چىقىپ قاپتىغۇ؟» دېسەم، «تىلىم چىقماي مەن بىر گاچىمىدىم، ئوھۇش، باشقىلارنىڭ ئىشى بىلەن نېمە كارىم، ئۆيۈمنىڭ ئىشىنى تۈگىتەلمەيۋاتسام» دەپ ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپ كەتتى.

— ھۆرىخان ھېچ نەرسە بىلمەمدۇ؟ — سورىدى قادىر.

— ئۇ بىلمەيمۇ قالماس، قولۇڭدىن كەلسە چوكان ئوينا دېگىنىگە قارىغاندا بىلىدىغاندەك قىلىدۇ. لېكىن بىلسىمۇ خەقنىڭ ئىشىغا پەرۋايى پەلەك ئۇنىڭ، مەن بۇ خوتۇننى ئاق كۆڭۈل دېسەممۇ بولىدۇ، ساددا، دۆتىرەك دېسەممۇ بولىدۇ. قانداق دېسە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆي ئىشلىرىدىن باشقا، باشقىلارنىڭ ئۇنداق-مۇنداق ئىشلىرى بىلەن ياش ۋاقتىدىن تارتىپلا كارى بولۇپ كەتمەيتتى. قېرىغانچە تېخىمۇ شۇنداق بولۇپ كەتتى. ئۇ ئەتىدىن-كەچكىچە ھاردىم-تالدىم دېمەي چۈمۈلىدەك مىدىرلاپلا تۇرىدۇ، جاھاندا نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، گۇڭشې، داۋۇيلەردە نېمە ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتىدۇ كارى

بولمايدۇ، پالانى بىلەن پوكۇنى ئۇرۇشۇپ قاپتۇ دېسە، ئۇرۇشسا-ئۇرۇشمامدۇ، دەپ بېشىنى كۆتۈرۈپمۇ قويماي ئۆز ئىشىنى قىلىۋېرىدىن. بەزىدە بىر قانچە خوتۇن بىر يەرگە كېلىپ ئۆزئارا غەيۋەت باشلىشىغا ئىشىم بار ئىدى، دەپ گەپ-سۆزمۇ قىلماي چىقىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش تولا سۆزلەيدىغان بولسا بۇ ئۆي ئۆي بولارمىدى دەيلا؟ ئۇ خېلى ئېغىر ئىشلارنىمۇ سوراپ-كولاپ ئولتۇرمايدۇ. مەن ئۇنىڭ بۇ مىجەزىگە قاراپ بىلسىمۇ بىلمەسكە سېلىپ، مېنىڭ نېمە كارىم دەپ يۈرەمدىكىن دەيمەن، — دېدى مەھەممەت ساۋۇر ئايالىنىڭ مىجەزىنى تونۇشتۇرۇپ،

— ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كەلمەمدۇق؟— دېدى مەھەممەت ساۋۇر بۇ قېتىم قادىرنى ئالدىرىتىپ خۇددى ئۆز ئۆيىدىكى ئىشلارنى يەنە كولاپ-سوراپ يۈرمىسۇن دېگەندەك قىلىپ.

— سىلى مېنى بىزنىڭ ئۆيدىكى ئىشلارنى يەنە كولاپ سورايدۇ، دەپ قورققۇۋاتامالا؟ — دېدى قادىر چاقچاق قىلىپ.

— ياقەي، بىزنىڭ ئۆيدە قىزىقىدىغان نېمە ئىشلار بار دەيلا، يەنە دېسەڭ يەنە شۇ، ئوغلۇم بىلەن كېلىنىمنىڭ ھېلىقىدەك ئەخمىقانە كۆلكىلىك ئىشلىرىدىن باشقا...

ئۇ قولىنى چېكىسىگە سايىۋەن قىلىپ كۈنگە قاراپ قويغاندىن كېيىن، — يەنە كەچ بولغىلى تۇردى. بۇ گەپنى بۈگۈن تۈگىتەيلى، — دېدى-دە، ئۆز گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

مۇشۇ كېزىك كېسىلى تۈپەيلىدىن بىزنىڭ جەمەتىمىزدىمۇ كۆپ پاتىپاراقچىلىق بولدى. قۇناخۇن بىچارە بۇ ۋاقىتتا ھەممىدىن مەھرۇم قالدى. ئۇ بۇ كۈنلەردە ئەتىگەن چىقىپ كەتكىنىچە، چۈشتىمۇ ئۆيىگە كىرمەيدىغان بولۇۋالدى. ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرى بولۇۋاتقان ياز كۈنلىرىدە ئىشلەپ قەيەردە ھارسا، شۇ يەردە يېتىپ ئۇخلاپ، كەچتە قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۆيگە كىرىپ ئۈندىماي-مۇنداق قىلىپ قورساق تويغۇزىدىغان، قىش كۈنلىرى كىشىلەر توپلىشىۋالغان يەرگە

بىر بېرىۋالسا تاكى قاراڭغۇ چۈشۈپ كىشىلەر خۇپتەنگە ماڭغاندا ئاندىن ئۆيگە كىرىپلا ئۇخلىۋالىدىغان بولدى. ئۇ راست ئۇخلىدىمۇ ياكى ئۆيىنىڭ تورۇسىغا قاراپ ياتتىمۇ بۇ بىرگە قاراڭغۇ. چۈنكى ئۇ ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىغاندىن كېيىن، بىرى كېلىپ ئۇرسىمۇ ئاچمايتتى. مەن بىر قانچە قېتىم شۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ يېنىپ كەتكەندىن كېيىن ئەتىسى نېمىشقا ئىشىكنى ئۇرۇپ ۋارقىرىسام‌مۇ ئاچمايسەن؟ دېسەم ئۇخلاپ قاپتىمەن، دەپ بىر ئېغىز گەپ بىلەن توگەتكەندى. ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە ناھايىتى كەم سۆز بولۇپ كەتتى، بەئەينى سەۋدايىنىڭ ئۆزىلا بولغانىدى، چاچ-ساقاللىرىنىمۇ ئۇزۇن-ئۇزۇندا ئالدۇرىدىغان بولۇۋالدى، يىغىپ ئېيتقاندا ئۇ ئۆزىنى تاشلىۋەتكەندى. بۇ كۈنلەردە بىزنىڭ باللارنىڭ ئاپىسى ئۇنىڭ يېمەك-ئىچمەك قاتارلىقلىرىدىن ئارىلاپ خەۋەر ئېلىپ تۇردى. قىيىنچىلىق چاغلار ئەمەسمۇ، بىزنىڭ ھالىمىزمۇ ياخشى ئەمەس ئىدى، شۇنداقتىمۇ ھۆرىخان ھېچبولمىغاندا بىرەر زاغرىسىنى بولسىمۇ باللاردىن كىرگۈزۈپ، بەزىدە كىيىم-كېچەكلىرىنى يۇيۇپ بېرىپ تۇردى. بۇ ۋاقىتتا قاسىم ئەپەندى بىلەن زۆھرەخانلار ھەقىقەتەن ئاغىنىدارچىلىقنى يەتكۈزدى. قاسىم ئەپەندى ھەپتە ئارىلاپ كېلىپ يەپ - ئىچكۈدەك نەرسىلەردىن ئەكىلىپ تۇردى. زۆھرەخانمۇ ئايدا بىر قېتىم دېگەندەك قاسىم ئەپەندى بىلەن بىرگە كېلىپ ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن گۆشتە ئۇ سېغىنغان تاماقلاردىن ئېتىپ بېرىپ ھال-مۇڭ ئېيتىپ كېتەتتى. بەزىدە مېنى چاقىرىپ تۆتىمىز بىرگە تاماقلىنىپ، كەچلەپ ئاندىن تارقىلاتتۇق. قۇناخۇنمۇ قاسىم ئەپەندىنىڭ زورلىشى بىلەن پات-پات زۆھرەخانلارنىڭ ئۆيىگە باراتتى. قۇناخۇن بۇ مەزگىلدە زۆھرەخان بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشتىن راستتىنلا قالغانىدى. يېقىنچىلىق قىلىمەن دەپمۇ قىلالمايتتى، پەقەت كۆزىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالغانغا شۈكۈر-قانائەت قىلاتتى.

— شۇ چاغلاردا ھەممە جايدا دوختۇرخانا، داۋالاش پونكىتى قۇرۇلغان ئىدىغۇ، يۇقىرىدىن ئادەم كەلمىدىمۇ، دوختۇر ئەۋەتىپ ۋاقتىدا تەدبىر كۆرمىدىمۇ؟ — دېدى قادىر گەپنى كېزىك توغرىسىدىكى ئەھۋاللارغا يۆتكەپ.
— يۇقىرىدىن ئادەم كەلدى، ناھىيە - ۋىلايەتتىن دوختۇرمۇ ئەۋەتتى. ئەگەر ئۇلار كەلمىگەن بولسا بۇ گۆشكىشىدىكى ئادەملەر قىرىلىپ تۈگەپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ كېسەللىكتىن بىزنىڭ گۆشكىشىدىكى بىر "بىلەرمەن" دوختۇر خولىرا دەپ ئاتاپ، يېرىم ئايدەك دورا بېرىپ ئوكۇل ئۇرۇپ داۋالىسىمۇ ئۈنۈمى بولماي ئادەملەر كەينى - كەينىدىن ئۆلۈۋەردى. گۆشكىشىنىڭ باشلىقى ئارىپ ئاخۇن ناھىيىگە بېرىپ دوكلات قىلغاندىن كېيىن، ناھىيىدىكىلەرنىڭ دىققىتى قوزغىلىپ، ۋىلايەتكە مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار بىر داۋالاش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ ئاندىن كېسەلنىڭ مەنبەسى ئېنىقلاپ چىقىلىپ كېسەل توسۇپ قېلىندى، بولمىسا ھەممىمىز ئۆلۈپ تۈگىشەركەنمىز.

## 12

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتتىغۇ دەيمەن. ھېلىقى ئاچارچىلىقتىن كىشىلەر كېپەك، جىغان مونچىقى، سۆگەت پوستى، قارىياغاچ يوپۇرمىقى... دېگەنگە ئوخشاش يېگىلى بولىدىغانلىكى نەرسە بولسا يېگەن يىللىرى قاسىم ئەپەندى تۈگەپ كەتتى. ئۇ ئادەم غورىگىلچىلىككە بەرداشلىق بېرەلمىدىمۇ ياكى ئىچىدىن چوڭراق كېسەل چىقتىمۇ ئۇنى بىلەلمىدۇق، دەسلەپتە زۇكام بولغان باھانە بىلەن كۆزنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى يېتىپ قالغانچە ساقىيالماي ئالەمدىن ئۆتتى. مەن بىر قېتىم ئۇنىڭ ئۆيىگە يوقلاپ بارغانىدىم، ئۇ ۋاقىتدا ئۇنچە ئەمەس ئىدى. كېيىن قوناخون پات - پات بېرىپ،

ھەر قېتىم باشقىچە بىر نىمىلەرنى دەپ كەلدى.

بارا-بارا ئۇ ئادەمنىڭ ناھىيىمىزدىمۇ ئاز-تولا ئاتىقى چىققانىدى. شۇڭا ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا بىرىپ داۋالاندى. ئۇ يەردىمۇ ياخشى بولالماي ئاندىن ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدا ياتتى. ئۇ ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدا ياتقاندا قوناخۇن ئىككى قېتىم زوھرەخان بىلەن بىرىپ يوقلاپ كەلدى. كېيىنكى قېتىم بىرىپ يوقلاپ كەلگەندىن كېيىن مەن قوناخۇندىن قانداقراق دەپ سورىسام، قوناخۇن:

— ئۇ ئادەمنىڭ ئىشى چاتاقتەك قىلىدۇ. دوختۇرلار زوھرەخانغا، قان بېسىمى بەك يۇقىرى ئىكەن، دوختۇرخانىمىزغا كەلگەندىن بويان يۇقىرى قان بېسىمى ئىككى يۈز ئەللىك-ئىككى يۈز ئاتمىشتىن چۈشمەيۋاتىدۇ. تۆۋەن قان بېسىمىمۇ يۈزدىن يۇقىرى بولۇۋاتىدۇ. يۇقىرى-تۆۋەننىڭ ئارىلىقى بەك يېقىن بولۇۋالسا خەتىرى چوڭراق، ھازىر يەنە يۈرەك كېسىلى بارلىقى مەلۇم بولدى. بۇ يۇقىرى قان بېسىمنىڭ تەسىرىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن، بۇرۇنراق ئەكەلگەن بولساڭلار قان بېسىمى بىلەن يۈرەك كېسىلىنىڭ بىرلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولاتتى، شۇنداقتىمۇ بىز بارلىق ئامالالار بىلەن كۈچۈل قويۇپ داۋالايمىز، لېكىن ھەر ئېھتىمالغا قارشى تەييارلىق قىلىپ قويۇڭلار، دەپتۇ، — دېدى مەھەممەت ساۋۇر يۇقىرىدىكى گەپلەرنى قىلغاندا قاسىم ئەپەندىگە ئىچ ئاغرىتىپ خۇددى ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزگەن تەلەپپۇزدا.

— قوناخۇننىڭ يەنە كۆنى تۇغۇلۇپتۇ — ھە، — دېدى قادىر ئۆلارنىڭ ئۆتمۈشىدىكى مۇشۇنداق پۇرسەتلەرنى ئۆتكۈزۈۋەتمەيدىغان ۋاقىتلىرىنى ئەسكە ئالغانلىقىنى بىلدۈرۈپ.

— تووۋا خۇدايىم، ئىككىمىزنىڭ خىيالىنىڭ بىر يەردىن چىقىپ قالغىنىنى قارىسىلا، — دېدى مەھەممەت ساۋۇر مېنىڭ ئەقلىممۇ سىزنىڭكىدىن قىلىشمايدۇ، دېگەندەك كۈلۈپ كېتىپ.

— مەنمۇ ئۆز ۋاقتىدا خۇددى سىلى ھازىر دېگەندەك ئويلاپ سىلى دېگەن گەپلەرنى قىلغانىدىم، لېكىن قۇناخۇن يېرىلىپ كەتكۇدەك تېرىكىپ:

— مەھەممەت، سەن قارىسىغا سۆزلەۋەرمە، ياغلىق قاپاق قاچانلا بولسا ياغلىق قاپاق بولۇۋەرمەيدۇ. ئۇ ئادەم ئۇ يەردە سەكراتتا ياتسا، مەن ئۇنداق ئىشلارنى قىلغىلى ھايۋانمۇ، ئاغزىمغا كەلدى دەپ سۆزلەۋېرىدىكەنسەن، مەنمۇ ئۇنداق خىياللاردا بولمىدىم. شۇنداق خىياللاردا بولغان ھالەتتىمۇ، سەن زۆھرەخاننى بىلمەمتىڭ؟ ئۇ ھەرگىز ماڭا ئۇنداق قىلىشقا يول قويمايدۇ. مەن ساڭا راست گەپنى قىلسام، ھازىر مەن زۆھرەخان بىلەن خۇددى ئاكا ـ سىڭىلدەك بىر خىل تۇيغۇدا بولۇپ قالدىم. مەندە ئۇنىڭغا نىسبەتەن كۆيۈنۈش، ئاسراش، قوغداشتىن باشقا خىياللار بولۇپ باقمىغىلى خېلى يىللار بولۇپ قالدى. راست، زۆھرەخان قاسىم ئەپەندى بىلەن توي قىلغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى يىللىرى خېلى ئۇزۇنغىچە تەمە قىلىپ يۈرگەنىدىم، لېكىن زۆھرەخان ئۇنىمىدى. زۆھرەخان بۇ ئېرىنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ ھەم ئۇنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيدىكەن. ئۇ ماڭا بىر قانچە قېتىم بۇ ئادەمنىڭ مىجەزىمۇ سىزگە ئوخشايدىكەن، ئۇ مېنى بەك ئىززەتلەيدۇ، دېگەن گېپىنى يىرىمايدۇ. سەممىي ئادەم ئىكەن، ماڭا بەك ئىشىنىدۇ، ئەمدى ئۇنىڭغا خىيانەت قىلسام بولمايدۇ. بىز ئەمدى بۇرۇنقى مۇناسىۋەتنى بولدى قىلايلى دەپ نەسىھەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭ دېگىنىگە كۆنۈپ، ھېلى مەن ساڭا دېگەندەك يېقىنچىلىقىمىزنى ئاكا ـ سىڭىلدەك تۇغقانچىلىق تۇيغۇسىغا ئۆزگەرتىۋالدىم ۋە شۇنىڭغا شۈكۈر قىلىپ يۈردۈم، دەپ ناھايىتى سەممىيلىك بىلەن ئۆزىنى ئاقلىغانىدى.

بىر كۈنى قۇناخۇن مېنى خالىي جايغا ئاپىرىپ:

— مەھەممەت، مەن ئەمدى قېرىغاندا بولسىمۇ زۆھرەخان

بىلەن توي قىلايمىكىن دەيمەن، — دەپ مەسلىھەت سورىدى. بۇ قاسىم ئەپەندى تۆگەپ يىلى توشقاندىن كېيىنكى گەپ ئىدى.

— مەنمۇ شۇ خىيالدا بولۇۋاتاتتىم. ئەمدى سىلەرگە يۇتلىشىدىغان ھېچقانداق ئىش يوق. قىرىغاندا ئەمدى ئۇنداق ئوغرىلىقچە يۇرسەڭلار سەت بولىدۇ، توي قىلىۋېلىڭلار، ئۆمرۈڭلارنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ مۇراد ـ مەقسىتىڭلارغا يەتمەمسىلەر، ھەر ئىككىڭلارنىڭ بىرەر بالىسىمۇ يوق، قېرىغاندا ئۆزئارا بىر ـ بىرىڭلارغا ھەمدەم بولارسىلەر، زۆھرەخان نېمە دەيدىكەن، — دەپ ئۇنىڭدىن سورىدىم.

— مەن تېخى بۇ خىيالىمنى ئۇنىڭغا ئېيتمىدىم، ئالدى بىلەن سېنىڭ مەسلىھەتىڭنى ئالاي دېگەنىدىم، سەن قوشۇلساڭ، ئۇنىڭغا دەي، — دېدى قۇناخۇن خېلى تېتىكلىشىپ.

— يەنە باردى ـ كەلدى قىلغىلى تۇردۇڭلارمۇ؟

— ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ، بىزنىڭ باردى ـ كەلدىمىز ئۈزۈلۈپ قالغىنى يوق، — دېدى ئۇ گەپ يورغىلىتىپ.

— سەن تولا گەپ ئويناتما، مەن سېنى يەنە تېپىشىۋالدىڭلارمۇ دەۋاتىمەن. ئۇ لام ـ جىم دېمەي بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇۋالدى.

— سېنىڭ ئاكا ـ سىڭىللىقىڭ يەنە ئۆزگەردىمۇ؟ مەن سېنىڭ گېپىڭگە ئەمدى زادى ئىشەنمەيمەن. راستىنىلا مۇڭگۈزۈڭ ئىچىڭدە بىر نېمىكەنسەن.

ئۇ مېنىڭ گېپىم تۈگىمەيلا ئورنىدىن تۇرۇپ گەپ ـ سۆز قىلماي كېتىپ قالدى. كېيىن ئاڭلىسام ئۇلار زۆھرەخاننىڭ يول ئېچىشى بىلەن يەنە تېپىشىۋاپتۇ.

ئارىدىن بىر ئايچە ۋاقىت ئۆتكەندە قۇناخۇن بىر كۈنى قاپىقىنى ساڭگىلىتىپ يەنە مېنى ئىزدەپ كەلدى.

— نېمە بولدۇڭ، قاپىقىڭ ساڭگىلاپ، بېشىڭ چۈشۈپ

كېتىپتىغۇ، — دېدىم ئۇنىڭ بۇ روھىي ھالىتىنى كۆرۈپ.

— زۆھرەخان ئۇنىمىدى.

— نېمىشقا ئەمدى، يەنە باشقا بىرسىگە تەگكۈسى بارمىكەن؟ سەنمۇزە خۇددى ئەپەندىنىڭ گېپىدىن چىقمايدىغان ئوقۇغۇچىدەك ئۇ نېمە دېسە ماقۇل دەيدىكەنسەن، سېنى قورچاق قىلىۋالدىغۇ بۇ خوتۇن، — دېدىم جۇدۇنۇم تۇتۇپ.

— نېمانچە ۋارقىرايسەن؟ گەپنىڭ باش-ئايىغىنى ئاڭلىمايلا، ئۇنىڭ گېپىمۇ ئورۇنلۇقتەك قىلىدۇ، — دېدى قۇناخۇن ئۇنىڭ تەرپىدە تۇرۇپ، — ئۇنىڭ دېيىشىچە، — دېدى قۇناخۇن ئۆزۈندىن-ئۆزۈنغا ماڭا چۈشەندۈرۈپ، — بىز شۇنچە ئۇزۇن يىللار ئەر-خوتۇن بولمايمۇ شۇنداق ياخشى ئۆتتۇق. بىر-بىرىمىزگە خۇددى مېھماندەك مۇئامىلە قىلىشىپ كەلدۇق. سىز بىرەر قېتىممۇ مېنىڭ گېپىمنى يېرىپ، كۆڭلۈمنى ئاغرىتمىدىڭىز، مېنى شۇنداق ھۆرمەتلەپ ئىززىتىمنى قىلدىڭىز، مېنىڭ شۇنچە يىللاردىن بېرى سىزدىن مېھرىمنى ئۈزەلمەسلىكىمنىڭ سەۋەبىمۇ دەل سىزنىڭ ماڭا سەممىي سادىقلىقىڭىز، كۆيۈنۈشىڭىز، ئاسرىشىڭىزدىن بولغان. نەچچە قېتىم بىر مەزگىل يىراق تۇرۇپ دېسەم شۇنداق كۈچلۈك ھېسسىياتىڭىزنى بېسىۋېلىپ، يىراق تۇردىڭىز، بۇمۇ مېنى كۆڭلى ئازار يەپ قالمىسۇن، يامان ئاتلىق قىلىپ قويماي دەپ مەن ئۈچۈن كۆيۈنگىنىڭىز، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەن كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر يېرىدە دېگۈدەك ئويلاپ تۇرىمەن، ئەمدى بۇ ياشقا كەلگەندە بىز مۇشۇ بىر-بىرىمىزگە بولغان مېھرىبانلىقىمىزنى ساقلاپ قالالايمىزمۇ يوق، مەن شۇنىڭدىن ئەندىشە قىلىمەن. بىر ئۆيلۈك بولۇپ قالغاندىن كېيىن شۇنداق بولىسىغۇ مەيلى، ئەگەر ئۇنداق بولماي ئارىلىقتا سەن-پەن دېيىشىپ قالساق، شۇنچە يىللار ساقلاپ كەلگەن مۇھەببەت، ھۆرمەت، ئەقىدە، ئېتىقادىمىزغا دەز كېتىپ قالسا، قېرىغاندا ھەر ئىككىمىزگە ھار كېلەمدىكىن دەيمەن،

سىزنىڭ مىجەزىڭىز ھازىر بىر ئاز ئۆزگىرىپ قاپتۇ، شۇنچە يىللار سىزدىن بىرەر ئېغىز تولۇق گەپ ئاڭلىماي، ئەمدى بۇ ياش قۇرامىغا كەلگەندە پالاق - پۇلۇق بىر نەرسە دەپ سالسىڭىز، مەن ئۆز ئۆيۈمگە كىتىپ قىلىشتىن يانمايمەن. ئۇنداقتا سىزگىمۇ، ماڭىمۇ ئەلەم بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە بۇرۇنقىدەك ئۆتۈۋەرگىنىمىز ياخشى. بىز ئەمدى قېنى قايناپ تۇرغان ياشلاردىن بولمىغاندىكىن، ئۆزئارا ھالىمىزدىن خەۋەر ئېلىشساق بولمىدىمۇ، — دەپ تۇرۇۋالدى.

— سەن قوشۇلدۇڭمۇ؟

— مەن ئۇنىڭغا نەچچە ئېيتتىم. ھەتتا بىز يېقىنچىلىق قىلىشۋاتقان پەيتتىمۇ دېدىم. ئۇ دەسلەپتە ماقۇل دەپ كەينىدىنلا يەنە يېنىۋالدى. ھەتتا ”ئەگەر سىزنىڭ بەك ئۆيلەنگىڭىز كەلسە ئۆيلىنىۋېرىڭ، لېكىن مەن ئەرگە تەگمەيمەن. سىز ھازىرقى ھالەتكىمۇ قانائەت قىلمايسىز؟ سىزنىڭ ھازىرقىدەك بىر دېگەننى يەنە دەپ تۇرۇۋېلىشىڭىزغا قارىغاندا بىز توي قىلساق، مەن دېگەن ئىش چىقماي قالمايدۇ“ دەپ ئاخىرىدا گەپنى ئۈزۈۋەتتى، — دېدى قۇناخۇن ئۇنىڭغا بوي سۇنغانلىقىنى بىلدۈرۈپ.

— سەنلەرگە ئوغرىلىقچە قىلىشىپ يۈرگەن ئىش بەك تاتلىق تېتىيدىغان ئوخشىمامدۇ؟ بولۇپمۇ ھېلىقى خوتۇنغا ... — دېۋەتتىم ئاچچىقىمغا پايلىماي، قارىسىلا قادىر زۇجاڭ، — دېدى مەھەممەت ساۋۇر ياقىسىنى تۇتقان ھالدا، — ھەيرانمەن، ھەيرانمەن، بۇ خوتۇننىڭ تاكتىكىسىدىن، قۇناخۇننىڭ قويىنىڭ قوزىسىدەك ياۋاشلىقىدىن ھەيرانمەن، — دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى.

— قۇناخۇنچۇ؟ — دېدى قادىر، قۇناخۇننىڭ مەھەممەت ساۋۇرنىڭ سۆزىدىن كېيىنكى پوزىتسىيىسىنى بىلمەكچى بولۇپ.

— ئۇ نېمە دەيتتى، تېخى ماڭا ئالىيىپ: ”نېمە گۇركىرەيسەن، ئويلاپ باقسام ئۇنىڭ دېگىنىمۇ توغرىدەك قىلىدۇ. ئۇ دېمىسىمۇ ئۆزۈمگە ئايان، ھازىر مېنىڭ مىجەزىم سەل قوداڭشىپ

قالـدىغان بولـۇپ قالـدى. ئەگـەر ئـۆي تۇتقانـدىن كېيىن ئـۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىپ، شۇنچە يىللاردىن بۇيان ساقلاپ كېلىۋاتقان قويۇق مۇناسىۋەتنى يىرىكلەشتۈرۈپ قويسام ياخشى بولمايدىغانـدەك تۇرىدۇ، شـۇڭا ماقـۇل دېـدىم'' دەيـدۇ. بـۇ گەپـنى ئـاڭلاپ مېنىـڭ تېخىمۇ ئـاچچىقىم كەلـدى. بـۇ خوتۇنىمـۇزە شـەيتانىنىڭ ئۆزىلىكـەن. ئەمـدى بـۇ ياشـقا كەلگەنـدە قاراڭغـۇ بۇلـۇڭ ـ پـۇچقاقلاردا ئوغرىلىقچە ئۇچرىشـىپ يۈرۈشـكە قانـداق يـۈزلۈڭلار چىدايـدۇ. شـۇنچە يىلـلار كۆيۈپ ـ پىشقانـدىن كېيىن مۇشۇنداق ئوبدان پۇرسەت كەلگەنـدە توي قىلىشـىپ خەلقئالـەم ئالدىـدا ئاشـكارا يۈرۈشسـەڭ بولمامـدۇ؟ تازىمـۇ خوتۇنكەن بۇ! مەيلى نېمە قىلىشساڭ، قىلىشمامسەن. ئەمدى مېنىڭ سـەنلەرنىڭ ئىشـىڭلار بىلـەن كـارىم يـوق، دەپ پىشـمىنى قـېقىپ چىقىپ كەتتىم.

— بـۇ بۇنىڭـدىن بـەش ـ ئالتـە يىـل بـۇرۇنقى ئىـش، — دېـدى مەھەممـەت سـاۋۇر گەپـنى يىغىنچاقلىمـاقچى بولـۇپ، — ئـۇلار تـاكى قۇناخـۇن ۋاپـات بولغانغـا قـەدەر شـۇنداق ئۆتتۈشـتى. مېنىـڭ بـۇ ئايـال توغرىسىدا ناھايىتى چوڭقۇر بىر تەسىراتىم بار. ئۇ بولسىمۇ، بۇ ئايال ئۆز گېپىگـە كىرگـەن ئـەرنى قـەۋەت ياخشـى كۆرىدىكـەن. تـۆت ئـەرنىڭ ئىچىدە ئۈچىنىڭ مۇشۇ تەرىپىنى ياخشى كـۆرۈپ قالغان، سىيىتجاننىڭ ھېلىقى نۇقسىنىنى ھېسابقا ئالمىغانـدا ئۇنىمۇ يامان دېمىگـەن. قاسىم ئەپەندىنىڭمۇ مۇشۇ تەرىپى ئۇنىڭغا ياريغان. قۇناخۇن بىر ئـۆمۈر ئـۇنىڭ سىزىقىدىن چىقماي ئالەمدىن ئۆتتى دېسىلە.

— سـىلىمۇ ئـۇنىڭ يوليورۇقىـدىن چىقالمايدىكەنلىغـۇ؟ — دېـدى قادىر چاقچاق قىلىپ.

— مەن قۇناخۇننىڭ ھۆرمىتى يۈزىسىدىنلا شۇنداق قىلدىم.

# 13

بۇ يەردىكى سوتسىيالىستىك تەلىم-تەربىيە ھەرىكىتى تۈگەپ، يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن "ب" ناھىيىسىنىڭ X گۇڭشېسىغا يۆتكىلىپ بېرىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش چۈشكەندىن كېيىن قادىر بىر ئامال قىلىپ ۋاقىت چىقىرىپ تۇغراق كەنتىگە بېرىپ، زۆھرەخان بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشۈشنىڭ كويىغا چۈشتى. چۈنكى مەھەممەت ساۋۇرنىڭ "ھېكايە" سىنىڭ بەزى جايلىرى چالىدەك، بەزى جايلىرى ئېنىق ئەمەستەك، يەنە بەزى جايلىرى يالغاندەك بىلىنىپ تۇراتتى.

بۇ قېتىم قادىر يالغۇز باردى. زۆھرەخان قادىرنى سەل سولغۇن چىراي بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۇ قادىرنىڭ گەپ ئېچىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرمايلا:

— بالام ئادەمنى قېرىغاندا نومۇسقا قويۇپ، كولاپ يۈرۈپ ھەممىنى بىلىپ بولۇپلا، يەنە نېمىدەپ كەلدىلە؟ ئۆيگە كەلگەن مېھمانغۇ بۇنداق دېمىسەم بولاتتى، — دېدى چىراي ئاچماي.

— زۆھرەخان ئاچا، مەن سىلىنى نومۇسقا قويىدىغان ئىش قىلمىدىم، سىلى بىلەن قۇناخۇننىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ سىلىگە بەكمۇ ھەۋەسىم كەلدى. ھۆرمىتىم ئاشتى دېسىلە، سىلى ھەقىقەتەن كۆڭۈل بەرگەنگە جان بېرىدىغان، مىسكىن يۈرەككە قان بېرىدىغان قالتىس ساداقەتمەن، ئىرادىلىك ئايال ئىكەنلا، ئىككىڭلارنىڭ ئىشىنى غېرىب-سەنەم، تاھىر-زۆھرەگە ئوخشاتساق بولغۇدەك، ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇھەببەت ئوتى، شۇنچە يىللاردىن بۇيان بىردە لاۋۇلداپ ئۇلغىيىپ كۆيسە، بىردە ۋىلىلداپ ئۆچەي دەپ ئۆچەلمەي، يەنى كەلگەندە يەنە قايتىدىن يالقۇنجاپ ئۇلغىيىپ، قىرىق نەچچە يىلنى ئۆتكۈزۈپتۇ ئەمەسمۇ؟ بۇ قالتىس مۆجىزە

دېسىلە، — دېدى قادىر ئۇنىڭ مۇھەببەتكە بولغان ساداقىتىنى ماختاپ.

— بالام، بىزنى قانداقمۇ تاھىر-زۆھرە، غېرىب-سەنەملەرگە ئوخشاتقىلى بولسۇن، بۇ ئىشلار شۇ ۋاقىتتىكى جاھاننىڭ تارلىقىدىن، بىزنىڭ ياش، ساددا، بىر نېمىنى بىلمەسلىكىمىزدىن بولغان، بىز دەسلەپتە ئىشنىڭ بۇنداق بولۇپ كېتىشىنى نەدىن بىلەيلى!ھە دېگەندە ئويناشقاندەك ئىش قىلىپ قويۇپ ئاقىۋىتىدە قىرىق يىلنى خۇددى ئوغرىدەك ياشاپ ئۆتكۈزدۇق. نومۇس قىلاي دېسە كۆڭۈل قويمىغان. كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ نېمە بولسا بولىمامدۇ دەي دېسە ئەل-يۇرتتىن قورققان، يوشۇراي دېسە يوشۇرالمىغان، ماختىناي دېسەڭ كىشىلەر ئالدىغا ئېلىپ چىققىلى بولمىغان، شۇنداق بىر يولغا كىرىپ قاپتىكەنمىز دېسىلە، مانا ئەمدى ھەممىسى ئاخىرلاشتى، — دېدى ئۇ مۇڭلىنىپ، لېكىن ئۇنىڭ ئەمدى چىرايى ئېچىلغانىدى. چۈنكى قادىر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئاساسلىق تەرىپىگە ئادىل باھا بەرگەنىدى. شۇڭا ئۇ ھەم خۇشال بولدى، ھەم رازى بولدى.

— بالام مەن سىلىگە پولۇ قىلىپ بېرەي دېسەم ھەقچان ئۇنىمايلا، چۈشمۇ بولۇپ قالاي دېدى. خېمىرمۇ يۇغۇرۇپ قويغانىدىم. بىر قانچە خوشاڭ پىشۇرۇپ بېرەي، يەپ ماڭسىلا، ئۆتكەن قېتىممۇ قورۇق كەتتىلە، ئەمدى قورقمىسىلا، بىزنىڭ بۇ يەردە تەلىم-تەربىيە ھەرىكىتى تۈگىدى. كادىرلارمۇ كەتتى، — دېدى ئۇ قادىرنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا ياندىكى ئۆيگە مېڭىۋېتىپ.

— ماقۇل، خوشاڭ پىشۇرىمەن دېسىلە ئولتۇراي، مەھەممەت ساۋۇرمۇ سىلىنى خوشاڭغا ئۇستا دەۋاتقانىدى، — دېدى قادىر يالغاندىن مەھەممەت ساۋۇرنىڭ گېپىنى چىقىرىپ. ئۆزىنىڭ مەھەممەت ساۋۇر بىلەن سۆزلەشكەنلىكىنى ئۇنىڭ قانداق بىلىۋالغانلىقىنى ئۇقماقچى بولۇپ.

— ھەممىنى قىلغان مەھەممەت ساۋۇر دېگەن قاقۋاش، — دېدى ئۇ يالغاندىن خاپا بولغان بولۇۋېلىپ.
— مەھەممەت ساۋۇرنىڭ دېگىنىنى سىلى قانداق بىلىۋالدىلا؟
— قۇناخـۇن بىلـەن ئىككىمىزنىـڭ ئۆتمۈشـىنىڭ ئۇجـۇر-بۇجۇرىنى شۇ بىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كىم بىلىدۇ دەيلا؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىككى قېتىم بازاردا ئۇچرىشىپ قالدۇق، ئۇ سىلىنىڭ ئۆزىنىڭ كەينىگە كىرىۋالغانلىقلىرىنىمۇ ماڭا دەپ قويدى. شۇڭا سىلىدىن سەل خاپا بولۇپمۇ قالدىم. نېمە قىلاتتى بۇ بالا، بۇ ئىشلارنى كولاپ يۈرۈپ، دەپ ئىچىمدە سىلىنى تىللاپمۇ قويدۇم.
— نېمدەپ تىللىدىلا؟
— بېشىڭنى يەيدىغان ئۆرۈمچىلىك دەپ تىللىدىم.
— راست تىللىدىلىمۇ ياكى يالغاندىن؟
— راست تىللىدىم، — ئۇ داستىخانغا قويۇۋاتقان مەزىنى قولىدا تۇتقىنىچە بېشىنى كۆتۈرۈپ قادىرغا پىسسىڭىدە كۈلۈۋەتتى.
— يالغان تىللاپلا ـ ھە، — دېدى قادىر ئۇنىڭ ھېلىقى كۈلكىسىنى كۆرگەندىن كېيىن.
— زۆھرەخاننىڭ چىرايى ئېچىلغانىدى. ئۇ ئەمدى نومۇس قىلىدىغاندەك ئەمەس، بەلكى پەخىرلىنىدىغان قىياپەت بىلەن قادىرغا گەپ قىلغىلى تۇردى. قادىر بەزى ئىشلارنى ئېچكىرىلەپ سورىمىسىمۇ زۆھرەخان دەپ بېرىدىغاندەك قىلاتتى. لېكىن قادىر"بەك قېلىن" بالىكەن بۇ دەپ قالمىسۇن ئۈچۈن ئەمدى بەزى نازۇك ئىشلارنى ئىنچىكىلەپ سوراشنى بىئەپ كۆردى. شۇڭا ئۇ سەل دەرگۇمان بىلەن:
— زۆھرەخان ئاچا خېمىرلىرىمۇ تېخى بولمىغاندۇ، مۇشۇ ئارىلىقتا سىلىدىن سورايدىغان بىر قانچە ئىش بار ئىدى، مەھەممەت ساۋۇر ئېنىق دەپ بېرەلمىدى، سىلىدىن سورىسام بولارمۇ؟ — دېدى سىناش نەزىرى بىلەن.

— ۋاي بالام ”ئاناڭنىڭ ئايىغۇچىلىكى قالغانمىدى“ دېگەندەك سىلىدىن يوشۇرىدىغان نېمە قالدى. بىرلا گېپىم بۇ ئىشلارنى سىرتقا يېيىۋەتمىسىلە بولدى. چۈنكى سىلى بۇ ئىشنىڭ پۈتۈن تەپسىلاتىنى بىلىدىغان تۆتىنچى ئادەم بولۇپ قالدىلا، — دېدى زۆھرەخان ئادىرنىڭ چىنىسىگە چاي قۇيغاچ.

— مەن بىر نەرسىگە ھەيران قالدىم ھەم مەھەممەت ساۋۇرنىڭ بۇ ھەقتىكى گەپلىرىگە تازا ئىشەنگۈم كەلمىدى. سىلى قۇناخۇن بىلەن ئۇزۇن يىللار بىرىش - كېلىش قىلىپ، يېقىن ئۆتۈپسىلەر، ياش ۋاقتىڭلاردىغۇ جاھان تار، ئىمكانىيەتمۇ، پۇرسەتمۇ بولماپتۇ، لېكىن كېيىنكى چاغلاردا ھەر ئىككىڭلار يەككە - يېگانە، ئالدى - كەينىڭلاردا توسقۇن بولىدىغان ھېچقانداق ئامىللار يوق تۇرۇپمۇ نېمە ئۈچۈن توي قىلىپ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇۋالمىدىڭلار؟ مەھەممەت ساۋۇرنىڭ دېيىشىچە، سىلى ئۇنىماپىلا، شۇنداقمۇ؟ بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە ئاتمىش ياش ھەتتا ساغلام بولسا يەتمىش ياشقىچىمۇ توي قىلسا بولىدىغان تۇرسا؟ — دېدى قادىر سوئالدىن سوئال چىقىرىپ.

— مەھەممەت ساۋۇر ھەممىنى سىلىگە دەپ بېرىپتىغۇ.

— مەن ئۇنىڭ دېگىنىگە قانائەت قىلمىدىم، ماڭا خۇددى يەنە باشقا سەۋەبلىرى باردەكلا بىلىنىۋاتىدۇ.

— بەك چېچەن بالا ئىكەنلا، راستتىنلا يەنە بەزى سەۋەبلەرمۇ بار ئىدى. مېنىڭ بۇ ۋاقىتتا توي قىلىشقا ئۇنىمىغانلىقىمنىڭ سەۋەبى: بىرى، بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە قۇناخۇن بۇرۇنقى قۇناخۇن ئەمەس، باشقىچە بىر ئادەم بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى مۇلايىملىقىدىن ئەسەر قالمىغانىدى. ئۇ ناھايىتى تېرىككەك بولۇپ كەتتى. ئۇ تۈرمىدە ئۇزۇن يىل ياتقاچقا، ئاچچىقلىنىپ يوقلاڭ ئىشلارغا چېچىلىدىغان، ئاندىن بىر قانچە كۈنگىچە خۇيلىنىپ قاپىقى ئېچىلمايدىغان بولۇۋالدى. يەنە بىرى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ قولى

بارغانسېرى قىسقىراپ، جان بېقىشى تەس بولۇپ قالدى. ماڭا ئاتام بىلەن قاسىم ئەپەندىدىن خېلى بىر نېمىلەر قېپقالغاندى. مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بارسام قېيىنىلىپ قالاتتىم. ئۇ نومۇس قىلىپ مېنىڭ ئۆيۈمگە كەلگىلى ئۇنىمىدى. چۈنكى بىزنىڭ بۇ يەردە بۇ ياشقا كەلگەن ئەرلەرنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئۆيىگە كۈيئوغۇلچىلاپ كىرىشىنى يامان ئالاتتى. كىم كىمنى ئالدى، دەپ مازاق قىلاتتى، شۇڭا بۇنىڭغا ئۇنىڭ غۇرۇرى يول قويمايتتى. مەنمۇ ئۇنى زورلىمىدىم، ئۇمۇ مېنى زورلىمىدى. پۈتۈشەلمىگەندىن كېيىن بۇرۇنقىدەك ئۆتەيلى دېيىشتۇق، — دېدى زۆھرەخان ۋە بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەنە قوشۇمچە قىلىپ، — بىز ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان شۇنچە توساقلار تۇرۇپمۇ، مىڭبىر مۇشەققەت-جاپالارنى چېكىپمۇ بىر-بىرىمىزنى ئىززەتلىشىپ، ھۆرمەتلىشىپ، رىشتىمىزنى ئۈزۈشمەي ئۆتۈشتۇق. لېكىن ئەمدى تېخى توي قىلماي تۇرۇپلا گەپ-سۆزلىرىمىز بىر يەردىن چىقماي قالدى. ئويلاپ باقسام، ئەگەر بىر ئۆيگە كىرسەك دائىم جاڭجاللىشىپ ئاخىر ئۈزۈلۈشۈپ كېتىدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى. شۇنداق بولىدىغان بولسا شۇنچە يىللار قەدىرلەشكەن سۆيگۈ-مېھرىمىز نابۇت بولۇپ كەتكۈدەك. ئاشىق-مەشۇقلار ئاخىرىدا ئۆچمەنلەرگە ئايلىنىپ قالساق بولمايتتى — دە ئەلۋەتتە. ئۇنداق بولىدىغان بولسا، بۇ تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئىش بولمامدۇ؟ ھەممىنى دېۋەتتىم — ھە! ھەي، يامان بالا ئىكەنلا شەيتاننىمۇ سۆزلىتىدىغان ئوخشايلا. قېرىغاندا توي قىلىپ ئاجرىشىپ يۈرۈش خەلقئالەم ئالدىدا سەتچىلىك ئەمەسمۇ؟ شۇڭا مەھەممەت ساۋۇر سىلىگە دەپ بەرگەندەك قۇناخۇننى كۆندۈرگەندىم. لېكىن مەن بىرەر قېتىممۇ قۇناخۇننىڭ مىجەزىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى ئۇنىڭغا تەگمەسلىكىمدىكى مۇھىم سەۋەب دەپ يۈزىگە سالمىدىم. تاكى ئۇ ئۆلۈپ كەتكۈچە شۇنداق بولدى. توي قىلماسلىقىمدىكى ھەقىقىي سەۋەب مانا مۇشۇ ئىدى، — دېدى

ئۇ ئەمدى پۇشايمان قىلغاندەك غەمكىن چىراي بىلەن.

— سىلى ناھايىتى دىتلىك، كۆيۈمچان ئايال بولغاندىكىن تۇي قىلىشقان بولسىلا، بەلكى ئۇنىڭ مىجەزى ئۆزگىرىپمۇ قالار ئىدى.

— مەن بۇنى ئويلىمىغان يەردە ئەمەس، لېكىن بۇنىڭغا كۆزۈم يەتمىدى. نېمە بولسا دەۋېرەي، قۇناخۇنىنىڭ مىجەزى بارغانسېرى يامانلاشتى. ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە يېڭى خۇي چىقىرىپ، يېقىنچىلىق قىلىشقاندا مۇلايىملىشىدىغان، ئىش تۈگىگەندىن كېيىن بىردىنلا ئۆزگىرىپ گۈركىرەيدىغان، ئۇزاقتا كۆرۈشسەك، ياش چاغلاردىكىدەك قاتتىق سېغىنغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان، پات-پات كۆرۈشسەك، غادىيىۋالىدىغان بولۇۋالدى. پەقەت ئۇ ئاغرىپ قالغاندىن كېيىن يەنە ياۋاشلىشىپ كەتتى. كېيىنكى كۈنلەردە ئىچىم ئاغرىپ تۇي قىلغان بولسام بۇ بىچارە بۇ ھالغا چۈشۈپمۇ قالماس ئىدى، دەپ پۇشايمان قىلىپ قالغان چاغلىرىممۇ بولدى.

— مۇنداق دېسىلە، مۇشۇنداق ئۇزۇن مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىشتا كۆپ ئەقىل ئىشلىتىپىلا. قۇناخۇنىمۇ مەھەممەت ساۋۇرغا، زۆھرەخان مەندىن ئەقىللىق، زېرەك، پىلانچى دەپ بېرىپتىكەن، — دېدى قادىر ئۇنى ماختاپ.

— بالام بىزنىڭ بۇ ئىشىمىز ماختىغىدەك ئىشقۇ ئەمەس، ئىلاجسىزلىقتىن كىرىپ قالغان يولىمىزدىن چىقالماي ماڭغانسېرى ئۇزىراپ كېتىپ، يا كەينىمىزگە يانالماي، يا بىر باشقا چىقالماي، ئاخىرىدا گۆرنىڭ ئاغزىغا بارغاندا ئاندىن توختىدۇق. بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇ ئىشلار سىلىنىڭ دەپتەرلىرىگە چۈشۈپ بىر تاغار گەپ بولۇپ كەتتى. بۇنداق بولارنى بىلگەن بولسام، ئۆز ۋاقتىدا قۇناخۇن بىلەن قېچىپ كەتكەن بولسامۇ بۇنچە كۆپ گەپ-سۆز بولماس ئىدى، بىر-ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن ھەممە گەپلەر تۈگەر ئىدى، دەپ قالىمەن.

— بىر باشقا ئىبلىپ چىقىشنىڭغۇ ئىبلىپ چىقىشپىلا، لېكىن چوڭ يولدا ئەمەس تار كوچىدا، كوندۇزى ئەمەس تۈن قاراڭغۇسىدا بولۇپتۇ، — دېدى چاقچاق قىلىپ.

— شۇنداق بولدى بالام، شۇنداق بولدى، — دېدى زۆھرەخان ئەمدى ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ.

— قۇناخۇن بىلەن ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشكەندە، ئۇ ئۆز كېيىلىدىن باشقا سىلىگە بىر نەرسە دېمىدىمۇ؟ سىلەر قانداق خوشلاشتىڭلار؟

— بالام ئۇ ئادەمنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھالىنى سىلى بىلمەيلا، ئۇنىڭ بىر نەرسە دېگۈدەك ماغدۇرى قالمىغانىدى. شۇنداقتىمۇ پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ دېمىنىڭ سىقىلىشىغا چىداپ تۇرۇپ، گەپنى ئۈزۈپ، ئۈزۈپ نەچچە قېتىم توختاپ، يەنە ئېسىگە كېلىپ مۇنۇلارنى دېگەنىدى:

— زۆھرەخان مەندىن رازى بولسىلا، — بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە بىز سىز دېيىشتىن ئۆزلىرى دېيىشىدىغان بولۇپ قالغانىدۇق، — سىلى بىلەن بىر ئۆمۈر سىرداشلاردىن بولغىنىمغا پەخىرلىنىمەن، لېكىن توي قىلىپ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولالمىغىنىمغا ئارماندا كېتىۋاتقان بولدۇم. شۇنداقتىمۇ سىلى مىڭبىر مۇشەققەتلەر ۋە خەتەرگە قارىماي، باشتىن ئاخىرغىچە بېشىمنى سىلاپ كەلدىلە. سىلىگە نۇرغۇن كۆڭۈل ئاغرىقى، خاپىچىلىق ۋە ئاۋارىچىلىكلەرنى تېپىپ بەردىم. بۇنىڭغا رازى بولسىلا، بىزنىڭ ئوتىمىز لاۋۇلداپ كۆيگەن چاغلاردىمۇ ئۇنى سىلى تۇتاشتۇرغان ئىدىلە، بەزىدە ۋىلىلداپ ئۆچەي دەپ قالغاندىمۇ كۆزلىرىگە تۇتۇن كىرىپ ئېچىشتۇرۇشتىن قاچماي پۈتۈن كۈچلىرى بىلەن پۈۋلەپ، يەنە ئۇلغايتىپ ياندۇرغان ئىدىلە، مانا ئەمدى بۇ ئوت پۈتۈنلەي ئۆچەي دەپ قالدى. ئاللانىڭ بىزگە بۇيرۇغىنى شۇ ئوخشايدۇ، ئىلاھىم، ئۇ دۇنياغا بارغاندا يەنە كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىلسا ئەجەب ئەمەس،

دېگەندى قۇناخۇن ماڭا ئېسىلىپ يىغلاپ تۇرۇپ، بالام، — دېدى زۆھرەخانمۇ كۆز يېشى قىلىپ. زۆھرەخان نەپەسىنى رۇسلىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۇنىڭ بېشىنى قۇچىقىمغا ئېلىپ، يۈزىنى يۈزۈمگە تەگكۈزگىنىمچە ئېڭەكلىرىگە، — چېكىسىگە سۆيۈپ تۇرۇپ مەنمۇ رازىلىق بەرگەنىدىم. ئۇ سەل ئارامىغا چۈشتى. لېكىن مەن كېتىدىغان چاغدا قولۇمغا ئېسىلىۋېلىپ خېلى يەرگىچە سۆرۈلۈپ مېڭىپ خۇنى كەتكەن كۆزلىرىنى ماڭا تىككىنىچە تەلمۈرۈپ تۇرۇپ قالدى. بۇ ۋاقىتتا مېنىڭ كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ يىغلامسىراۋاتقان كۆزلىرىمدىن تاراملاپ ياشلار ئېقىپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇنى سىلىپ يىغلاپ كېتىپتىمەن. ئۆز كۈچۈمگە زورلاپ ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ جايىدا ياتقۇزۇپ قويدۇم-دە، مىڭ تەسلىكتە ئىچكىرىكى ئۆيدىن ھويلىسىغا چىقىپ قايتا-قايتا كەينىمگە قارىدىم. كۆز ياشلىرىمنى ئېرتىپ ئۆزۈمنى ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن، بىرەرى كۆرسە نېمە بولدۇڭ دېمىسۇن، دەپ يۈزۈمنى ياغلىقىم بىلەن يېرىم يېپىپ كېتىپ قالدىم. ئۇ بىچارىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھالىتى زادىلا كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. بەزى كېچىلىرى ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالماي خىيالغا چۆكۈپ كېتىمەن. بەزى كېچىلىرى تۈن يېرىمىدا ئويغىنىپ كېتىپ ئورنۇمدا تاكى توخۇ چىللىغىچە ئولتۇرۇپ كېتىمەن. بەزىدە مەن بۇرۇن كەتكەن بولسام بۇ ئازابلارنى كۆرمەستىم دەپمۇ قالىمەن، — دېدى زۆھرەخان قادىرنىڭ سوئاللىرىغا ئوموملاشتۇرۇپ جاۋاب بېرىپ، — بۇ گەپلەرنى ئەمدى بولدى قىلايلى، مەن سىلىگە تاماق ئېتەي، — دەپ ئورنىدىن تۇرغىلى تەمشەلگەندە، قادىر يەنە ئۇنى توسۇپ:

— زۆھرەخان ئاچا يەنە ئىككى سوئالىم بار. ئاندىن سىلىدىن بۇ ھەقتە زادىلا گەپ سورىمايمەن، — دېدى ئۆتۈنۈپ.

— بولىدۇ ئەمىسە، سوراڭلا بالام، — دېدى زۆھرەخان قادىردىن بىراقلا قۇتۇلماقچى بولغاندەك مىدىرلىغان جايىدا شىپپىدە

ئولتۇرۇپ.

— قاسىم ئەپەندى بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن سىلىنىڭ تۇرمۇشلىرى ئىزىغا چۈشۈپ ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتۈپلا، راستمۇ؟

— راست، ئۇ ئادەم مەندىن ئون ياشتەك چوڭ ئىدى، ئۆزى بەك سىلىق-سىپايە ئادەم ئىدى. ئۇ خۇددى قۇناخۇندەك، بىزنىڭ ئون نەچچە يىللىق تۇرمۇشىمىزدا ماڭا بىرەر قېتىممۇ كۆڭلۈمگە ئازار بەرگىنى يوق، ئالىيىپ باققانمۇ ئەمەس. ئۇ مېنى بەك ئىززەتلەيتتى، قىزغىن كۆتەتتى. بەزىدە يېنىك ئاغرىقلارغا گىرىپتار بولۇپ قالسامۇ خۇددى پەرۋانىدەك ئەتراپىمدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇ بىلىملىك، ئىلمىي ئادەم ئىدى. لېكىن ئەمەلدار بولۇشنى خالىمايتتى. يەر ئىسلاھاتىدا ئۇ مېنى بارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇردى. مەيلى كۈندۈزى بولسۇن ياكى كەچلىرى بولسۇن، قاچان قاتنىشىمەن دېسەممۇ توسمايتتى. لېكىن مېنى شۇ ۋاقىتتىكى يېزىلىق ھۆكۈمەت مۇئاۋىن ئاياللار مۇدىرى قىلىپ سايلايمىز دېگەندە ئۇ تاكى ناھىيىگىچە بېرىپ، ئۇ ’’چالا ساۋات‘‘ بۇنداق ئەھۋالدا بۇ خىزمەتكە مۇناسىپ كەلمەيدۇ، ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ، دەپ رەت قىلغانىدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇ ئادەمگە بىر ئاز ئاچچىقىم كېلىپ:

— نېمىشقا بۇنداق قىلىلا؟ — دېسەم، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— زۆھرەخان سىلى بىلمەيلا، چوڭ بولۇپ كىچىك بولماق تەس، دۇنيادا جاھان تىنچ، ھۆكۈمەت ئادىل بولسا پۇقرا بولماقتىن ياخشى ئىش يوق. ئاياللار مۇدىرى بولدۇم دەپ ئۆزلىرىگە نۇرغۇن باش ئاغرىقى تېپىۋالىلا، بىزنىڭ يا بالىمىز بولمىسا، ئەمەل تۇتۇپ نېمە قىلىمىز. ھازىر جاھان تىنچ، ھۆكۈمەت ئادىل بولغاندىن كېيىن بىر-بىرىمىزنىڭ غېمىنى يەپ، ئۆزئارا ئاسرىشىپ، ھۆرمەتلىشىپ ياخشى پۇقرا بولۇپ ئۆتكەنگە يەتمەيدۇ. مېنىمۇ مەكتەپكە مۇدىر بول دېگەنىدى. ئۇنىمىدىم، مۇئەللىملىك قىلىپ بالىلارنىڭ دىلىغا ئىلىم سالسام ماڭا شۇ ئەلا، دېگەنىدىم، ئاخىر

يەنىلا مەكتەپكە ئىلمىي مۇدىر قىلىپ قويىدى. بۇمۇ مۇئەللىملىكتىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغۇ دېگەن ئوي بىلەن شۇنى قىلىۋاتىمەن ئەمەسمۇ، ــ دەپ مېنى قايىل قىلىپ توسۇپ قويغانىدى. كېيىن قارىسام ئۇ ئادەمنىڭ دېگىنى راست بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭدىن كېيىن گۇلباغلىق بىر چوكاننى مۇئاۋىن ئاياللار مۇدىرى قىلىپ قويغانىدى، ئاخىرىدا ئېرىمۇ رازى بولمىدى، تەشكىل بىلەن خەلقمۇ رازى بولمىدى. ئاخىر ئېرى بىلەن ئاجرىشىپ، مۇدىرلىقنىمۇ قىلىپ كېيىن دېھقان بولۇپ كەتتى. شۇلارنى ئويلىسام قاسىم ئەپەندى ھەقىقەتەن يىراقنى كۆرىدىغان بىلىملىك ئادەم ئىكەن دەپ كېتىمەن ئىچىمدە.

ــ ساۋاتلىرىنى شۇ ئادەم چىقىرىپ قويغانمۇ؟

ــ كەچ كۇرستىمۇ دېھقانلارغا شۇ ئادەم دەرس بەرگەنىدى. ئۆيگە كەلگەندە ئۇ ئادەم مېنى خۇددى ئۆزىنىڭ بىرىنچى سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىسىغا ئوخشاش ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ ئۆگىتىپ بىر يىلغا قالمايلا ساۋاتىمنى چىقارغانىدى.

ــ زۆھرەخان ئاچا، قاسىم ئەپەندى بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن قاسىم ئەپەندى قۇناخۇن بىلەن، سىلى شەرۋانخان بىلەن يېقىن دوستلاردىن، ئاچا ـ سىڭىللاردىن بولۇپ كېتىپتىكەنسىلەر، راستمۇ؟

ــ ۋاي بالام سىلى بەك گۇمانخور ئىكەنلا جومۇ، سوئاللىرىدىن مەقسەتلىرىنى ئۇقتۇم، ــ دېدى زۆھرەخان سەل ئاچچىقى كېلىپ، ــ سىلى مېنى مۇشۇ مەزگىلدىمۇ قۇناخۇن بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزمىگەن دېمەكچىغۇ؟ ئۇنداق ئىش يوق، چۈنكى بۇ ۋاقىتدا مەن قاسىم ئەپەندىنى قۇناخۇندىن چوڭ كۆرسەم كۆردۈمكى، ھەرگىز ئۇنىڭغا خىيانەت قىلىش نىيىتىدە بولمىغان. شۇڭا مەن قۇناخۇننى توستۇم. قۇناخۇن مەندىن مەيلىنى ئۈزەلمەي جامالگىزنى بولسىمۇ كۆرۈپ تۇرسام، دەپ قاسىم ئەپەندى بىلەن دوستلىشىپ باردى.

كەلـدى قىلىشـىپ يـۈردۈق. بۇنىڭـدىن ھەرگـىز گـۇمان قىلغـۇچى بولمىسىلا، ئەگەر ئىشەنمەي زۆھرەخان ئاچىلىرىنى ئىسمى-جىسمىغا لايىـق بـۇزۇق ئايالغـا چىقىرىۋەتىسـىلىمۇ مـەيلى دەيمـەن، — دېـدى ئاخىرىدا تېرىكىپ تۇرۇپ.

— قاسىم ئەپەندى تەكتى نەلىك ئادەم ئىدى؟ — دېدى قادىر پەدە يۆتكەپ.

— ئەسـلى كـۇچالىق بولـۇپ، ئاشـۇ ئەنسىز يىلـلاردا نۇرغـۇن يـۇرتلارنى كېـزىپ، شـۇ چاغـدىكى كونـا ھۆكۈمـەتنىڭ ئىشـلىرى كۆڭلىگە ياقماي، ئىشلەي دېسە كۆڭلى ئۇنىماي، ئىش تەۋرىتەي دېسە، ئۇنداق ئىمكانىيەتكە ئېرىشەلمەي قاڭقىپ يۈرۈپ بىز تەرەپكە كېلىپ قاپتىكەن. شـۇ ۋاقىتتا توغراقلىقتا ئـۇنىڭ ئۆرۈمچىدە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشى كامىل ئەپەندى دېگەن كىشى بار ئىكەن. ئـۇ بىـر قانچە ئـاي كامـىل ئەپـەندىنىڭ ئۆيىـدە تـۇرۇپ، كېيىن ئـۇنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن مەكتەپتە مۇئـەللىملىك قىلىپتۇ. بىزنىـڭ تـوي ئىشىمىزغىمۇ كامىل ئەپەندى يول ماڭغانىدى. كامىل ئەپـەندى ئاتـام بىلــەن تونــۇش بولغــانلىقى ئۈچــۈن ئىككىمىزنىــڭ ئىشــىنى مەسلىھەتلىشىپــتۇ، ئاتــام خېلــى ئويلانغانــدىن كېــيىن قاســىم ئەپەندىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ ئاندىن ماقۇل بولۇپتۇ. لېكىن، ”مەن بـۇ قېتىم قىزىمنىـڭ مەيلىگـە قارايمـەن، سـىلى ئـۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى كۆرۈشتۈرسىلە“ دەپ رۇخسەت قىلغانـدىن كېيىن، كامىـل ئەپـەندى ئۆز ئۆيىدە بىرىنچى قېتىم قاسىم ئەپەندى بىلەن مېنى كۆرۈشتۈردى. ماڭـا ئـۇ ئادەمنىـڭ چىـراي - شـەكلى، مىجـەز - خـۇلقى ياققـان بولسىمۇ، لېكىن يېشىنى سەل چوڭراق كۆردۈم. ئاتـام بىلـەن ئاپامغا دېسەم، ئۇلار:” سەككىز، ئون ياش چوڭ بولسا نېمـە بوپـتۇ، ئـادەم ياخشى بولسىلا بولدى. ئەر كىشـى چـوڭراق بولسـا تېخـى كۆيۈمچـان بولىدۇ. مەنمۇ ئاپاڭدىن خېلىلا چوڭ، ئۆمرۈمدە ئـۇنىڭغا چوڭچىلىق قىلىپ ئالايسام ئالايغانـدىمەن، لېكىن ئەرچىلىك قىلىپ تـاك ئېتىپ

ئۆرۈپ باقمىدىم. ئەلۋەتتە، ئاپاڭمۇ مېنى بەك ھۆرمەت قىلىدۇ، گېپىمدىن چىقمايدۇ، شۇڭا ئىككىمىزنىڭ دېگىنى دائىم بىر يەردىن چىقىپ شۇنداق سىلىق-سىپايە ئۆتتۇق بالام، قورقماي توي قىل›› دېگەندىن كېيىن بىز توي قىلغانىدۇق. قاسىم ئەپەندىنىڭ بۇ ۋاقىتتا قولىدا توي قىلغۇدەك پۇلى يوق ئىدى. ئاتامغا بۇ ئادەم ياراپ كەتكەندىن كېيىن ھەممىنى ئۆزى تەييارلاپ تويىمىزنى قىلىپ قويغانىدى. توي بولۇشقا يېقىن قالغاندا ئاتام قاسىم ئەپەندى بىزنىڭ ئۆيگە ئىچ كۈيئوغۇل بولۇپ كىرسە قانداق، دېگەنمۇ بولدى. لېكىن قاسىم ئەپەندى:‹‹ مېنىڭ يېشىممۇ خېلى چوڭ ئادەم، بۇنداق بولغاندا قېيناتامنىڭ ئالدىدا بېشەپ بولماسمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ھازىر توغراقلىقتا مۇئەللىملىك قىلىۋاتىمەن. قېيناتام، قېينانام خاتىرجەم بولسۇن، مەن زۆھرەخاننى چوقۇم ئۇلار رازى بولغۇدەك ھۆرمەت-ئىززىتىنى قىلىمەن، بەختلىك ئۆي تۇتىمەن›› دېگەندىن كېيىن ئاتاممۇ ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى، بىچارە رەھمەتلىك ئاتام قاسىم ئەپەندى بىلەن ئىككىمىز تاكى تۇرمۇشىمىزدا ئۆزىمىزنى ئوڭشىۋالغۇچە مەندىن قالسىمۇ شۇ قىزىمغا قالىدۇ، دېگەندەك قىلىپ بارى-يوقىنى بىزدىن ئايىماي يۆلەپ تۇرغانىدى.

— ئاخىرقى سوئالىم، — دېدى قادىر سائىتىگە قاراپ ئۆزىمۇ ئالدىرىغاندەك قىلىپ.

— يائاللا بالام، ئاخىرقى سوئالىم دېگەندىن كېيىنمۇ بۇنداق سوئاللاردىن نەچچىسى چىقىپ كەتتى، — دېدى زۆھرەخان كۈلۈپ تۇرۇپ.

— راستىنلا ئاخىرقىسى، — ئىبراھىم ئاكام قاچان تۇگەپ كەتتى؟

— مەن قاسىم ئەپەندى بىلەن 1947-يىلى توي قىلدىم. مەن توي قىلىپ ئالتە يىلدىن كېيىن ئاتام تۇگەپ كەتتى. 1953-يىلى بولسا كېرەك، بۇ تازا يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يىللار ئىدى. ئاتامنى جامائەت يەتمىش ياشتا چىقتى دېيىشكەنىدى. ئاتام تۇگەپ كېتىپ تۆت يىلدىن كېيىن ئاپام

ئالەمدىن ئۆتتى.

— مەھەممەت ساۋۇر ئاتىلىرى بىلەن ئاپىلىرىنى ناھايىتى ئوبدان ئادەملەر ئىدى. بولۇپمۇ ئىبراھىم ئاخۇن ئاكام مەرد، كەڭ قورساق، ئادىمگەرچىلىكى چىلىڭ، دېگەن گېپىدە تۇرىدىغان ئادەم ئىدى، دەپ ناھايىتى چوڭ بىلىدىكەن، — دېدى قادىر.

— ئاتام ئەر كىشى بولغىنى بىلەن ئايالالارنى پەس كۆرىدىغان ئادەم ئەمەس ئىدى، مېنى ئاپامدىنمۇ بەك ئىززەتلەيتتى. مەن بىرىنچى، ئىككىنچى نىكاھىمدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا يۈرەك - باغرى سىيرىلىپ كېتىپ، ئوچۇق دېمىسىمۇ بىر قانچە قېتىم دارىتملاپ تۇرۇپ دەسلىۋېدىلا قۇناخۇنغا بەرمىگەنگە بىر ئاز پۇشايمان قىلغانىدى. كېيىن قاسىم ئەپەندى بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن بۇ گېپىنى ئۇنتۇپ كەتتى.

قادىر زۆھرەخان بىلەن بولغان سۆھبىتىنى توگىتىپ سائىتىگە قارىسا ۋاقىت چۈشتىن كېيىنكى بىر يېرىم بولۇپ قاپتۇ، شۇڭا ئۇ زۆھرەخانغا رەھمەت ئېيتىپ، چۈشتىن كېيىن بىر مەجلىسىم بار ئىدى، مەن قوپاي، دەپ ئورنىدىن تۇرۇشىغا، زۆھرەخان داستىخانىنىڭ بىر چېتىگە تىزلانغىنىچە قادىرنىڭ پېشىنى تارتىپ ئولتۇرۇشقا زورلاپ تۇرۇپ دېدى:

— بالام سىلى بەك ئادەم گوللايدىكەنلا، ھېلى تېخى مېنى خېمىرلىرى بولمىدى، مەن خوشاڭلىرىنى يەپ كېتىمەن دەپ گەپكە سېلىپ، ئەمدى نېمە قىلغانلىرى بۇ؟ مەن سىلىنى قويۇۋەتمەيمەن، مېنىڭ ھەممە سىرلىرىمنى بىلىۋېلىپ، مەن ئەتكەن خوشاڭنى يېمىسىلە، سىلىنىڭ ياخشى نىيەتلىرىدىن گۇمانلىنىمەن، خوشاڭ پىشقۇچە باغقا كىرىپ ئۈجمە يەپ تۇرسىلا، ھازىر تازا مەي باغلىدى، — دەپ قادىرنى ئىتتىرگەندەكلا باغقا كىرگۈزۈۋەتتى — دە، خوشاڭ سېلىشقا تۇتۇش قىلىپ كەتتى.

## 14

1980 ـ يىلى قېيۇم سابىر خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆز ۋاقتىدا سوتسىيالىستىك تەلىم ـ تەربىيە ھەرىكىتى ئېلىپ بارغاندا تۇرغان ناھىيىگە بېرىپ قالدى. ئۇ ناھىيىدىكى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ مۇئاۋىن ھاكىمغا:

گۈلباغقا بىر بېرىپ كەلسەك، مەن سوتسىيالىستىك تەلىم ـ تەربىيە ھەرىكىتىدە شۇ يەردە تۇرغانىدىم، — دېگەن تەلەپنى قويغاندا، ھاكىم ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولۇپ:

— ئۇ مېنىڭ يېزام، مەنمۇ گۈلباغلىق، سىلىنى ئېلىپ باراي، سىلى بۇرۇن قايسى كەنتتە تۇرغان، — دېدى ھەيران بولغان ھالدا.

— مەن گۈلباغنىڭ ئۆزىدە تۇرغان، سىزمۇ گۈلباغلىق؟ — ئۇمۇ ھەيران قېلىپ ياندۇرۇپ سورىدى مۇئاۋىن ھاكىمدىن.

— ھەئە، مەنمۇ گۈلباغدىن، ئۆز ۋاقتىدا گۈلباغدا قادىر زوجاڭ دېگەن، ئوتتۇز ياشلاردىكى بىر كىشى تۇرغان، ئەجەب سىلىنى كۆرمەپتىكەنمىز؟

— قادىر دېگەن كىشى مەن بولىمەن، — دېدى قېيۇم سابىر ئۇنىڭغا قاراپ ئۆزىمۇ شۇ ۋاقىتتىكى ياشلارنى قانچە ئەسلىسىمۇ بۇ مۇئاۋىن ھاكىمنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەي.

— سىز شۇ ۋاقىتتا نېمە قىلاتتىڭىز؟

— مەن ئۇ چاغدا تېخى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتىم.

— ئۇنداق بولسا بىلمەيسىز.

— ئەمىسە ھازىرقى ئاتلىرى ئوخشىمايدىغۇ، ئۆزلىرىمۇ جىق ئۆزگىرىپ كەتكەندەك قىلىلا؟

— هازىرقى ئېتىم ئاتام قويغان راست ئات، ئۇ ۋاقىتتىكىسى «تاۋيوەن تەجرىبىسى» بويىچە سوتسىيالىستىك تەلىم ـ تەربىيىگە قاتناشقان چوڭ ـ كىچىك كادىرلارغا ئوخشاش يالغاندىن قويۇۋالغان ئېتىم ئىدى. شۇڭا بۇ ئىككى ئىسمىنى بىر يەرگە ئەپكىلەلمەيۋاتىسىز.

— تاۋيوەن تەجرىبىسى دېگەن نىمە ئۇ؟

— هەي بىر ئىشنى تەپسىلىي سۆزلەيمىز دېسەك گەپ ئۇزىراپ كېتىدۇ. قىسقىسى، يۇقىرىدىكى چوڭ كادىرلار شۇ چاغدا تۆۋەنگە چۈشكەندە خەقلەر ئۇنىڭ چوڭ كادىرلىقىنى بىلىپ قالسا سۈر بېسىپ دەيدىغان گېپىنى قىلالماي قالىدۇ، بىخەتەرلىككىمۇ كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ، دەپ چوڭ ـ كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سىرلىقلاشتۇرۇپ، ئىسىم ـ فامىلىسىنى ئۆزگەرتىدىغان، دېھقان بار يەردە ياخشى يېمەكلىكلەرنى يېمەي، دېھقانلار يەيدىغان نەرسىلەرنى يەيدىغان، پۇلغا بازاردىن بىر نەرسە ئېلىپ يېگىلى بولمايدىغان (موخوركا، ئۆرۈك گۈلىسى، جىگدە، ئېلىپ يېگىلى بولىدىغان، لېكىن پوپۇرۇس تاماكا، كەمپوت قاتارلىقلارنى ئالسا بولمايدىغان، سامسا قاتارلىقلارنى ئالسا خاتالىشىدىغان)، ئۇچىسىغا يېڭى كىيىملەرنى كىيىپ كەلسە بولمايدىغان، يامىقى بار كونا كىيىملەرنى كىيىپ يۈرىدىغان، دېھقانلار بار يېزىغا يېقىن قالغاندا ماشىنىنى قايتۇرۇۋېتىپ، يېزا ـ كەنتكە پىيادە كىرىدىغان بىر ئىش چىققان. شۇنى دوراپ ھەممە كادىرلارنى ئىسمىڭلارنى ئۆزگەرتىڭلار، دېگەندە بىز ئادەتتىكى كادىرلار، ئۆزگەرتسەك، ئۆزگەرتمىسەكمۇ بىزنى كىم تونۇيتتى، دېسەكمۇ ئۇنىماي ئېتىمىزنى ئۆزگەرتكۈزگەن، بۇنى «تاۋيوەن تەجرىبىسى» دەيتتى، — دېدى قېيۇم سابىر شۇ ۋاقىتتىكى سولچىللىق، شەكىلۋازلىقنىڭ ئېپادىلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ.

— ئاجايىپ يىللار ئىكەن ـ ھە؟ — دېدى مۇئاۋىن ھاكىم

ھالىڭ ـ تالىڭ بولۇپ.

— ئۇ يىللار ماڭغانسېرى ئالغا باسالماي كەينىگە كېتىپ، قىرمۇ ئاشالمايدىغان يىللار ئىدى.

— توغرا، توغرا، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. كېيىنكى كۈنلەردە بىرنىڭ مەھەللىدىكىلەر ھېلىقى قادىر زۇجاڭ دېگەن ئادەمنىڭ ئېتى قادىر ئەمەسكەن، ئۇ ئۇرۇمچىدىكى بىر مۇھىم ئىدارىدە باشلىق بولۇپ ئىشلەيدىكەن، دېگەن گەپنى ئاڭلىغانىدىم، راستكەن ــ دە.

قېيۇم سابىر ماشىنىدا كېتىۋېتىپ مۇئاۋىن ھاكىمنى گۇلباغدىكى ياشانغان ئادەملەرنىڭ ئىسمىنى، كىمنىڭ بار، كىمنىڭ يوقلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ كېلىپ مەھەممەت ساۋۇر دېگەن ماخوچىنى تونۇيدىغان ـ تونۇمايدىغانلىقىنى سورىدى. مۇئاۋىن ھاكىم:

— ئۇ ئادەمنى تونۇمامدىغان، ئۇ ئادەم ھازىرمۇ بار، خېلىلا قېرىپ قالدى. ھازىر ماخوغا ئوغلى جۇماخۇن قارايدۇ، — دېدى ئۆزلۈكىدىن تونۇشتۇرۇپ.

— جۇماخۇننىڭ تۇرسۇنخان دېگەن ئايالى بار ئىدى. ھازىرمۇ بارمۇ؟ — يەنە سورىدى قېيۇم سابىر، ئۇلارنىڭ كۆلكىلىك ئىشلىرىنى ئەسكە ئېلىپ. مۇئاۋىن ھاكىم:

— شۇ ئايالى ھازىرمۇ بار، سىلى بۇ يەردىكى خېلى كۆپ ئادەملەرنى تونۇيدىكەنلا ئەمەسمۇ؟ شۇنچە يىللار ئۆتۈپمۇ ئۇنتۇپ قالماپلا ـ ھە؟ — دېدى ھەيران قېلىپ. قېيۇم سابىر بۇ ئايالنىڭ جۇماخۇنغا يېڭى تەگكەندە كۈنلەپ، قىلىپ يۈرگەن ئەخمىقانە ئىشلىرىنى قىسقىچە ھېكايە قىلىپ بەردى. مۇئاۋىن ھاكىم ئىشنىڭ تەكتىنى چۈشەنگەندەك قىلىپ دېدى:

— بۇ گەپلەر شۇ ۋاقىتتا سىلىدىن تاراپ كەتكەنىكەن — دە...؟ تۇرسۇنخان كىشلەرگە:" ھېلىقى قادىر دېگەن كادىر نەدىن ئۇقۇپ قاپتىكى، ئۇ ئىشلارنى قېيىناتامغا دەپ قويۇپ، كېيىن مەھەللىمىزگە يېيىلىپ كەتتى، خەقلەر مېنى مازاق قىلىپ،

تۇرسۇنخان جۇماخۇن بىلەن تۈگمەنگە بىرگە بارماپسىزغۇ؟ جۇماخۇن تاغقا ئوتۇنغا بارىدىكەن، سىزمۇ بارامسىز؟ دېگەن گەپلەرنى قىلىپ ئاغزىمنى ئاچۇرمايدىغان بولدى›› دەپ قاقشاپ يۈرگەنىكەن، سىلى قانداق بىلىپ قالغان.

— تۇرسۇنخان تولا كۆڭلەمچىلىك قىلىپ ئۈرۈشۈۋەرگەنلىكتىن، جۇماخۇن بولالماي بىرنىڭ يېنىمىزغا ئەرز قىلغىلى كىرگەندە، بۇ ئىشلارنى پاكىت قىلىپ سۆزلەپ بەرگەنىدى. بىر كۈنى گەپتىن گەپ چىقىپ قېلىپ مەن بۇ ئىشنى مەھەممەت ساۋۇرغا دېگەنىدىم. بۇ گەپ تاراپ كېتىپ قاپتۇ- ھە، ئاپلا، — دەپ قالدى قېيۇم سابىر.

ئۇلار تەڭلا كۈلۈشتى، شوپۇرمۇ كۈلۈپ كەتتى.

— ئۇلارنىڭ ھازىر ئۈچ بالىسى بار، جۇماخۇن ئاتىسىدەك جاغدا ئادەم ئوخشايدۇ. ھېچ نەرسە بولمىدى. لېكىن تۇرسۇنخان يېشىغا باقماي قېرىپلا كەتتى. نېمە ئىشكىن دېسەك، جۇماخۇنغا ‹‹مۇداپىئە›› قۇرىمەن دەپ خىيال بىلەن قېرىپتىكەن- دە؟ — دېدى مۇئاۋىن ھاكىم چاقچاق قىلىپ.

— ھاكىم ئۇ ۋاقىتتا سىز تېخى كىچىك، بىر نەرسىنى تازا ئاڭقىرىپ كەتمەيتتىڭلار، بايا سىزگە قىسقىچە دېگىنىمدەك، ئۇ ئاجايىپ زامانلار ئىدى. ھەممە يەرلەر ‹‹سولچىللىق›› بىلەن تولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئاجايىپ- غارايىپ ئىشلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى چىقىپ تۇراتتى. ئادەملەر بىر- بىرسىگە ئىشەنمەيتتى. ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا قىلغۇسى كەلمىگەن گەپلەرنى، قىلغۇسى كەلمىگەن ئىشلارنى مەجبۇرىي قىلاتتى. شەكىلۋازلىق ھەممە يەرنى قاپلىغانىدى. بىر قېتىم مەن يىگىرمە پۇڭلۇق كەمپۈت ئېلىپ يەپ قويۇپ، ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم ئېلىپ بارىدىغان ‹‹ئوكچىللىق›› قا قارشى تۇرۇش ئۆگىنىشىدە ئۆزۈمنى تەكشۈرگەنىدىم، دېھقانىنىڭ ئۆيىدە بىر نەرسە يەپ قويۇش دېگەن چوڭ كەمچىلىك ھېسابلىناتتى،

مەيدان مەسلىسىگە بىرىپ تاقىلاتتى. لېكىن بىز شۇنداقتىمۇ بۇ يەردە ئالتە ئاي تۇرۇپ دېھقانلار بىلەن ئۇرۇق-تۇغقانلاردەك بولۇپ كەتكەن، شۇڭا بۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ ئىسىم-فامىلىسى، بالا-چاقىلىرى، پۈتۈن ئائىلە ئەھۋالىنى پىششىق بىلىپ كەتكەنىدۇق، — دېدى قېيۇم سابىر مۇئاۋىن ھاكىمغا شۇ ۋاقىتتىكى ئومۇمىي ۋەزىيەتنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ.

ئۇلار مۇشۇنداق پاراڭلار بىلەن بىر سائەتتىن ئارتۇق يول مېڭىپ گۇلباغقا كېلىپ قالدى.

چۈشلۈك تاماققا خېلى ۋاقىت بار ئىكەن، قېيۇم سابىرنىڭ بۇ يەردە بېجىرىدىغان ئىشى بولمىسىمۇ، شۇ يەرنىڭ يۇقىرىدىن كەلگەن رەھبىرىي كادىرلارغا خىزمەت دوكلاتى قىلىدىغان ئادىتى بويىچە يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكىلەرنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ ”يولىيورۇق“ بەرسىلە، دېگەنلىرىگە قارىتا خىزمەتلىرىڭلار”ياخشى“ كېتىۋېتىپتۇ، دەپلا گەپنى تۈگەتتى.

تاماقتىن كېيىن قېيۇم سابىر، مۇئاۋىن ھاكىم، يېزا باشلىقى، يېزىلىق پارتكوم سېكرېتارى بىلەن بىللە بۇرۇن ئۆزى تۇرغان كەنت گۇلباغقا باردى، بۇ ئارىلىقتا بۇ يەردىكىلەر ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ بولغانىكەن، ياشانغانلار، ئوتتۇرا ياش، ياش ۋە بىر قىسىم ئاياللارمۇ كەنت ئىشخانىسىغا كەينى-كەينىدىن كېلىشكە باشلىدى. ئىشىك ئالدىدا كىشىلەر توپلىشىپ كەتتى. قېيۇم سابىر ياشانغانلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپلا تونۇۋالدى. ئىسىملىرى بىلەن ئاتاپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. بىرىنچى بولۇپ مەھەممەت ساۋۇر ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قول ئېلىشىپ بولغاندىن كېيىن قېيۇم سابىر دەرھال ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ كەتتى. ھەممە ئادەم بۇ ئىشتىن تەسىرلىنىپ كۆز ياشلىرىنى يەڭلىرى بىلەن ئېرتىشتى. مەھەممەت ساۋۇر بولسا رەسمىي يىغلىغانىدى، چۈنكى قېيۇم سابىر بىلەن بۇنداق ئەھۋالدا كۆرۈشۈپ قىلىشنى ئۇ خىيالىغا كەلتۈرۈپ

باقمىغانىدى. شۇڭا ئۇ قېيۇم سابىردىن ئاجراپ ئىككى مەڭزىگە ئېقىپ چۈشكەن خۇشاللىق ياشلىرىنى سۈرتۈپ تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىدى.

قېيۇم سابىرنىڭ بۇ يەردىكىلەر بىلەن بولغان بۇنداق تونۇشلۇقى ۋە دوستانىلىقىدىن ھەيران قېلىشقان مۇئاۋىن ھاكىم، يېزا باشلىقى، پارتكوم سېكرېتارلىرىمۇ بىر ـ بىرىگە قارىشىپ بىر نېمىلەرنى دېيىشتى. قېيۇم سابىر ھەممىگە كۆز سېلىپ چىققاندىن كېيىن بىر ـ ئىككى كىشىنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ دەماللىققا ئۇلارنىڭ كىملىكىنى ئەسكە ئالالمىدى، ئۇ ئادەتتىكى پاراڭغا چۈشۈپ بىردىنلا قاۋۇل قاسىمنى ئېسىگە ئېلىپ ئۇلاردىن سورىدى.

ـــ ئۇ رەھمەتلىك ئالەمدىن ئۆتتى، ـــ دەپ جاۋاب بەردى مەھەممەت ساۋۇر.

ـــ ئۇ تېخى ياش ئىدىغۇ؟ ـ ھەيران قېلىپ سورىدى قېيۇم سابىر.

ـــ كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى.

ـــ ئۇنى ئۇنتۇپ قالماپلا ـ ھە؟ ئۇنىڭ گېپى توغراق بولغان بىلەن كۆڭلى تۈز، گېپى ئوچۇق ئادەم ئىدى، شۇڭا ئەسلىرىدە مەھكەم ئورۇنلىشىپ قاپتىكەن ـ دە، ـــ دېدى مەھەممەت ساۋۇر يەنە.

ـــ بۇلارلا ئەمەس، مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان يەنە بىر ئىشمۇ بار. بىز بۇ يەردىكى خىزمىتىمىزنى ئاياغلاشتۇرۇپ شەھەرگە خىزمەت كۆرۈپىسى بولۇپ چۈشكەن ۋاقتىمىز ئىدى، بىر قېتىم ئۇ شەھەرگە كىرگەندە يېرىم كۈن ئىزدەپ تەسلىكتە مېنى تېپىپتۇ، سىلىنى يوقلاي دەپ كەلگەنىدىم. سىلى بىزنىڭ ئۇ يەرگە تازا قارا قىشتا بېرىپ، ئالتە ئاي تۇرۇپ ئۆرۈك، توغاچ پىشاي دېگەندە ھېچ نەرسىگە ئېغىز تەگمەي كېتىپ قالدىلا، كۆڭلىمىز ئۇنىماي بىر

سېۋەت توغاچ، شاپتۇل ئالغاچ يوقلاپ كەلگەنىدىم ـــ دېدى. مەن:
ـــ بولمايدۇ، ھازىر بۇ يەردىمۇ يەنىلا شۇ ئىنتىزام، شۇ تۈزۈم بار دېسەم، ئەمىسە ئەللىك پۈڭ بېرىپ ”سېتىۋالسىلا“ دەپ تۇرۇۋالدى. مەن ئاران دېگەندە ئۇنى قايىل قىلىپ شۇ ۋاقىتتىكى بازار نەرقىدىن ئەرزانراق بولسىمۇ ئىككى يۈەن بەردىم. ئۇ كېتىدىغان چاغدا ماڭا تۇيدۇرماي ئەللىك پۈڭنى ئېلىپ قېلىپ، بىر يېرىم يۈەننى ياستۇقۇمنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويۇپتۇ، ئاخشىمى ئۇخلايدىغان چاغدا بۇ ئىشنى ئۇقتۇم ـ دە، ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكلىكىدىن قاتتىق سۆيۈندىم، كۆڭلۈمدە بولسا دېھقان خەق دېگەن يالغۇز ئەمگەكچان، جاپاكەش بولۇپلا قالماي، يەنە پاك ـ ۋىجدانلىق، كۆيۈمچان، رەھىمدىل كېلىدىكەن، دەپ قالغانىدىم، ئۇ رەھمەتلىك ئەمگەكچان، خۇشخۇي ياخشى ئادەم ئىدى. ئەلھۆكمىلىللا، ـــ دېدى قېيۇم سابىر ئۇنىڭ ۋاپات بولغىنىغا كۆڭلى يېرىم بولۇپ.
قېيۇم سابىر دېھقانلار بىلەن پاراڭغا چۈشكىلى تۇرۇۋېدى، كەنت باشلىقى كادىرلارنى كەنت ئىشخانىسىغا تەكلىپ قىلىپ، دېھقانلارنى ئەمدى تاراڭلار، دېدى، دېھقانلار تاراشقا باشلىغىلى تۇرغاندا، قېيۇم سابىر مەھەممەت ساۋۇر بىلەن بىرگە ئۈچ دېھقاننى ئېلىپ قېلىپ كادىرلار بىلەن بىرگە ئىشخانىغا باشلىدى، كەنت باشلىقى بۇنداق قىلىشنى ئانچە ياقتۇرمىسىمۇ، بىر نەرسە دېيەلمىدى، قېيۇم سابىر كەنت باشلىقىنىڭ بۇ خىيالىنى سەزگەندەك قىلىپ:
ـــ بىز بىلەن ئايرىم سۆزلىشىدىغان ئىشلار بولسا ئۇنىمۇ ئاڭلايمىز، شۇ ۋاقىتتا ئۇلار كەتسە بولىدۇ، ـــ دەپ قويدى.
ئۇلار كېلىشتىن بۇرۇن تەييارلاپ قويۇلغان مېۋىلەرنى يېگەچ پاراڭغا چۈشكىلى تۇرغاندا قېيۇم سابىر ھاجەتكە چىققان بولۇپ، مەھەممەت ساۋۇرنىڭ سىرتقا چىقىشنى ئىشارەت قىلدى. لېكىن

قبيۇم سابىرنىڭ قوزغىلىشىغا مۇئاۋىن ھاكىم بىلەن كەنت ياچېيكا سېكرېتارى تەڭلا قوزغىلىپ مەھەممەت ساۋۇرغا ئەگىشىپ چىقىشقا تەمشىلىۋىدى، قبيۇم سابىر:

— سىلەر چىقمىساڭلارمۇ بولىدۇ، مېنىڭ مەھەممەت ساۋۇر بىلەن ئايرىم سۆزلىشىدىغان بىر-ئىككى ئېغىز گېپىم بار ئىدى، — دەپ ئىزاھلىغاندىن كېيىن، ئۇلار يەنە ئورنىدا ئولتۇرۇشتى.

قبيۇم سابىر بوگۇنلا يەنە ناھىيىگە قايتىدىغانلىقى ئۈچۈن، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەھەممەت ساۋۇر بىلەن پاراڭ قىلىشىۋالمىسا، باشقا پۇرسەت تاپالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، شۇنداق قىلغانىدى.

15

ئۇ سىرتقا چىقىپ مەھەممەت ساۋۇرنى ئىشخانا ھويلىسىنىڭ ئېتىزلىققا تۇتىشىدىغان تېمى تەرەپكە ئېلىپ كېلىپ، ئۇدۇللا:

— زۆھرەخان ئاچام بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ رەھمەتلىك بۇلتۇر توگەپ كەتتى، — دېدى مەھەممەت ساۋۇر.

— كېسەل بىلەنمۇ؟

— شۇنداق، ئۇ مەزلۇم يېتىپ-قوپۇپ يۈرگىلى ئىككى يىلدەك بولغانىدى، بۇلتۇر ئەتىيازدا توگەپ كەتتى.

— نەچچە ياشتا چىقىپتۇ؟

— يەتمىش بەش ياش دېگەن ئوخشايدۇ.

— سىلى نامىزىغا بارغانلا؟

— بارمامدىغان، كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغاندا ئىككى قېتىم بېرىپ يوقلاپ كەلگەنىدىم.

— سىلىگە بىر نەرسە دېمىدىمۇ؟

— كېيىنكى قېتىم بارغاندا يېنىمىزدا ھېچكىم يوق ئىدى، بىز ئۈنىڭدىن، بۇنىڭدىن پاراڭلاشقاندىن كېيىن، زۆھرەخان:" مەھەممەت ساۋۇر، مەن ئەمدى ئۆرە بولالمايدىغان ئوخشايمەن، مېنىڭ تارتىشىدىغان ھېچكىمىم يوق، بىرەر غېمىممۇ يوق، لېكىن بىر ئىشنى ئويلىسام سەل خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن، ئويلاپ كۆرسەم سىلى ماڭا چوڭ چاتاقتىن بىرنى تىرىپ بېرىپلا، ئاڭلىسام ھېلىقى قادىر دېگەن كادىرىمىزنىڭ ئەسلىي ئىسمى قادىر ئەمەس ئىمىش، ئۇ بىزنىڭ ھاكىملىدىنمۇ چوڭراق كادىر دەيدۇ، بىزنىڭ بۇ يەرگە كەلگەندە چوڭ كادىر دېسە، دېھقانلار قورقۇپ، سۆز بېسىپ، پىكرى بولسىمۇ بېرەلمەيدۇ دەپ شۇنداق كونا چاپاننىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ، كىچىك ئادەم كۆرۈنۈپ يۈرگەنىكەن. ئۇ قۇناخۇن بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئىشلىرىنى ئۇجۇر- بۇجۇرىغىچە بىلىۋېلىپ، يېزىپ كەتكەنىدى. بۇرۇنمىغۇ ئانچە قىلىپ كەتمىگەنىدىم، بۇ قېتىم كېسەل بولۇپ قالغاندىن كېيىن، شۇ ۋاقىتتا بۇ ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگەنگە بەك پۇشايمان قىلدىم. بۇ ئىشلار قاچانلا بولمىسۇن سىرتقا يېيىلماي قالمايدۇ، ئۇ چاغدا بۇ دۇنيادىكى خەق نېمىدەپ قالار، ئۇ دۇنياغا بارغاندا نېمىدەپ جاۋاب بېرەرمەن، دېگەن غەمدە قالدىم. بىر تۇرۇپ ئۇ بالا بىزنى، ئىستىلى بۇزۇقلاردىن ئىكەن، دەپ قالارمۇ، دەپ ئەندىشە قىلىمەن، بىر تۇرۇپ ئۇ خېلى ئاق- قارىنى پەرقلەندۈرىدىغان كادىردەك قىلىدۇ، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ بىزنى تېخى غېرىب- سەنەم، تاھىر- زۆھرەگە ئوخشاتقان، ئۇنداقمۇ ئويلاپ كەتمەس دەيمۇ قالىمەن. يەنە تۇرۇپلا، ئۇ شۇ چاغدا مېنى سۆزلىتىش ئۈچۈنلا شۇنداق گوللاپ ماختاپ قويغان بولمىسۇن دەپ قالىمەن، كاللام مۇشۇنداق ئويلار بىلەن گادىرماش بولۇپ كەتتى، ھەممىنى قىلغان سىلى، مەن شۇ ۋاقىتتا ھېچقانداق ئىش توغرىسىدا ئېغىز ئاچمايمەن دەپ شۇنداق چىڭ تۇرسام، سىلى، بەختاخۇنغا ئۇۋال بولۇۋاتىدۇ، سىلى «گۇۋاھلىق بەرمىسلە ئۇ بىچارە بىكاردىن-

بىكار قارىلىنىپ كېتىدۇ» دەپ ئېغىز ئاچۇرۇپ ئاخىرىدا ئىشنى يوغىنىتىپ، دېمىگەن گەپ، يازمىغان خەت قالمىدى“ دېدى ھەمدە قۇناخۇن بىلەن شۇنچە يىل سىر تۇتۇپ كەلگەن ئىشىنىڭ ئەمدى يېيىلىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى، ھەم مېنىڭدىن ئاغرىنغانلىقىنى ئېيتتى، مەن زۆھرەخانغا : ” ئۇنداق ئويلاپ كەتمىسىلە، سىلى ساپ ئايال، ئاق كۆڭۈل، دىيانەتلىك، مۇھەببەتكە سادىق ئايال، ئۇ ئادەمنىڭ مۇھەببەتكە سادىق ئايال بىلەن شاللاق، بۇزۇق ئاياللارنى پەرق ئەتكۈچىلىكى بار، ئاتام زامانىسىدىن تارتىپ ئىككىڭلاردەك ئاشىق ـ مەشۇقلاردىن مەيلى ھۆكۈمەت، قانۇن ياكى خەلق بولسۇن بۇزۇقلار دەپ قارىغان ئەمەس. شۇڭا ئاخىرەتتىمۇ سىلىگە سوراق كەلمەس“ دەپ ئۆزۈم بىلگەن گەپلەر بىلەن كۆڭلىنى تىنچلاندۇرۇپ قويغانىدىم. مەن چىقىپ كەتكىلى تۇرغاندا زۆھرەخان:” مەن ئۇ بالامنىڭ ماڭا سىلى دېگەندەك بۇ ئىشقا تولغرا قارايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، خۇدايىم بۇيرۇسا“ دەپ كۆز يېشى قىلدى، ــــ دېدى مەھەممەت ساۋۇر ئاخىرقى بۇ گەپنى ئۆزى ياساپ چىقىپ.

ــــ ئەمدى ئۇنىڭ ھېكايىسىنى يازسام بولىدىكەن ـ ھە، ــــ دېدى قېيۇم سابىر، ئۇلارنى ئۆيگە قايتىپ كىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن چىقىپ، ئىشىك ئالدىدا تۇرغان مۇئاۋىن ھاكىمغا مانا، ھازىر دەپ ئىشارە قىلغاچ.

ـ بۇ دېگەنلىرىنى چۈشەنمەي قالدىمغۇ، ــــ دېدى مەھەممەت ساۋۇر.

ــــ بىز كېتىدىغان چاغدا زۆھرەخان ئاچام بىلەن ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشكەنىدىم، ئۇ مېنى ئۈزۈتىپ چىقىۋېتىپ :” بالام ئاڭلىسام مەھەممەت ساۋۇرغا بۇ ئىشلارنى كېيىن ھېكايە قىلسام بولغۇدەك دەپلا، ھېكايە دېگەننى مەنمۇ بىلىمەن، ھېكايە دېگەننىڭ يېرىمى راست، يېرىمى يالغان بولىدىغان نەرسە، ئادەملەرنىڭ

ئېتىنى ئۆزگەرتتىم دېگىنى بىلەن، شۇنىڭغا يېقىنلا ئاتلارنى قويۇۋالغاچقا يەنىلا چاندۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ. بولغان ئىشلارنى كۆپتۈرۈپ، بولمىغان ئىشلارنى توقۇپ چىقىپ، يامانغا ھەممە يامانلىقنى ئارتىپ، ياخشىغا ياخشى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قوشۇپ، كىشىلەر كىمنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەس قىلىۋېتىدىغانلىرىمۇ بار. ئەڭ ياخشىسى ئۇنداق قىلمىسىلا، ئەگەر زادى يازغۇلىرى كېلىپ كەتسە، مەن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن يازسىلا، بۇ ئىشلارنى مەنمۇ ئاڭلىماي قالاي، خەقلەرمۇ كىمنىڭ ئىشى، نەدە بولغانلىقىنى بىلمەي قالسۇن، شۇ ۋاقىتتا ئۇ ئاندىن ھېكايە بولىدۇ، قانداق، ھېكايىنىڭ نېمىلىكىنى ئاز-تولا بىلەمدىكەنمەن“ دەپ جېكىلىگەنىدى، — دېدى قېيۇم سابىر مەھەممەت ساۋۇرغا ئىزاھلاپ ۋە — ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇنىڭ ۋەسىيىتى ئىدى، — دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويدى.

— سىلىمۇ قۇناخۇندەك، ئۇ خوتۇنىنىڭ گېپىدىن چىقالمايدىغان بولۇپ قالغانمۇ نېمە، ئەمدى ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇندايمەن دېگىلى تۇردىلىغۇ، — دېدى مەھەممەت ساۋۇر ئەمدى بىر تال چىشىمۇ قالمىغان ئاغزىنى ھاڭدەك ئېچىپ، چاقچاق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بۇنى ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنداش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ رايىغا بېقىپ ئىش قىلىش دەيمىز، — دېدى قېيۇم سابىر ئۇنىڭ غولىغا قېقىپ قويۇپ.

— مەيلى، ئەمدى ھەر ئىككىسى ئۆلۈپ تۈگىدى، نېمە قىلىمەن دېسىلە ئۆز ئىختىيارلىرى، مېنىمۇ قوشۇپ يازسىلا، يېزىۋەرسىلە، مېنىڭ قورقىدىغان يېرىم بولمىغاندىكىن، — دېدى مەھەممەت ساۋۇر مەردانىلارچە قىياپەتكە كىرىپ، — ھاكىم سىلىنى ئالدىرىتىپ كەتتى، گەپلىرى تۈگىگەن بولسا مەن كېتەي، سىلى ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرسىلە، بۇ قېتىم ئوبدان كېلىپلا. بۇ ئۆز ۋاقتىدا ئۆزلىرى يېرىم يىلدىن ئارتۇق تۇرغان جاي، ھازىر ھەممىمىزنىڭ

ھال ـ كۈنى خېلى ياخشى بولۇپ قالدى. ئەمدى بىر ۋاق تاماق ئۆچۈن ئۆزىنى تەكشۈرىدىغان ئىشلار بولمىغاندىكىن، بىر، ئىككى كۈن تۇرۇپ مېھمان بولۇپ كەتسىلە، ھەممەيلەننىڭ سىلىنى بەك كۆرگۈسى كەلدى. ھۆرىخانمۇ سىلىنىڭ كەلگەنلىرىنى ئاڭلاپ، قادىر زۇجاڭنى ئۆيگە باشلاپ كېلىڭلار، بىزمۇ كۆرۈشەيلى دەپ قايتا ـ قايتا جېكىلىگەندى. ئۇمۇ قېرىپ كەتتى، ــ دېدى مەھەممەت ساۋۇر خوشلىششى ئالدىدا.

ــ قېنى قاراپ باقايلى، بەلكى بۇگۈن كەچرەك بولسىمۇ ناھ يىگە كېتىمىزغۇ دەيمەن. ئۇ يەردە ھەمراھلىرىم قالغانىدى. مېنىڭ بۇ يەردە باشقا ئىشىم يوق ئىدى. پەقەت ھەر قايسىلىرىنى يوقلاپ، بىر كۆرۈشۈپ كېلەي دەپ كەلگەنىدىم. يۈز كۆرۈشتۇق، مۇڭداشتۇق، ئەگەر پەتىلەپ بارالمىساق خاپا بولۇشمىسىلا، كۆرگەن ـ بىلگەنلەرگە سالام دەپ قويسىلا، ھۆرىخان ئاچامغا مەندىن سالام دەپ قويسىلا، ــ دېدى قېيۇم سابىر ئۇنىڭ بىلەن ئىككى قوللاپ ئۇزاققىچە قول سىقىشىپ.

Document generated by Anna's Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "NDAyMTIyMjYuemlw",
  "filename_decoded": "40212226.zip",
  "filesize": 12123450,
  "md5": "577a00523bc1eda56c1026f8a8218b47",
  "header_md5": "6986a540f9774f74761d9b71fb873365",
  "sha1": "699056cc6aa73162be945b88f6ecc2e623f5ecb0",
  "sha256": "91816ad6582db6f5235d11b8130d4cf521517e3ff36d63562c40aa91d3fd9812",
  "crc32": 3545906089,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 12278035,
  "pdg_dir_name": "\u2550\u00fa\u2553\u2550\u2593\u2557\u255f\u2591\u2561\u2500\u2500\u03a9\u2524\u00b7\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40212226",
  "pdg_main_pages_found": 196,
  "pdg_main_pages_max": 196,
  "total_pages": 202,
  "total_pixels": 780547932,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}